غ. ئو. زۇلپىقار

# شەرقىي تۈركىستان
# ئازاتلىق يولىدا ئىزدىنىش

(ئىلمىي، سىياسىي مەجمۇئە)

**(3)**

(كىتاپ تەمىنلەش مەنبەسى: ئەينەك تورى
www.eynek.biz/Torbaziri)

شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى

بۇ كىتاپنى بىرلا جۇملىگە

يىغىنچاقلاش مۇمكىن؛ كىتاپتىكى

بارلىق ماقالىلارنىڭ مەركىزىي

ئىدىيىسى پەقەت شۇلا: ئەگەر قايتا

تىرىلىمىز دەيدىكەنمىز،

ئىدىئولوگىك قۇرۇلمىمىزنى

يېڭىدىن بەرپا قىلىشىمىز شەرت،

بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىكى،

تەشۋىقات!تەشۋىقات! تەشۋىقات!

ھايات كۆرىشىدە يېڭىلگەن مىللەتلەر، بۇ كۆرەشتە ئەڭ ئاز قەھرىمانلىق نەمۇنىسى كۆرسەتكەنلەر ۋە يا پارازىتلارنىڭ ھىلىسىگە قۇربان بولغانلاردۇر. بۇ نۇقتىدا شۇنى دېمەك مۇمكىنكى، بۇ يېڭىلىش — ئەقىل كەمتۈكلۈكىدىن كۆرە، چىدام ۋە جاسارەت كەمتۈكلۈكىدىن كېلىپ چىققاندۇر.

— ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم»(تۈركچە نەشرى)

# مۇندەرىجە


بەزى «ئاشۇرىۋېتىش»لىرىم ھەققىدە ........................ 7

ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتەيلى! ........................ 19

*تەشكىللىنىش مەسىلىسى ........................ 20*

ئىستېتىك ئۆلچەملەردىكى ئاينىش ۋە يۆنىلەندۇرمە ........................ 32

مىللىي مۇستەقىللىق ئىدىيىمىزنىڭ ئاساسلىرى ........................ 41

بىر ئاز سىياسەت ئۆگىنەيلى ........................ 58

ئىستىخبارات ئېڭى — سىياسىي ھوشيارلىق مەسىلىسى ........................ 82

يەنە تەشۋىقاتنىڭ قۇدرىتى توغرىسىدا ........................ 90

ۋەزىيىتىمىز ھەققىدە تەھلىل ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ........................ 103

ئولىمپىك غەۋغاسىنىڭ ئىلھامى ........................ 116

چەتئەللەردە مىللىي كىملىكنى ئىپادىلەشنىڭ ئەقەللىي پۇرسەتلىرى .. 121

ئۇيغۇرلاردا پىكىر كاساتچىلىقى ........................ 127

خىتايلارنى پەس كۆرۈش روھىمىزنىڭ خاسىيىتى ........................ 133

ئۇيغۇرلاردا «مەن» ۋە «بىز»نىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش زۆرۈر ........................ 137

خىتاينىڭ دېموكراتىيىلىشىشى بىزگە نېمە ئېلىپ كېلىدۇ؟ ........................ 141

ھىندىيانلار ۋە ئۇيغۇرلار ........................ 153

«ئاپتونومىيە»چىلىك = تەسلىمچىلىك! ........................ 161

*سەپسەتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ........................ 161*

*بۆگۈنكىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىدا كۆرسۈتۈلگەن سەۋەبلەر ........................ 164*

*ئەسلى ھەققىي سەۋەبلەر ........................ 166*

«بىر كېمىدىكىلەرنىڭ تەقدىرداشلىقى»دىن تۇغۇلغان يېڭى ئىتتىپاق ......... 167
بۇلار مەلۇم بىر ئىدىيىگە ئىگە كىشىلەرمۇ؟ ......... 168
رەت قىلىش ئاساسلىرىمىز ......... 171
خەلققە خىتاب ......... 176
«داھى» ۋە تەشكىلات ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ......... 181
«...يۈزەكى مۇھاكىمە»نىڭ شەرھى ۋە مۇلاھىزىلەر ......... 191
قوشۇمچە (1) ......... 212
جاسۇسلۇقنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ......... 213
قىسقىچە چۈشەنچە ......... 213
ماۋزۇغا كىرىش ......... 215
تەشۋىقات ......... 218
«ئەركە بالا» ئۇسۇلى ......... 223
جاسۇسلۇق ......... 224
قارشى جاسۇسلۇق (قارشى ئىستىخبارات) ......... 226
ئاغدۇرمىچىلىق ھەركەتلىرى ......... 226
يالغان خەۋەر تارقىتىش ......... 228
كۈنىمىزدىكى ئىستىخبارات تەشكىلاتلىرىغا دائىر قىسمەن مەلۇماتلار 229
يىراقتىن RNM ئەسۋاپلىرى ......... 232
ئىنسان مېڭىسىدىكى EEG ئوقۇيالايدىغان ئالاھىدە EMF
جىھازى ......... 232
تېلېفون ئاڭلاش ......... 232
ئېلېكترونلۇق جاسۇسلۇق ......... 233
سىبەر ئىستىخبارات ......... 234
تېلېقۇلاق (Echelon) ......... 235
ئېلېكتروماگنىتلىق ۋە پسىخوترونىك ئوپېراتسىيىلەر ......... 236
قورقۇنۇچلۇق قورال — ئېلېكترومېخانىك بومبا ......... 236
زېھىن كونترولى ۋە ئىستىخبارات ......... 238

*ئېچىتىش ..........................................................................240*

**يەرئاستى تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇللىرى ـ 1 ............................244**

***ھېكايە توقۇش: .......................................................................244***

***مەخپىي يەر: ............................................................................248***

***«خەت ساندۇقى»: .....................................................................249***

**ئاخىرقى سۆز** ...................................................................................251

***قوشۇمچە(2) ..............................................................................253***

***شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك مەسىلىسى توغرىسىدا يۈزەكى مۇھاكىمە***

*..............................................................................................254*

***پايدىلانغان كىتابلار...................................................................269***

# بەزى «ئاشۇرىۋېتىش»لىرىم ھەققىدە

(كىرىش سۆز ئورنىدا)

ھازىرغىچە يازمىشلىرىمدا — كېيىنكى يىللاردىكى ئىنقىلاپ ھەرىكەتلىرىمىز ھەققىدە توختالغان ماۋزۇلاردا — تىلغا ئېلىنغان ۋە سەلبىي تەرەپكە يۆلەپ ئىپادىلەنگەن بەزى «تارىخىي شەخسلەر» توغرىسىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرىغا، شۇنداقلا مېنىڭ ئىلگىرىكى كىتابلىرىمنىڭ جىمىكى سەلبىيلىكلىرى كولاپ چىقىرىلغان گەپ-چۆچەك تېپىدىكى ئىنكاسلارغا جاۋاپ بېرىش زۆرۈرىيىتى ھېس قىلىنىۋاتىدۇ.

ئالدى بىلەن شۇنى دەپ قويۇشۇم كېرەك: ئىسمى زىكرى قىلىنغان ئۇ ئەپەندىلەرنىڭ ھېچ بىرى بىلەن يېقىن دوستلۇقۇم بولمىغاندەك، شەخسىي زىددىيىتىممۇ يوق؛ بار دېگۈچىلەر بولسا ۋە پالانى ئىش ۋەجىدىن ئۆچمەنلىك قىلىپ، شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دېگۈچىلەر بولسا، دېگەنلىرىنى دەلىللىسە، مەن يەنە شۇنىڭغا يارىشا جاۋابىمنى بېرىشىم مۇمكىن. ئەمدى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، مېنى «ئاشۇرىۋېتىش»تە ئەيىپلىگۈچىلەردە خالىسلىق بەكرەك ئاز: يا، ئۆزى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقان شەخس بىلەن خۇسۇسىي يېقىنچىلىقى، ئاغىنىدارچىلىقى،... بار؛ يا بۇ شەخسلەرنى سىرتتىن تونۇيدۇ، «داڭقىسى»نى كوچىدىن ئاڭلىغان ۋە «ئاشۇنداق ئۇلۇغ ئادەممۇ شۇنداق پوقنى يەرمۇ؟» تېپىدە مۇنازىرىگە ئارىلىشىدىغانلار.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شەخسىي مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىقىدىن ئادۋۇكاتلىق قىلماقچى بولۇۋاتقانلار خالىس ھېساپلانمايدۇ؛ بىۋاستە ئارىلىشىپ باقمايلا، ئاڭلىغىنى بويىچە پىكىر قاتناشتۇرماقچى بولۇۋاتقانلاردا بۇنداق سالاھىيەت يوق. يەنە بۇنداق خالىسلىقتىن يىراق بەزى ئەپەندىلەرنىڭ ئادەم باھالاشتىكى ئاجايىپ تۇتۇمىنى كۆزىتىدىغان بولساقمۇ، ئۇلارغا

ئىشىنىش بالىلىق بولىدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ: ئوخشاش بىر ئادەمنى ئۆزى بىلەن بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتىكى چاغدا «ئىنقىلاپچى» باھالىسا، مۇناسىۋىتى يىرىكلەشكەن ھامانلا «مۇناپىق» دەپ جاكالايدۇ.

ئەمدى ئەسلى گېپىمىزگە كېلەيلى. مەن ھەقىقەتەنمۇ خاتا قىلىۋاتامدىغاندىمەن؟ ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلىۋاتامدىغاندىمەن؟ بۇ سوئاللار ھازىرغىچىمۇ كاللامدا قويۇندەك پىقىراپ تۇرىدۇ. چۈنكى مېنى ئىككىلەندۈرۈپ قويىدىغان بەزى مىساللارغىمۇ دۇچ كېلىپ قالىمەن. مەن قانداق تەپەككۇر قىلماي، ھەر بىرىنىڭ ئاساسلانغان بىر مىسالى بولىدۇ، يەنى، يېقىن بولغاندا ياخشى ئادەم، يىراقلاشقاندا يامان ئادەم شەكلىدە ئەمەس. ئەمما، خاتا ئوتتۇرىدا ئىكەن، بۇ ئادەملەرنى ئاقلاشنىڭ چارىسى يوق. پەقەت، «دەرىجىسىنى چۈشۈرۈش» (يەنى، مۇناپىق، خىتاي غالچىسى، دەۋەتمەي، بىر ئاز يېنىكرەك قالپاق بېرىش) پىراكتىكىسى ئېلىپمۇ بارىمەن تەپەككۇرۇمدە.

لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھەر قېتىمدا يەنە ئاخىرقى خۇلاسە ئاشۇنىڭغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ مۇنداق، بىر قىمارغا ياكى سانلىق زېھىن سىناش ئويۇنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ: ئالاقىدار بىر تور بەت بار، sudoku. غەرپتىكى بەزى گېزىتلەردە سۇدوكۇدىن ھەركۈنى بىر ئويۇن ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىشقىلىپ، بۇ 81 كاتەكچىدىن ئىبارەت بولۇپ، بەزىلىرىدە سانلار بار، سان يېزىلمىغان بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش كېرەك. تىك تەرىپىمۇ توققۇز، كۆندىلەڭ تەرىپىمۇ توققۇز بولغان بۇ كاتەكچىلەرگە بىردىن توققۇزغىچە بولغان سانلار ھەر بىر كۆندىلەڭ قاتار ۋە تىك قاتاردا بىر قېتىملا ئىشلىتىلىپ تولدۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. يەنە ھەر ئۈچ- ئۈچلۈك گورۇپپىمۇ بار. تىك تەرەپ ئۈچ گورۇپپا، كۆندىلەڭ تەرەپ ئۈچ گورۇپپا. بۇنىڭدىمۇ سان تەكرارلىقى بولماسلىقى كېرەك. نەتىجىدە بۇ شۇنداق مۇرەككەپ تەلەپلىك ئويۇن بولغان بولۇپ، ھەر كاتەكچىگە چوقۇم بەلگىلىك بىر سان چۈشۈشى كېرەككى، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر سان ھەرگىز چۈشمەيدۇ: تىكىسىنى توغرىلىساڭ، كۆندىلەڭدىن، ئۇنى توغرىلىساڭ، ئۈچلۈك گورۇپپىدىن چاتاق چىقىدۇ.

خۇددى شۇنىڭدەك، ھېلىقى «تارىخي شەخسلەر» ھەققىدە ئىككىلىنىپ قالغان چاغلىرىمدا ئۇلارنى «بەك شۆھرەتپەرەست ئادەملەر بولغىنىدىن،

‹مېنىڭ راست› دەپلا مۇشۇنداق قىلدى» دەپ ئويلاپ باقىمەن. ياق، «كۆندىلەڭگە» توغرا كەلدى-يۇ، «تىككىگە» رەپ كەلمىدى! «نىيىتى ياخشى بولسىمۇ، بىلمىسىزلىكىدىن مۇشۇنداق بولدى» دەپ باقىمەن. بۇمۇ بەزى ئىشلىرىغا چۈشىدۇ، ئەمما بەزىلىرىگە رەپ كەلمەي قالىدۇ. «شەخسىي قارانىيەتچى، ‹قويمىچى› بولۇشى كېرەك، ھېسسىياتنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ، پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش ئويۇنى ئوينىغان!» بۇمۇ خېلىسىغا چۈشىدۇ، ئەمما يەنىلا بەزى ھەددى- ھەرىكەتلەرگە رەپ كەلمەيدۇ! دېمەك، ئاشۇ بەلگىلىك «سان» «بەلگىلىك كاتەكچە»گە چۈشمىگەچكە، ئويۇن يېشىلمەيدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىزدىنىش داۋام قىلىدۇ. ھەر يولۇققان يىپ ئۇچى ھېساپقا ئېلىنىدۇ. بىر كۈنىسى ھادىسىلەر (ياكى ھېلىقى ئويۇندىكى سانلىق كاتەكچىلەر) جامائەتكە سۇنۇلۇدۇ ۋە جامائەت بۇ ئويۇننى قانداق يېشىۋالسا ئۆزلىرىنىڭ ئىشى!

ئەمدى يازمىشلىرىم ھەققىدىكى ئىككىنچى تۈرلۈك ئىنكاس: ھەممىنى ئىنكار قىلىش!

بۇ «ئىنكاس»لارمۇ ھېچقاچان يېزىقتا ئىپادىلىنىپ باقمىدى. مېھماندارچىلىق داستىخانلىرىدا، ئورمان سەيلىسىدە كاۋاپ يېگەچ، يېقىنلارنىڭ غەيۋەت سورۇنلىرىدا، ئەڭ ئاممىۋىي تۈس ئالغىنى پەقەت توردىكى «پىت بازارلىرى»دا نامسىز تىللاش شەكلىدە. ئەسلىدە بۇ قەدەر بىچارىلىككە جاۋاپ بېرىپ ئولتۇرمىساممۇ بولاتتى، چۈنكى بۇنداق چۈپرەندە «ئېغىز ئوبزورلىرى»نىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن! «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك، بۇنىڭغا يۆلەپ يەنە بەزى بىر گەپلىرىمنى دەۋېلىش زۆرۈرىيىتىدىن بۇنداق بىر جاۋاپقا ھازىرلىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

كۆپچۈلۈك ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەن تور بېتىمدە ماقالە ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆز ماقالىلىرىمغا قارشى بىر بەس- مۇنازىرە بارلىققا كەلتۈرۈشكە، تەنقىد ئاڭلاشقا، «چاۋامنى چىتقا يايدۇرۇش»قا ئۇرۇنۇپ، كۆپ قېتىم مۇراجەتلەردە بولۇنغان بولۇشۇمغا قارىماي، ھېلىقى، قوسىقى تويغاندىن كېيىن تاماق سىڭدۈرگەچ، ئۇلۇغۋار قۇرۇق گەپلەرنى قىلىدىغان جاناپلار ياكى خېنىملارنىڭ ھېچبىرىدىن سادا چىقمىغان ئىدى. «ئۆزەمنى تىللاتماقچى

بولۇش»تەك تەلۋىلىكىمدىن مەخسىتىم: بەس- مۇنازىرە ئارقىلىق سىياسىي ئىستىقبالىمىزنىڭ ئەڭ توغرا يولىنى، ئەڭ توغرا مېتودىنى تېپىپ چىقىش؛ ھېچ بولمىغاندىمۇ، بۇنداق ئىلمىي بەس-مۇنازىرە ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلىگىلى بولۇدۇ، دەپ ئويلايتىم. بىر-بىرىگە قارشى ئىككى خىل پىكىر ياكى بىر پىكىرنى تەنقىد قىلغان، مۇھاكىمە قىلغان، مۇئەييەنلەشتۈرگەن،... يەنە بىر ماقالە بولغاندىلا ئوقۇغۇچى ئۈچۈن «تاللىق باغ» بولغان بولۇدۇ. ئۇ، ئۇ يەردىن بىر ھەقىقەتنى تاللايدۇ. بەلكىم بىر نەچچە قېتىم خاتا تاللاپ تۇمشۇقىغا يەر، ئەمما ئاستا-ئاستا توغرىغا ھۆكۈم قىلىشنى ئۆگىنىدۇ؛ سىياسىي كاللا پەيدا بولۇدۇ. بىرلا گۈل، بىرلا رەڭ، بىرلا كۆز قاراش،...نىڭ بۇنداق جەلپ قىلىش كۈچى بولمايدۇ، تەربىيىلەش رولىدىنمۇ سۆز ئېچىش تەس. مانا شۇ نىيەتلەرگە كۆرە مەن ھەركىمنىڭ «ھەر تەرەپكە تارتىپ، تىتىۋېتىش»ى ئۈچۈن ماقالىلىرىمنى ئوتتۇرىغا تاشلىغان بولسامۇ، بىر ئىلمىي ئىنكاس بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنى شۇ بويىچە مۇقۇملاشتۇرۇپ، كىتاپ قىلىپ نەشىر قىلىشقا توغرا كەلگەندى.

دۇرۇس، بەزى تەنقىدلەر بولۇندى دېيىلسىمۇ، بۇ «تەنقىد»لەرنىڭ شىددىتىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا قىلچىلىك خالىسلىق بولمىغىنى، «يالىقىنى قوغداش» تىپىدا، كۆز قاراشقا ئەمەس، شەخسكە قارشى مەيداندا تۇرۇپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئېتىۋارغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارىمىدىم. دوسلۇرۇممۇ ماڭا بۇنداق «تەنقىد»لەر ھەققىدە «پوققا چالما ئاتماسلىق» يولى تۇتۇشۇمنى تەۋسىيە قىلىشقان ئىدى، كونىلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىكى ھەقىقەتنى سەل چاغلىغاندەك، «پوققا چالما ئېتىش» خاتالىقىنى ئۆتكۈزۈپمۇ قالغانىدىم ۋە بۇنىڭ «چاچرانىدىلىرى» ئەتراپنى بىر ئېلىپ، بۇ ھېكمەتنى يەنە بىر قېتىم دەلىللىدى.

«ھەممىنى ئىنكار قىلىش» توغرىسىدا پەقەت شۇنى دەيمەن: ئەمىسە مۇئەييەنلەشتۈرگۈدەك نېمە بار؟ سىز جانابىي تەخسىر ماڭا كۆرسۈتۈپ بېرەلەمسىز؟ بۇنى دېگۈچىلەر ئاساسەن بىرەر «مەنسەپتە» ئولتۇرغان چوڭلار بولۇپ، ئۇلار ئەسلىدە ماختىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ماختاي دېسەڭ، ماختىغۇدەك

بىر ئىش ئوتتۇرىدا بولمىسا، ئۇردا شائىرلىرىدەك، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپىقىيەتسىزلىكلىرىنى غالىبىيەت دەپ ماختىشىم كېرەكمىدى؟ بۇنداق ماختىلىش تامايى، رىياكارلىقتىن بولۇپ، ئەگەر سەممىمىي نىيەتتە ۋەتەن ئۈچۈن ئىش قىلىدىغان ئادەم، ماختىلىشنى ئەمەس، قىڭغىر كەتكەن يەرلىرىنىڭ كۆرسۈتۈپ بېرىلىشىنى تېخىمۇ بەك ئارزۇ قىلغان بولاتتى، كەمچىلىكلىرىنى تۈزۈتۈپ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىش قىلىش ئۈچۈن.

قايتا-قايتا شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىۋاتىمەن: ئەگەر بىر تىجارەتچى بىر يەردىن ياڭاق ئەكىلىپ سېتىشقا جابدۇۋاتقان بولسۇن (بۇ بىر مىسال)، كوچىدا شۇ مەھەللىنىڭ دەلدۈشلىرىدىن بىرى ئۇچراپ:

— ئاڭلىسام سىز بىر يەردىن ياڭاق ئەكىلىپ سېتىشقا جابدۇنۇۋېتىپسىز، ھەرگىز شۇ يوقنى يېمەڭ! — دەپلا ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، بىز بۇ تىجارەت ھەققىدىكى پىلانىمىزدا بىر ئويلىشىلمىغان چاتاقنىڭ بارلىقىنى ھىس قىلىمىز ۋە ھېلىقى دەلدۈشنى «ئۇنداق دەلدۈشلەر دەۋرەمەمدۇ!» دەپ ئىشىمىزنى داۋام قىلىشتىن قاتتىق ئېھتىياتتا بولىمىز. دەلدۈشنىڭ نېمىشكە ئۇنداق دېگەنلىكىنى، قانداق بىر زىياننىڭ ئۈچۈرىنى بىلىدىغانلىقىنى سوراپ دېگۈزمەستىن كۆزىمىزگە ئۇيقۇ كىرمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ تىجارىتىمىز جانجان مەنپەئەتىمىز! زىيان تارتىشتىن قورقۇمىز. ئەمما نېمىشكە مىللەتنىڭ بىر ئىشىنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلار مانا شۇنداق ئەستايىدىل ئەمەس؟ نېمىشكە ئىنكاسلارغا، تەنقىدلەرگە قۇلاق سالمايدۇ؟ شۇنىسى ئەمدى بەك ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك بولۇدۇكى، ئۇلار بۇ ئىشنى جانجان مەنپەئەتىم دەپ قىلىۋاتقان ئەمەس! يەنى، رىياكارلىق، نام-ئاتاق چىقىرىۋېلىش ياكى ۋاقىتلىق پايدا قازىنىش، شەخسىيەت،... قىسقىسى، نىيەتتىكى ناپاكلىق!

كۆپچۈلۈكنىڭ سەمدە بولسا كېرەك، مەن پىسخىكىمىزدىكى پىرىنسىپسىز ماداراچىلىق، «دىپلوماتچىلىق»نى تەنقىد قىلغانىدىم. بىر ئەقەللىي ئۇقۇم شۇكى، كىشى ئۆزى تەشەببۇس قىلغان ئىشقا ھېچ بولمىسا ئۆزى ئەمەل قىلىشى كېرەك، بولمىسا ئۆزىگە ئۆزى قارشى تۇرغان بولۇپ قالىدۇ، «ئەتى- مەتى يوق» سانىلىدۇ. مەن بىزدىكى پىرىنسىپسىز ياخشىچاقلىقنى

تەنقىد قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۆزەم ھەممىگە ياخشى كۆرۈنۈش خىيالىدا ماداراچىلىق قىلسام، مۇناپىقلىقنىمۇ كۆرمەسلىككە سالسام، «يامان بولۇپ قالسام مېنى تۆرىگە چاقىرىدىغانلار ئاز قالارمىكىن» دېگەن تاما بىلەن ياخشىچاقلىق قىلسام، ئۆزەمنىڭ پىرىنسىپىغا ئۆزەم قارشى تۇرغان بولۇپ قالمامدىمەن؟ مەيلى شۇ يامان كۆرۈپ قالغانلار كېيىن مېنى «ئۇلۇغ...» دەپ ماختىمىسا ماختىمىسۇن، ئەمما ھەقنى دېيىشتىن ھېچ چېكىنمەيمەن. كۆپچۈلۈككە ئايان بولغىنىدەك، ھەممە ئادەم ئۆزىگە گويا ھەق ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ھەق گەپ قىلغان ئادەمنى يامان كۆرۈش دۇنيا دۇنيا بولغاندىن بېرىلا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھەتتا ئاللاھنىڭ ھەقىقىتىنى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلەر نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى؟

ھەقنى سۆزلەپ يېتىم قېلىش ھېچقاچان ھەقنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلاشتۇرالمىدى، قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتەلمىدى!

ماختىلىش تامايىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى، «‹سەن چەتئەلدە ئىشنىڭ تايىنى يوق›، دەپ ۋەتەن ئىچىدىكىلەرنى ئۈمىدسىزلىككە پاتۇرىۋاتىسەن» دېگەن قالپاق. دېمەك، ۋەتەن ئىچىدىكىلەرنى ئېمىزگىلەر بىلەن گوللاپ، سىرتتا بىر ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، يېقىن ئارىدا ئازاد بولۇمىز... دېگەن ئالۋۇن مىسالى ئۈمىدلەرگە باغلاش كېرەككەن! ئالداش، بىغەم، خاتىرجەم تۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەككەن! بىخۇدلاشتۇرۇش كېرەككەن! بۇ قانداق مەنتىقە؟ ئەپەندىلەرنىڭ بۇ نەزىرىيەلىرىنى بىر ئاز شەرھىيلىشنى بەك ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭچە كۆپچۈلۈكمۇ شۇنى كۈتسە كېرەك. چۈنكى يالغاننى ئاتماق ئاسان بولغاندىكىن، بۇ تازا بىزگە باپ كېلىدىغان كۆرەش يولى بولاتتى-دە، بىراق، بىز ئۇنىڭ قانداقسىگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىغىلا ئىشەندۈرۈلسەك!

ئۈمىدسىزلىكنىڭ روھىي جەھەتتىن يىمىرىلىشكە سەۋەپ بولۇدۇغانلىقىنى بىلگۈدەك ھالىم بار. ئەمما بۇ ئۈمىد بىرەر مەنتىقىلىق سەۋەپكە تايانغان بولۇشى، ھېچ بولمىغاندا مەنىۋىيەتكە بىر ئەقىدىنى، بىر ئىدىيىنى چىڭ ئورناشتۇرۇش ئاساسىغا بەرپا قىلىنغىنى ياخشى، ھەرگىزمۇ «چەتئەللەردە ۋەتەن ئازاتلىقى يولىدىكى كۆرەشلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ كەتتى»، دېگەن يالغانلارغا گوللاش ئارقىلىق پەيدا قىلىنغان، ئىشەنچىسىز

ئۈمىد بولماسلىقى كېرەك! (بۇ ھەقتە كىتاب ئىچىدە يەنە تەپسىلىي توختۇلۇمەن).

«مىللەت يوقۇلۇۋاتىدۇ»، دېگەن جاكالىرىمدا مەن نېمە دېمەكچىدىم؟ بۇنى توغرا نىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى قارشى ئالدى. يەنى، بۇ كىشىنى چۆچۈتكىدەك مۇدھىش رېئاللىقتىن سەسكىنىپ ئۇيقۇلىرىنى ئاچقانلىقى، مەسىلىگە شۇ دەرىجىدە جىددىي قارالمىسا، ھاڭۋاقتىلىق بىلەن، ھەرىكەتسىز، تەدبىرسىز ئولتۇرۇۋەرسە چاتاق چىقىدىغانلىقىنى بىر قېتىم تونۇشتى. «مىللەت يوقالمايدۇ!» دېگەن ئۇلۇغۋار جاكانى دەپ قويۇش نەقەدەر ئاسان؟ خوش، قانداق؟ يوقالمايدىغانىنىڭ شەرتلىرى، ئاساسلىرى نېمىلەر؟ بۇنى ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەر بىلەن، سۆز ئويۇنۇتۇش يولى بىلەن ئەمەس، كونكرېت، ئەمەلىي، جانلىق مىساللار بىلەن كۆرسەتمەك ئەلۋەتتە ناھايىتى ياخشى بولاتتى. ھېچ بولمىسا بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىققان ھالدا بولسىمۇ بىر ئاساس، سەۋەپ، مەنتىقىي، ئەقلىي (ئەمەلىي بولمىسىمۇ) ئاساس، مەسىلەن: «ناۋادا خىتايلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ، بىزنى يوقىتىۋەتمەي قالسا،...» دېگەنچىلىك بولسىمۇ سەۋەپ كۆرسىتىلىشى كېرەك ئىدى. «ئەسكى تامدىن ھوشۇر چىققاندەك، تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك»لا بۇنداق جاكانى جاكالاشنىڭ پايدىسى نېمىدە؟ ھېچ بولمىغاندىمۇ قۇرۇق ئۈمىدلەر بىلەن خەلقنى گوللاپ تۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار پايدىلىرى بولسىمۇ شەرھىيلەنسە بىز شۇنىڭ بىلەن خۇددى ھېسامىددىنىنىڭ دېگىنىدەك: «بەربىر يالغان بولغاندىكىن، پىخسىقلىق قىلماي، يوغان- يوغان ئاتە!» دەپلا ئېتىشىمىزنى باشلاپ كەتسەك، بۇ ئىشقا بەكرەك يارايدىغانلىقىمىزغا كۆزۈم يېتىپ تۇرىدۇ. يەنە شۇنىمۇ قوشۇپ قوياي: مەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولىشىغا ئۈمىدۋار قارايمەن. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ كوتۇلداپ يۈرگەن جاناپلارنىڭ پەدىسىدە قۇرۇقتىن- قۇرۇق ئۈمىد ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەلۇم ئاساسلىرىنىمۇ كۆرسەتتىم ۋە كۆرسىتىۋاتىمەن. مەسىلەن: ئالدىنقى جىلدتا بېرىلگەن «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنىڭ مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدا بۇنىڭ سىياسىي جۇغراپىيە جەھەتتىن قانداق ئاساسى بارلىقىنى كۆرسۈتۈشكە تىرىشتىم؛ يەنە جاسۇسلۇقنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى توغرىسىدا

توختالغان ماقالىمدە بۇنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن مۇمكىن قىلىدىغان يوشۇرۇن ئامىللار بارلىقىدىن بىشارەت بېرىشكە تىرىشتىم. يەنە، بەزى ماقالىلىرىمدا بىر كۈچلۈك مەنىۋىيەت تىكلەش ئارقىلىق، ئۈمىدنى يوقاتماي قەددىمىزنى پۈكمەي ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى، بۇ مەنىۋى ئۈمىدنىڭ دىنىي ئەقىدىمىز ئاساسىغا بەرپا قىلىنىشىنىڭ شەرتلىكىنىمۇ دەپ ئۆتكەنىدىم. ھەرھالدا ئۈمىدكە سەۋەپ كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتىمەن. ئەمما سىز — مېنى ئۈمىدسىزلىكنى تەرغىپ قىلىش قالپىقى بىلەن تارتۇقلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقان جاناپلار — «ئۈمىد»لىرىڭىزگە بىرەر ئاساس كۆرسىتىپ باقتىڭىزمۇ؟

بەزىلەر مېنىڭ تەنقىدلىرىمنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسىنى قەستەن بۇرمىلاپ، پەسكەشلەرچە، يۈرتۋازلىق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈپ، جامائەتنىڭ دىققىتىنى بۇرىۋېتىشكە ئۇرۇندى. ئۇلار تەنقىدلەر ئىچىدە يۇرتلۇقلۇرۇمدىن بەزىلىرىگىمۇ تېگىۋاتقىنىنى كۆرمىگەن ياكى ئەسلى مەخسىدى شۇم بولغىنى ئۈچۈن قەستەن كۆرمەسلىككە سالدى ۋە: «پالانى ھەققىدە نېمىشكە يازمايسەن؟» دېيىشتى. مەن تەنقىدلىرىمنى چاكىنىلاشتۇرىۋېتىشنى خالىمىدىم: باشقىلارنىڭ دىققىتى سىرتىدا قېلىۋاتقان ياكى «دىپلوماتلىق» بىلەن كۆرمەسكە سېلىنىۋاتقان ۋە ياكى جىددىيلىك دەرىجىسى دىققەتتىن چەتتە قېلىۋاتقان، ئەمما ناھايىتى موھىم، پىرىنسىپال مەسىلىلەر ھەققىدە يېزىۋاتىمەن. ھەممە ئادەم بەس-بەستە تىللاۋاتقان، تىللىيالاۋاتقان، ئەسكىلىكىنى كۆرەلەۋاتقان، ئاللىقاچان «ئۇر!- ئۇر!»غا قالغان بىرسىگە مېنىڭمۇ تىغ كۆتۈرۈپ چىقىشىم شەرتمىدى؟ مەنمۇ «يىپ بازىرىدىكى تەنقىدچى»لەر سېپىگە قوشۇلۇپ، ئۆزەمنى چۈشۈرۈشۈم كېرەكمىدى؟ ئەگەر كۆپچۈلۈكتە خۇددى شۇ قىزغىنلىق ھەرزامان، باشقا ھەر تۈردىكى پىرىنسىپال مەسىلىلەرگىمۇ شۇنداق سەزگۈر بولغان بولسا، باشقا ھەرقانداق «ئۇلۇغ»لاردىن ئەيمەنمەي، خۇددى شۇ قىزغىنلىق بىلەن تۈشمۇ-تۈشتىن تالىشىدىغان بولسىدى، بۇ قەدەر كۆپ تەنقىدنى خۇددى كۆتىرە ئالغاندەك مەنلا قىلىشقا توغرا كەلمىگەنمۇ بولاتتى.

بۇ داشقايناق مەزمۇنلارنىڭ ئومۇمخورى بولمىش ماۋزۇنىڭ يەكلىمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ، يەنە شۇ مەسىلە ھەققىدىمۇ ئىككى ئېغىز

گەپ قىلىپ ئۆتۈمەن: بۇ تەنقىدلىرىمنىڭ ئوچۇق جاكالىنىشى زىيانلىقمۇ؟ پايدىلىقمۇ؟ دېگەن مەسىلە.

بەزى سەممىمىي دوستلار بۇنداق مەسلىھەت بېرىشتى. تەنقىدلەرنى ئاممىۋىي شەكىلدە ئېلان قىلماي، تەنقىد ئوبيېكتلىرىنىڭ ئۆزىگە بىۋاستە خەت يېزىش، تېلېفون قىلىش، چەتكە تارتىپ قۇلىقىغا پىچىرلاش يولى بىلەن قىلساق تېخىمۇ پايدىلىق بولماسمىدى؟ جامائەت ئالدىدا، ئاممىۋىي تۈستە تەنقىد قىلىنغاندا، تېخىمۇ جەھلى قېتىپ، تەتۈرلىكى تۇتسا، كۆزلىگەن نەتىجىنى بەرمەي، تەتۈر نەتىجە بەرمەسمۇ؟

بۇ سەممىمىي پىكىر ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆڭۈلدىن ئېيتىلغان. ئەمما مېنىڭ جاۋابىم: مەن تەنقىد ئوبيېكتلىرىنىڭ تەنقىد ئارقىلىق ئۆزگۆرۈدۇغانلىقىدىن ھېچ ئۈمىد كۈتمەيمەن. چۈنكى كەچمىشىمدە ئايرىم مەسلىھەت بەرگەن ۋە شۇنىدىمۇ دۈشمەنلىككە ئۇچرىغان تەجرىبىلىرىم بولدى. بىۋاستە ئۆزىگە دېيىش، تېلېفون بىلەن دېيىش، يېقىنلىرى ئارقىلىق «سالام» ئېيتىش شەكىللىرىنىڭ كۆپىنى قىلىپ باقتىم، ھېلىمۇ بەزىلىرىگە قارىتا داۋام قىلىۋاتىمەن. ئەمما شۇنىڭغا كۆزۈم يەتتىكى، بۇ ئادەملەردىكى ئۇلۇغلۇق تاماسى، رىياكارلىق، مەنمەنلىك، بىنورمال شۆھرەتپەرەسلىك،... ئۇلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر-مەسلىھەتلەرگە قۇلاق سېلىشىغا يول قويمايدۇ. بۇنداق قاتتىق بويۇنلۇق ئادەملەرنى تەنقىدلىرىم بىلەن ئىشلىرىغا تۈزۈتۈش بېرىدۇ، دېگەندىن تامامەن ئۈمۈدۈم ئۈزۈلگەن. شۇ سەۋەپتىن، بۇ خاتالار ھەققىدىكى تەنقىدىي مۇلاھىزىلىرىمنى ئاممىۋىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق، كېيىنكىلەرگە ساۋاق قىلىشنى مەخسەت قىلدىم. يەنى كېيىنكى لېدىر (بۇلار ئۇنىڭ ھەققىدە بولمىغاچقا تېرىكىپ كەتمەي)، «ھە، بۇنداق قىلىش خاتا بولىدىكەن، قارشىلىققا ئۇچرايدىكەن،...» دەپ دىققەت قىلىدىغان بولۇرمىكىن، دېگەننى ئۈمىد قىلىۋاتىمەن؛ باشقا ئەپكار ئامما ئۈچۈن سىياسىي ھەققىدىكى ئاددىي ساۋات بولۇپ، بىر ئاز مەسىلە مۇلاھىزە قىلىش خاراكتېرى يېتىلدۈرۈشكە پايدىسى بولار دېگەننىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەنقىدلەرنى «قۇلىقىغا پىچىرلاش» شەكلىدە دېمەيۋاتىمەن. تەنقىد ھەققىدىكى تونۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئىلگىرىكى كىتابىمدىمۇ قىسمەن توختالغان ئىدىم.

يەنى، بىر ئادەم ئۆزى ئاغزىدا دەپ يۈرگەن (يۈرىكىدىمۇ بارمۇ-يوق، جەزم قىلماق تەس) سىياسىي غايىسىگە پايدىلىق تەنقىتنى تەتۈرىگە ئىلىپ، تىخىمۇ قاشىيىپ، دىيىلگەننىڭ تەتۈرىنى قىلسا، بۇ ئادەم بىلەن ئاشۇ دەپ يۈرگەن غايىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى نىمە دەپ باھالىساق بولار؟ مىنىڭچە ئەمدى بۇ نۇقتىدا چۈشەنچە بىرىش يىتەرلىك بولدى.

يەنە بىر مەسىلىمۇ بار. مىنىڭ مۇلاھىزىلىرىمنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ياكى چۈشۈنۈلۈشى مەسىلىسى.

بىر مۇلاھىزە مەڭگۈ پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان ھەقىقەت بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىر مەزگىللىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ مۇئەللىپىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى چۈشۈنۈشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شۇ مەزگىلدىكى مۇناسىۋەتلىك ئامىللارغا باغلىق: شۇ مەزگىلدىكى كەيپىيات، سەۋىيە، ئىرىشىلگەن خام ماتىرىيال، ھەتتا خۇسۇسىي مايىللىق،... قاتارلىقلارنىڭ مۇقەررەر تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ.

شۇڭا ئۇنىڭغا قاراشتا «مىنى (بىزنى) قوللاپتۇ» دەپ خۇرسەند بولۇشىمۇ بالىلىق بولغاندەك، «ماڭا (بىزگە) قارشى تۇرۇپتۇ»، دەپ چىچاڭشىپ كىتىشىمۇ ئوخشاشلا بالىلىق بولىدۇ. بىر مۇلاھىزە (ياكى ئوبزور)نى بىر گۈل دىسەك بولىدۇ: چاقىقاق ھەرىلەر ئۇنىڭدىن زەھەر يىغىدۇ، ھەسەل ھەرىسى شىرنە يىغىدۇ؛ گويا ئۇنى سۇ دىسەك، بىر باغدىكى مىڭ تۈرلۈك مىۋە ئوخشاش سۇنى ئىچىمۇ، ئۆزىگە خاس تەم بىلەن مىۋە بىرىدۇ. يەنى، قوبۇل قىلغۇچى ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىدۇ؟ بۇ پايدىلانغۇچىغا باغلىق ئىش. بىر ئادەمدە ئىجادىي كاللا بولسا، ئۇنىڭغا كۆرسىتىلگەن رەڭ قاپقارا بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئاپپاق رەڭنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئىجادىي تەپەككۇر ئۇنىڭ ئەكسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىمكان بىرىدۇ.

نورمالدا ساۋاق (دەرس) ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئىجابىي ساۋاق، توغرىدىن-توغرا نەق مەھسۇلات؛ سەلبىي ساۋاق، تەتۈرىسىچە پايدىلىنىدىغان مەھسۇلات.

مۇلاھىزە - ئوبزورلار ھەققىدە شۇنداقراق چۈشەنچىدە بولۇنسا بارلىق خاپىلىقلار تۈگىگەن بولاتتى.

ھەركىم شۇنى بىلىدۇكى، بىر مىۋىنىڭ شوپۇكى بولىدۇ، ئۇرۇقى بولىدۇ.

بۆلارنى ئىلغىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ يەيدىغان يېرىدىن پايدىلىنىمىز. بۇغداي تېرىساق، ئۇنىڭدىن نەق نان چىقمايدۇ. سامنى بار، چالىرى بار. بۆلارنىڭ ھەممىسىدىن ئادالىغاندىن كېيىنمۇ تېخى نەقلەشمەيدۇ، تۈگمەندە تارتىپ ئەكەلسەك، يەنە تاسقاپ بىرمۇنچە كېپەكنى چىقىرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. تەنقىدىي ماقالىلار، مۇلاھىزىلەر، كىتاپلار ھەققىدىمۇ ئەنە شۇنداقراق مۇئامىلىدە بولۇنسا، ھەممە خاپىلىق تۈزەلگەن بولاتتى.

تەنقىدكە بىزدەك بۇنداق تەتۈر پوزىتسىيە تۇتىدىغان باشقا خەلقلەر ناھايىتى ئاز. ھەممىمىز پەقەتلا ماختىلىش تاماسىدا. دۇنياغا مەشھۇر كىشىلەر ھەققىدە، دۆلەت سوراۋاتقانلار ھەققىدە نېمە گەپلەر بولۇنمايدۇ؟ ئەگەر ئۇلارمۇ مۇشۇنداق چىچاڭشىپ كېتىدىغان بولسىدى، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى تۈگىگەن بولاتتى؛ بۈيۈك ئىشلارنى قىلىدىغان نۇرغۇن ۋاقتىنى زايا قىلغان بولاتتى.

قىسقىسى، شۇنىسى رېئاللىقكى، مەن گويا كاسساندرا[1] نىڭ كۈنىگە قالدىم. قانداقتۇر بىر ئاپوللونىڭ قارغىشى تۈپەيلى، سۆزۈم توغرا بولسىمۇ قوبۇل قىلىنمايۋاتىدۇ. ئەنە شۇ «ئاپوللو»نىڭ كىملىكى، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى بولسا كېرەك!

ئالدىنقى كىتاپتا خەلقىمىزنىڭ ئىستىخبارات تۇيغۇسىغا كىچىككىنە بولسىمۇ پايدىسى بولارمىكىن دەپ، ئىزدەنگەنلىرىمدىن تۈگەللەنگەن ئازراق مەھسۇلاتىمنى سۇنۇپ باققان ئىدىم، ئومۇمەن ياخشى ئىنكاسلار بولدى. شۇنىڭ ئىلھامى بىلەن بۇ كىتاپتا تېخىمۇ كەڭراق ئىزدىنىپ، بۇ نۇقتىدا بىر باشلانغۇچ ساۋات بولسۇن دەپ ئويلۇدۇم. شۇنىسىمۇ باركى، بۇنىڭغىمۇ «ئۆزى جاسۇس بولۇپ باقمىغان بولسا، جاسۇسلۇق ھەققىدىكى بۇ مەلۇماتلارنى نەدىن بىلەتتى؟... » تېپىدىكى خۇددى «ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك» «ئىنكاس»لارمۇ بولۇدۇغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، يەنىلا زور كۆپچۈلۈكنى نەزەردە تۇتقاندا يەنىلا بۇ تېمىنى موھىم دەپ قارىدىم.

---

[1] كاسساندرا ـــ Cassandra ـــ يۇنان مېتولوگىيىسىدە تىرۇۋا پادىشاھىنىڭ قىزى، ئۇ ھەمىشە توغرا بېشارەت بېرىدىكەن، ئەمما ئاپوللونىڭ دۈشمەنلىكى تۈپەيلى ھېچكىم گېپىگە كىرمەيدىكەن.

يەنە بىر مەسىلە، يازمىلىرىمدا ئەمەل قىلىنۋاتقان ئىملا مەسىلىسى بولۇپ، بۇ يەردە شۇنى ئوچۇق دەپ قويۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇۋاتىدۇ. مەن مەملىكەتتە ئېلان قىلىنغان ئاخىرقى ئىملا قائىدىسىگە پىكرىم بولغاچقا تېخىچە تالاش-تارتىش قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. شۇڭا تىلشۇناسلىقنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىگە خىلاپ كېلىدىغان يەرلىرىگە، مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىمدە خاتا ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغان بەزى نۇقتىلاردا، ئومۇمىي تۈرك تىللىرى ئائىلىسىدىكى تىللارغا ئورتاق بولغان، ئەمما نېمىشكىدۇر كېيىنكى چاغلاردا بىز چەتنەپ كېتىۋاتقان بەزى نۇقتىلاردا ئۇ ئىملاغا ئەمەل قىلمايمەن. بۇ تېمىدا ئايرىم بىر ماقالىدە توختالدىم ۋە توردا ئېلان قىلدىم، شۇڭا بۇ كىتاپنىڭ مەزمۇنىغا جىددىي ئالاقىسى بولمىغان بۇ تېما ھەققىدە توختالمايمەن.

# ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتەيلى!

ئىنسان ئۆز- ئۆزىنى ياكى باشقا ئىنسانلارنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟ بۇنىڭغا بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئەلۋەتتە! دەپ جاۋاپ بېرىلىدۇ. ئەمما، قانداق؟ گەپ مانا شۇ يەردە. ھۆكۈمنى كەسمەكقۇ ئاسان، ئەمما ئۇنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇدۇغانلىقى مەسىلىسى، جىددىي تەرەپ.

ئىنسانلارنى مەخسەتكە ئۇيغۇن شەكىلدە ئۆزگەرتكىلى بولۇدۇغانلىقى ھەققىدە باشقا ماقالىلىرىمدا مىساللار بېرىپ توختالغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ يەردە يەنە ئۇنى دەلىللەشكە ئۇرۇنمىسامىمۇ، بۇ مەسىلە ھەل دېيىشكە بولۇدۇ. ئۆزگەرتىشكە بولۇدۇغانلىقى — ئۆزگەرتىلگەنلىكىمىز ئەقىللەردىن ئۆتسىلا بۇنىڭدىن نېمە قىلىشىمىزنىڭمۇ ئۇپۇقى كۆرۈنىدۇ. يەنى، دۈشمەن ئۆز غايىسىگە ئۇيغۇن شەكىلگە كەلتۈرگەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئەكسىنى نېمىشكە قىلغىلى بولمىسۇن!؟ يەنە بىر تەرەپىمۇ بار: قايسى تەرەپلىرىمىزنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى. تەبىئىيكى، نۆۋەتتە سىياسىي غايىمىزگە يېتىش يولىدا ئەڭ چوڭ توسالغۇ رولىنى ئويناۋاتقان ئاجىز تەرەپلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. بۇنداق بىر ئابىستراكىت جاۋاپىمۇ يەنە ئانچە كۈچ كەتمەيدىغان ئاسان نەرسە. گەپ بۇنىڭ كونكرېت جاۋاپلىرى: ئەڭ ئەجەللىك ئاجىز ھالقىلىرىمىز قايسىلار، ئەڭ ئەۋەل تۈزىتىشكە تېگىشلىكى قايسىلار،... بۇلارغا جاۋاپ بېرىش بىر ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس؛ ھېچ بولمىغاندىمۇ، بىر ماقالىدا پۈتكۈزگىلى بولۇدۇغان ئاددىي ئەمەس. بۇلارغا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە، ئوقۇغانلىرىمدىن ھاسىل بولغان ئىلھام ئارقىلىق كۆڭلۈمدە شەكىللەنگەن ۋە ھايات تەجرىبىلىرىم، كەچمىش-كەچۈرمۈشلىرىمگە سېلىشتۇرۇپ، ھىسسى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈلگەن دەسلەپكى تېزىسلىرىمنى سۇنۇمەن.

# تەشكىلاتلىنىش مەسىلىسى

تەشكىلاتلىنىش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن بەزى ماقالىلاردا ئىلگىرى بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشقان ۋە تەشكىلاتلىنىشنىڭ زۆرۈرىي شەرتلىرى ھەققىدە يۈزە توختالغان ئىدىم. بۇ مەسىلە بىزنىڭ سىياسىي غايىمىز يولىدىكى ئەڭ موھىم ئىشلاردىن بىرى بولغاچقا، بۇ تېمىدا داۋاملىق ئىزدىنىش، چوڭقۇرلاپ بېرىش زۆرۈرىيىتى بار. ھەرقانداق بىر كوللېكتىپ، مەخسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەشكىلاتلىنىش شەرت ئىكەن، ئۇ ھالدا بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ئەپلەشمەسلىكىنى مانا شۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىمىزغا ئارتماي تۇرالمايمىز. بىز يا ھېچ تەشكىلاتلىنالمايۋاتىمىز، يا تەشكىلات قۇرغاندەك قىلساقمۇ، ئاشۇ دەسلەپكى رامكىسى پېتى، خۇددى يېگىلەپ قالغان ئۆسۈملۈكتەك، زورىيالماي توختاپ قالىمىز.

بۇنىڭدا بىرمۇنچە ئامىل بار ئەلۋەتتە. تەشكىللىگۈچىنىڭ نىيىتى ۋە ئىقتىدارى مەسىلىسى، نوپۇز مەسىلىسى، تەشكىلاتقا قاتناشقانلاردا نىيەت، ساداقەت مەسىلىسى،...

گىتلېر مۇنداق دېگەن: «(لىدېر) ئاساسىي كۆز قاراشلار نۇقتىسىدىن بىر قېتىم خاتالىشىش سەۋەپلىك، ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇ خاتانى تەكرارلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ لىدېر پۇخرالارنىڭ ئىشەنچىنى قازىنىش جەھەتتە ياكى ئۆزىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش جەھەتتە تامادا بولۇشقا ھەققى يوق.» «سىياسىي لىدېر ئۈچۈن مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دىنىي مۇئەسسەسەلىرى ھەرقاچان قول تەككۈزۈلمەس بىر ھالدا قېلىشى كېرەك.»

«تەشكىلاتچى ھەممىدىن بۇرۇن بىر پىسخولوگ بولۇشى كېرەك. تەشكىلاتچى ئىنسانىنى بولغىنىچە قوبۇل قىلىشى كېرەك. بۇ جەھەتتىن تەشكىلاتچى ئىنسانىنى بىلىشكە مەجبۇردۇر. تەشكىلاتچى ئىنساننىڭ قىممىتىنى كىچىك كۆرمەسلىكى كېرەك، زىيادە چوڭ كۆرمەكتىنمۇ ساقلىنىشى كېرەك. تەۋرەنمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشى شەرت بولغان

تەشــكىلاتچى بىــر ئىــدىيىنى يايمــاق ۋە ئــۇ ئىــدىيىنى مــۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان يولنى ئېچىشقا قابىل ئىنسان تىپىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشى زۆرۈردۇر.»[1]

تەشكىلات زورۇيۇش ئۈچۈن ئىنسانلارنى داۋاملىق ئۆزىگە تارتالايدىغان سىرلىق كۈچكە ئىگە بولۇشى كېرەك؛ ئىنسانلاردا ساداقەت تىكلىيەلىشى كېرەك. بۇلارغا قانداق ئېرىشىلىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ساداقەت بەرپا قىلغىلى ۋە ئۇنى ئۆچمەس شەكىلدە ساقلىغىلى بولىدۇ؟ بۇلارنى بەزى ئىزدىنىشلىرىم ئارقىلىق يورۇتۇشقا تىرىشىپ كۆرىمەن. ئالدى بىلەن تەشكىللەشنىڭ سىرى نېمىدە ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

## تەشكىللەشنىڭ سىرى نېمىدە؟

«پسىخولوگىيىلىك شەرتلەندۈرمىگە ئاساسلانغان ... تەربىيە (مائارىپ)، كاندىداتلارنى پۈتۈن مەنىسى بىلەن غەلىبە قىلىشقىلا باغلانغان بىر كوماندا ئويۇنچىسىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئومۇمەن، شەخسىيىتى كېيىنكى ئورۇنغا چۈرۈپ تاشلىنىپ، ھەتتا بەزىدە تامامەن يوق قىلىنىپ، قىممەتلىك بىر ‹كوماندا ئەزاسى› بولۇپ قالىدۇ.

«كىشىلەر، پىدائىيلىق بىلەن شەخسىيىتىدىن ۋە ئۆزىگە خاسلىقىدىن ۋاز كەچكەن ھامانلا، ئۆز تەقدىرىنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان گورۇپپا بىلەن چىڭ باغلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ۋە ئەڭ خەتەرلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆز خاھىشى بىلەن قوبۇل قىلىشقا تەييار ھالغا كېلىدۇ. بۇ تۈر كىشىلەرنىڭ ئەڭ قىيىن شارائىتلاردا، ئۆزىنى گورۇپپىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئۈچۈن قۇربان قىلىشتىن قاچمايدىغان ھالغا كېلىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

«بۇ ئۇسۇل بىلەن نورمال بىر كىشىنى، قانخور بىر تېرورىست، ... خەتەرلىك ۋە مەخپىي تۈپكى سادىق مالايغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

«ھېچ شۈبھە يوقكى، قۇربان بېرىشنىڭ ئەڭ چوڭى كىشىنىڭ مۇستەقىل كىشىلىكىدىن ۋاز كېچىشىدۇر. ۋاھالەنكى، گورۇپ غايىسىنىڭ بىر پارچىسى بولۇندى، ئۇنداقكەن گورۇپپىنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇنۇلىدۇ ۋە نىشانلىرىنى

---

[1] ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم» (تۈركچە نەشرى).

قوللاش كېرەك.»

دۇنيادىكى بارلىق مەخپىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرى، «ئەزالىقنىڭ بېرىسىدە، هاياتىنىڭ كۆپ هاللاردا كۆرۈنمىگەن بىر ئوقتىن، بىر زەنجىرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئۇستۇن كۈچ تەرىپىدىن ئىش- هەركىتى بەلگىلىنىدىغانلىقىنى هېس قىلىشقا باشلايدۇ.[1]»

«شەخس هاياتىنىڭ قۇربان بېرىلىشى ئىرق هاياتىنىڭ داۋامى ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

« ئەمەلىيەتتە دۆلەتلەرنى ياراتقان ۋە ياشاتقان قۇۋۋەتلەرنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكى سورالسا، بۇلارنى شۇ ئىپادىلەرگە جەملەش مۇمكىن: شەخسنىڭ جامائەت ئۈچۈن پىداكارلىق روهى ۋە ئىرادىسى. بۇ پەزىلەتلەرنىڭ ئىقتىساد بىلەن هېچقانداق ئورتاق تەرىپى يوقلۇقى مۇنداق بىر ئاددىي ئىش بىلەن ئاڭلىشىلىدۇ: ئىنسان هېچبىر زامان ئىقتىساد ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلمايدۇ. يەنى، ئىنسان بىر ئىش ئۈچۈن ئەمەس، بىر ئىدىئال ئۈچۈن ئۆلىدۇ.[2]»

بۇ نەقىللەردىن شۇلار خۇلاسىلىنىدۇ:

سادىقلىق ــ شەخسلىكنىڭ يوقۇلۇشى؛ شەخسنىڭ ئۆزىنى مەلۇم گورۇهقا ياكى مەلۇم كوللېكتىپقا تەۋە دەپ بىلىشى؛ شەخسنىڭ كىچىكلەپ يوقۇلۇشى، ئۇنىڭ ئەهمىيىتى بىر كوللېكتىپقا باغلىق بولۇشتا ئىكەنلىكىنىڭ تولۇق ئېتىراپى.

تەشكىللىنىش (ياكى تەشكىلىي «باغ»نىڭ مەهكەم بولىشى) ئۈچۈن شەخسىي ئۆزلۈكنىڭ تۈگىشى ئەڭ بولمىغاندىمۇ مىنىمۇمغا چۈشۈشى شەرت. كوللېكتىپ ئۆزلۈكنىڭ كۈچىيىشى شەرت.

ئىزاھ: «ئۆزلۈك» ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى «مەن»دىن ئىبارەت شەخس ئۆزلۈكى؛ يەنە بىرى كوللېكتىپ ئۆزلۈك («بىز» ــ بىر مىللەت، بىر دۆلەت، بىر پارتىيە-گورۇه، بىر ئىجتىمائىي-سىياسىي تەشكىلات، ئۇرۇقداشلار توپى،

---

[1] Texe Marrs: “Dark Majesty”

[2] ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم» (تۈركچە نەشرى).

ئەڭ كىچىكى ئائىلىگىچە).

تەشكىللەشنىڭ سىرى: 1. كۈچ؛ 2. سىرلىقلىق.

سىرلىقلىق = قورقۇنۇچ (ھېيىقىش، تەپ تارتىش)؛

قورقۇنۇچ (ھېيىقىش، تەپ تارتىش) = ساداقەت؛

ساداقەت = شەخسلىكنىڭ يوقۇلۇشى، ئومۇمىيەت ئېڭىنىڭ تىكلىنىشى دېمەكتۇر.

بۇ فورمۇلا مېنىڭچە ئىشەنچلىك. كۈچ بولمىسا تويىنى تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ؛ تەپتارتىش (قورقۇش، ھېيىقىش) بولمىسا ساداقەت بولمايدۇ. ئۆزىمىز قورقۇدىغان ياكى ھېيىقىدىغان بىرسىگە ۋەدە قىلغان بولساق، بۇنى چوقۇم ئورۇندايمىز؛ ئانچە كۆزىمىزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان بىرسىگە نىسبەتەن بۇنداق بىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، مەجبۇرلۇق تۇيغۇسى ھەس قىلمايمىز. خۇددى شۇنداق، تۇرمۇشىمىزدا دۇچ كېلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارغا سىرلىشتۇرۇپ، توغرا-خاتاسىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك بولىدۇ.

تەشكىللىنەلمەسلىكىمىزدىكى سەۋەپلەردىن بىرى پىسخىكىمىزدا بىرىككەن «قېيداش» ــ تەرسىگە تېپىش ــ خېمىغا يېنىش بولۇشى مۇمكىن. كوممۇنىست تۈزۈمىنىڭ مۇستەبىتلىكى، تەشكىلاتلىنىشقا يول قويماستىن، كوممۇنىست تەشكىلاتلىرىغا كىرىشكە زورلىشى، بۇنىڭغا قارشى پەيدا بولۇدىغان بىزارلىق تۇيغۇسىدىن كېلىپ چىققان «قېيداش».

يەنە بىرى، ئۇزاق زامان كوممۇنىست ئىدىئولوگىيىسىنىڭ تەشۋىقات ھۇجۇمى ئاستىدا روھىمىزنىڭ قۇرۇلمىلىرىدا كۆرۈلگەن بۇزۇلۇشتىن بولسا كېرەك. كوممۇنىستلار ئۆز تىلى بىلەن ماتىرىيالىستتۇر. ماتىرىيالىستلار ئىدىئالغا ئىشەنمەسلىكنى ــ كۆزى كۆرمىگەن، قولى بىلەن تۇتۇپ باققىلى بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئىشەنمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ ئەسلى روھىي قۇرۇلمىسىدىكى غايىپقا ئىشىنىش (دىنىي ئېتىقاتتىن ھاسىل بولغان كوللىكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ) ــ ئىدىئالغا ئىشىنىش ئاساسى يېمىرىلگەن ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، مۇكەممەللىكنى يوقاتقان. ۋاھالەنكى، تەشكىلات غايىۋىي بىر ئىدىئالنى مەخسەت قىلىدۇ؛ بۇ مەخسەتنى كونكرېت ھالدا بۈگۈن كۆرسەتكىلى بولمايدۇ؛ بۈگۈنلا كىشىلەرنى ئۈنىگىدىن

پايدىلاندۇرغىلى بولمايدۇ؛ شۇڭا تەشكىلاتقا، ئۇنىڭ ئاشۇ كۆز يەتكۈسىز ئۇزاقتىكى مەۋھۇم غايىسىگە ئىشىنىدىغان ئادەملەر شەرت بولىدۇ؛ تەشكىلات ئەزالىرى ئاشۇ كەلگۈسىدە يېتىش كۆزلەنگەن مەخسەت ئۈچۈن ئۈزۈشۈشلىرى كېرەك بولىدۇ. ھەتتا مەخسەتكە يېتەلمەي ئۆڭۈشسىزلىققا ئۇچراش، پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشلارمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغىمۇ رازى بولغان ئادەملەردىن بولۇشى كېرەك. ئۇ ھالدا، غايىقا ئىشەنمەيدىغان ــ ئىدىئالغا، مەۋھۇم بىر غايىگە ئىشەنچىسىنى يوقاتقان ئادەملەردىن قانداقمۇ تەشكىلات ۋۇجۇتقا كەلسۇن؟

زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى (ياكى ھەرقانداق بىر قارا گورۇھ)نىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلار توغرا قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلمەيمۇ قالمايدۇ. ئۇنداقكەن، دەبدەبىلىك غايىلەرگە، ئۇلۇغۋار نىشانلارغا بولغان ئىشەنچىدىن ساداقەت تۇغۇلىدۇ، دېيەلمەيمىز. ئەمما شۇنى كۆرۈمىزكى، ئۇلاردا تەشكىلىگە نىسبەتەن ساداقەت بار، بىر چامادان پۇلنى كۆتۈرگۈزۈپ، ئۇزاق بىر يەرگە ئەۋەتسە، پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كېتەي، دېمەستىن تاپشۇرۇلغان ئىشنى ئورۇنداپ كېلىدۇ. بۇنى تەمىن ئەتكەن ساداقەت، مەنىۋى بىر غايىدىن ئەمەس، قورقۇش ۋە سىرلىقلىقتىن تۇغۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ سىرلىقلىق ۋە كۈچىنىڭ، تەشكىللىنىشتىكى شەرت ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى.

دۇنياۋى ھاكىمىيەت قۇرۇش يولىدا ئەسىرلەردىن بېرى تىرىشىۋاتقان بەزى دۆلەت ھالقىغان تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرىدىكى ساداقەتمۇ قورقۇش ۋە سىرلىقلىقتىن ھاسىل بولىۋاتقانلىقىنى، ئەمدىلىكتە بولسا زورلىغۇچى كۈچمۇ بۇ ساداقەتكە تۈرتكە بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىز. بىر تەشكىلات ئەڭ ئەۋەل مەھەللىۋى بىر نوپۇزنى شەرت قىلىدۇ (ئەڭ كەم دېگەندە. ئەگەر نوپۇزنىڭ دائىرىسى قانچە كەڭ بولسا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، ئەلۋەتتە)، ئەگەر نوپۇز تالانتلىق تەشكىللىگۈچى بولسا، ئەزالىرىدا بىر سىرلىقلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نوپۇز كۈنسېرى يوغىنايدۇ. نوپۇزنىڭ يوغۇنۇشى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ كۆپ ئادەم توپلىنىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانلارنىڭ كۆپىيىشى

تەتۈر تاناسىپ ھالدا قارشى كۈچلەرنىڭ كىچىكلىشى دېمەكتۇر. بۇ ھالدا مۇقەررەر بىر كۈچ بارلىققا كېلىدۇ. كېيىن قاتناشقانلار ئىچىدىن خالىمايدىغانلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ساداقىتى «كۈچ»نىڭ كۆرۈنمەس مەجبۇرلىشىدىن بارلىققا كېلىدۇ.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى: «بۈيۈك نىشانلارغا قارىتىلغان بىر ھەركەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بۇزماسلىققا ئۈستۈن بىر سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلىش زۆرۈر. ھەر بىر مەسىلىنى بۇ يۆندىن تەتقىق قىلىش ۋە قارارلارنى بۇ يۆنۈلۈشكە قارىتا توغرىلىماق كېرەك. بۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئاممىسىغا قارىتا تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇدىغان ئېلېمېنتلارنىڭ ھەممىسىدىن ساقلىنىش كېرەك. بۇ ھال خەلق قەلبىنى ئۇۋلاش ئۈچۈن ئەمەس، ھېچبىر بۈيۈك پىكىر، مەيلى قانچىلىك مۇقەددەس بولسا بولسۇن، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچى بولمىسا ئەمەلىيەتكە ئايلىنىش ئىمكانىغا ئىگە بولالمايدىغانلىقىدىندۇر.[1]»

بەزى ھايات تەجرىبىلىرىمىز شۇنى كۆرسەتتىكى، بەزى ئىنقىلاپچىلار دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشكەن ھامانلا، جىمىكى ۋەدە- قەسەملىرىگە، ھەتتا ئاللاھ نامىغا بېرىلگەن قەسەم بولغىنىغىمۇ قارىماي، ناھايىتى چاپسانلا دۈشمەننىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇردى. بەزى مۇناپىقلار ئىنقىلاپچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەندە بولسا، ئەسلى خوجايىنلىرىغا سادىق قالدى، مۇمكىن قەدەر ئەپقاچتى گەپلەر بىلەن ئالداپ قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈرۈنۈشىدا بولدى. بۇ ئۇلار تەۋە بولغان «كۈچ»نىڭ دەرىجىسىدىن تۇغۇلۇۋاتقان تاللاش ئىدى. ئاۋالقىسىنىڭ ساداقەتسىزلىكىنىڭ سەۋەبى ھەرگىزمۇ ئەسلىدىن مۇناپىق تەبىئەت بولغانلىقىدىن ئەمەس، ئۇ قارشىسىدا قورقۇنۇچلۇق بىر دۆلەت كۈچىنى كۆرۈۋاتقانلىقى، ئارقىسىدىكىلەرنىڭ بولسا، يامان كۈنگە قالسا ئىگە بولالايدىغان، ساتقىنلىق قىلسا جازالىيالايدىغان كۈچى يوقلۇقىنى تەبىئىي تۇيغۇلىرى ئارقىلىق ھىس قىلغان، سېلىشتۇرغان ۋە كېيىن قارارىنى تاللىغانلىقىدىندۇر.

---

[1] ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم» (تۈركچە نەشرى).

كېيىنكىسىنىڭ (ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەن مۇناپىقنىڭ) خوجايىنىغا ساداقەتتە قېلىشى، ئارقىسىدىكى كۈچنىڭ زورلىقى، ئەگەر بۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلالماي ئۆلگەن تەقدىردىمۇ، ئائىلىسى ۋە كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ بىر ئىگىسى بارلىقى ئىشەنچى؛ ئالدىدىكى كۈچنىڭ زەئىپلىكى، ھەتتا مۇناپىق دەپ تۇتقان تۇرۇپمۇ، شۇ باھاسىغا بەك ئىشەنچ قىلالمايۋاتقانلىقىدىكى ئاجىزلىق، يۇمشاق كۆڭۈللۈكلۈكىدىكى قۇتۇلۇشقا ئىلھام بولۇدۇغان يوچۇق، ئۆلتۈرۈۋېتىشكە كەسكىن جۈرئىتى بولۇشىنىڭ ناتايىنلىقى، قاتارلىقلار ئۇنىڭغا چىڭ تۇرۇش، ئالداپ قۇتۇلۇپ كېتىش قارارىنى بەرگەن.

بۇلاردىنمۇ شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، ساداقەت پەقەت مەنەۋىيەتكە ئۇلۇغۋار بىر غايىنى ئۆزلەشتۈرۈش بىلەنلا ئىشقا ئېشىشى ناتايىن. قورۇق مەۋھۇمىيەتكىلا تايانغان قەسەم- ۋەدىلەر رېئال تۇسالغۇغا دۇچ كەلگەندە دەرھال ئىلگىرىكى تاللاشلىرىنى قايتا تەھرىرلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. زورلىغۇچى كۈچنىڭ شەرت بولىشىدىكى سەۋەپ بۇ.

ئەمدى گەپ، زورلىغۇچى كۈچنىڭ ئاسان ئەمەسلىكى ھەممىمىزگە ئايان. ئۇنىڭغا ئېرىشكۈچە قانداق قىلىش مەسىلىسى داھىنى شەرت قىلىۋاتقان موھىم مەسىلىدۇر. چۈنكى زورلىغۇچى كۈچكە ئېرىشكەندىن كېيىن داھىيانە دانالىق بولمايمۇ توپنى تۇتۇپ تۇرغىلى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا ئاشۇ دەسلەپكى باسقۇچتا توپنى ھاسىل قىلىش، تۇتۇپ تۇرۇش بىلەن بىللە ئۇنى كۈنسېرى زورايتىش ئۈچۈن نېمىگە تايىنىلىدۇ؟ بۇ داھىيلىق تالانتىنى شەرت قىلىۋاتقان نۇقتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ موھىمدۇر. بۇ باسقۇچتا كۈچ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سىرلىقلىق ئارقىلىق بولۇدۇ. سىرلىقلىقنىڭ ھاسىل بولىشى ئۈچۈن، داھى، (ئەڭ كەم دېگەندىمۇ) ئۆز جامائىتى ئالدىدا بىر پەزىلەت ئىگىسى سۈپىتىدە كۆرۈنۈشى كېرەك بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ بارلىق تەشۋىقات مېخانىزمى ئۇنى شۇنداق كۆرسۈتۈشكە، ئۇنىڭ ئۈچۈن نوپۇز قازىنىشقا، ئۇنى سىرلىقلاشتۇرۇشقا خىزمەت قىلىشى شەرت. ئەمما بۇ داھىينىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرى بىلەن كۈچلىنىپ، دەلىللىنىپ تۇرىشى كېرەك. ئۇنىڭ نوپۇزىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇدۇغان ئىچكى رىقابەتچىلەر

ئەڭ خەتەرلىك بولۇپ، بۇنداقلار دەرھال چەكلىنىشى شەرت. بۇنىڭدىمۇ داھى نوپۇزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزى ئوتتۇرىغا چۈشۈۋالماي، لىدىرلىق سالاھىيىتىنى ساقلىشى، ئەتراپتىكىلەر ئۆكتىچى كۈچلەرگە زەربە بېرىشى ناھايىتى موھىم. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا داھىنىڭ پەزىلىتى گۇمان تۇغدۇرۇپ، ئۇنى يۆلەپ ئىگىزلەش ئۇرۇنۇشلىرىنى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ. سىياسىي «يا مەن، يا سەن!» دېمەكتۇر. شۇڭا سىياسىيون يۈز- خاتىرىچى بولسا ئۇنىڭ سىياسىيونلۇق ھاياتى بەك قىسقا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ بىر قاپلان بولىشى كېرەككى، تېرىسى گۈزەل، قىممەتباھا، ئەمما رەھىمسىز.

سىرلىقلىق ھەققىدە كەسكىن بىر ئىلاۋە بېرىشىم زۆرۈر: سىرلىقلىق ھەرگىزمۇ لىدىرنى ئەپسانىيلاشتۇرۇش، ئىلاھلاشتۇرۇش، مۆجىزىۋي كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشلىرى ئەمەس، چۈنكى بۇنىسى بەك ئاسانلا كۈلكىگە سەۋەپ بولىدۇ؛ سىرلىقلىق، كىشىلەر سېنىڭ قولۇڭدا زادى قانچىلىك ئىمكان بار، قانچىلىك ئادىمىڭ بار، سىر بولسۇن، ئۇلار سېنىڭ يوشۇرۇن ئىمكانلىرىڭ ھەققىدە ھەمىشە ئەمەلىيەتنىڭ ئۈستىدە پەرەز قىلىشقا يېتەكلىنىشى كېرەك دېگەنلىكتۇر.

ئاساسىي تېمىمىز بولغان ئۆزىمىزنى قانداق ئۆزگەرتىش مەسىلىسىمۇ، سىياسىئوننىڭ تەشۋىقات مېخانىزمى ئۈستىگە ئالىدىغان بىر ۋەزىپە بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى كىچىك گورۇپپا ھالىتى خارىج، تەشكىلات ئۆزىگە مۇۋاپىق كىشىلەرنى تاللىمايدۇ، ئەكسىچە ئۆز غايىسىگە ئۇيغۇن جامائەتنى ئۆزلىرى «ياساپ چىقىدۇ». يەنى، تەشۋىقات ئارقىلىق، ئىنسانلارنى ئۆزگەرتىدۇ، ئۆزى نىشان قىلغان غايىگە ئۇيغۇن شەكىلدە قايتىدىن شەكىللەندۇرۇپ چىقىدۇ. «تەشۋىقات قانچىلىك شىددەتلىك بولسا تەشكىلاتمۇ شۇنچىلىك تېز سۈرئەتتە چوڭىيىدۇ.»[1] كەڭ جامائەت مەخسەتكە ئۇيغۇن قايتا شەكىللەندۇرۇلمەي، ئىنسانلار ئىچىدىن ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلارنى تاللاشقا قالسا، بۇنداق تەشكىلاتنىڭ كېڭىيىش ئىمكانى بەك تار بولغان بولىدۇ. چۈنكى ئوخشاش پىكىرگە ئىگە ئىنسانلارنى ئىزدەپ تېپىش ناھايىتى تەس ۋە كۆپ ھاللاردا

---

[1] ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم» (تۈركچە نەشرى).

بۇنداقلىرىمۇ مەلۇم زامان ياكى ماكاندا مۇخالىپ قاراش ئىپادىلىشى، دۈشمەنگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

مۇناسىۋەتلىك ماقالىلىرىمدا بىزنىڭ تەشۋىقات ئارقىلىق قانداق قورقۇنۇچلۇق تۈردە ئۆز مەنپەئەتلىرىمىزگە زىيانلىق، دۈشمەنگە پايدىلىق بولغان روھىي ۋە ئىدىيىۋىي شەكىلگە كەلتۈرۈلگەنلىكىمىزنى دەلىللەپ ئۆتكەن ئىدىم. بىزنىڭ گۈزەللىك ئۆلچەملىرىمىزنىڭ تەتۈر قىلىۋېتىلىشى مۇمكىن بولغىنىدىن، پايدىلىق تەرەپكە قارىتىپ ئۆزگەرتىشكىمۇ بولىدىغانلىقى قىياس قىلىنىدۇ. بۇ پەقەت قارىمۇ قارشى تەشۋىقاتلارنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە باغلىق.

شۇنىڭغا بەك ئەپسۇسكى، بۈگۈنگىچە لىدىرلار بىر تەشۋىقات مېخانىزمى بەرپا قىلالمىدى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈنلا قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى بولماي، يىللارچە بىر ئىزدا تۇرۇۋاتىدۇ. چەتئەل دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بىرنەچچە مىنۇتلۇق كۆرۈشۈشلەر مىللەت تەقدىرىگە ھېچقانداق ئىجابىي ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. (چۈنكى بۇنداق كۆرۈشۈشلەر شۇ دۆلەتنىڭ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن، دۈشمەنلىرىمىزگە قارىتا «رەشىققە مۈپتىلا قىلىش ئارقىلىق سۆيگۈنى كۈچەيتىش» ئويۇنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئۇلار بۇ ئىشتا بەك ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە بولمايدىغانلىقى، پەقەتلا قارشى تەرەپنى قىزغاندۇرۇشنىلا مەخسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، كۆرۈنۈش، تەشۋىقات ئۆرنىكى يارىتىشلا مەخسىدى بار. شۇ مىنۇتلاردىن كېيىنلا ئۇلار بىزنىڭ ھەققىمىزدە تامامەن خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ ئولتۇرمايدۇ) شۇڭا ئۇنى چوڭ ئىش دەپ بىلىۋېلىش ناھايىتى ئېغىر خاتالىقتۇر. بىرىنچى چوڭ ئىش ئۆز خەلقىنى ئۆزگەرتمەكتۇر. تەشۋىقاتنى بىرىنچى دەرىجىلىك موھىم ئورۇنغا قويمىغان تەشكىلاتچى غەلىبە قىلىشنى خىيال قىلمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ ئىشى باشقا بىر دۆلەت تەرىپىدىن پۈتكۈزۈپ بېرىلمەيدۇ. ھەرقانچە يارىماس بولسىمۇ شۇ خەلق ئۆز تەقدىرىنىڭ بەلگىلىنىشىدە ئاساسلىق ئامىلدۇر. بۇ نۇقتا ئېتىراپ قىلىنىدىغان بولسا، ئىچكىي تەشۋىقات بىرىنچى موھىم ئىكەنلىكىمۇ راست بولغان بولىدۇ.

دېمەك، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ئېتىراپ قىلىنىدىغانلا

بولسا، ئۇ هالدا بىر تەشۋىقات مېخانىزمى بەرپا قىلىش بۇگۈنكى كۈندىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىش كېرەك. ۋەتەن ئىچىدىكىلەرنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىش بولسا رادىئونى شەرت قىلىدۇ. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۈگۈنكى رادىئونىڭ قۇرۇلمىسى بۇنىڭغا ئىمكان بەرمەيدۇ. بۇ يەردە ئىككى تۈرلۈك جامائەت بارلىقى پەرەز قىلىنىدۇ: بىرى ئاڭسىز ياكى ئاڭلىق تۈردە سېتىۋېلىنغانلار؛ ئىككىنچىسى قوساق بېقىش ئۈچۈنلا كولدۇرلاپ يۈرگەنلەر. موھىمى ئۇنى يۆنلەندۈرىدىغان تەشكىلىي قۇرۇلما بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىدا ئوت يۈرەك بىر ۋەتەنپەرۋەر ئولتۇرمىغىچە بۇ تەييار ئىمكانىيەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈمىدى كۈتۈلمىسىمۇ بولۇدۇ.

ئەمدى تەشكىلاتلار تەشۋىقاتتا بىر-بىرىنى ئەمەس، ئورتاق دۈشمەننى نىشان ئېلىشى، ئۆز خەلقىمىزنى تەربىيىلەش ئوبېكتى قىلىشى كېرەك. بۇ گەپ يەنە بىر مەسىلىنى تۇغدۇرىدىغاندەك قىلىدۇ: تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى بىرلەشمىسە، قانداقمۇ بىردەك ئىدىيە بىلەن تەشۋىقات قىلىنىدۇ؟ قانداقمۇ بىردەك ھەرىكەت قىلغىلى بولۇدۇ؟

بۇ سوئاللار خېلى ئادەملەرنى تەمتىرىتىدۇ. ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكىلەرنى بىرلەشتۈرۈش پىكرى يارىلىشتىنلا خاتا پىكىر بولۇپ، بۇنداق بىر بىرلىشىشنىڭ ئەمەلىيەتتە شەكىللۋازلىقتىن باشقا نەرسە بولمايدىغانلىقىنى بەزى ماقالىلىرىمدا تارىخىي مىساللار ئارقىلىق دەلىللىگەن ئىدىم. شۇڭا، ئەگەر تەشكىلاتلاردا مۇستەقىللىقىقا قايتا ئېرىشىش ئارزۇسى راست بولۇدۇغانلا بولسا، بۇنداق بىرلىشىشكە زورلاش بىلەن، ئىچكى يېمىرىلىش ئېلىمېنتلىرىنى ئۆزىدە ساقلىغان سۈنئىي بىر بىرلەشمىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق بولۇپلا قالماي، بىزدەك بىر مىللەت ئۈچۈن ھەتتا خەتەرلىك.

بۇنىڭغا قارىتا بەزىلەر، بىرلەشمىسەك ياردەم بېرىدىغانلارمۇ كىمنى ئاساس قىلىشنى بىلمەي قايمۇقۇپ، ياكى بۇ ھالىتىمىزدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ياردەم بېرىشتىن يالتىيىشى مۇمكىن، دېگەننى باھانە قىلىپ، چوڭ بىرلىشىش شوئارىنى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ. لېكىن، بىز بىلىدىغان مىساللاردا شۇ نەرسە ئېنىق كۆرۈلۈدۇكى، ياردەم قانداقتۇر بىزنىڭ ئوبدانلىقىمىزغا، بىزنىڭ پايدىمىزنى كۆزلەپ بېرىلمەيدۇ. ئەكسىچە ياردەم بەرگۈچىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش

قىلىدۇ. شۇڭا، ۋاقتى- سائىتى كېلىپ، ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتى تۇغۇلسا، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ياردەم بېرىلىدۇ. مەسىلەن: رۇس- ئافغان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئافغانىستانلىقلار يەتتە ئايرىم پارتىيە گورۇھ، ئۇرۇقداشلىق توپىغا بۆلۈنگەن ھالدا ئىدى. ھەر بىرى ئۆزىنى ئەڭ مۇناسىپ دەپ ھېساپلايتى ۋە باشقىلارنى ئەيىپلەيتى. بۇ ئەسلىدە كەلگۈسىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تالىشىش رىقابىتى بولۇپ، شۇ مەزگىل ئۈچۈن ئىككىلەمچى ئامىل ئىدى. بىرىنچىسى تاشقى دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىش ئىدى. ئافغانلارنىڭ پارتىيە گورۇھلىرى مانا شۇ ئورتاقلىقتا تالاشمىدى، ئىچكى زىددىيەتلىرىدىن قەتئىينەزەر، ئاساسىي غايىدىكى ئورتاقلىقنى چىقىش قىلىپ، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا سوۋېت تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۆرەش قىلدى. چەتئەل كۈچلىرى ئۇلارنىڭ بىرلىشىشىنى شەرت قىلماستىن، ھەممىسىگە ياردەم بەردى.

بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولۇدۇكى، بىر قوماندانلىق ئاستىغا ھەممىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن زورۇقۇپ ئۇرۇنۇش ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مىللىي مۇستەقىللىقنى غايە قىلغان تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلىغان ھالدا ئۆزئارا خىزمەت مۇسابىقىسى شەكلىدىكى رىقابىتى تېخىمۇ پايدىلىق بولۇشى چوقۇم. ئەمما، ئاساسىي مەخسەتنى قويۇپ، ئىچكى زىددىيەت كوچىلانمىغان تەقدىردە.

تەشۋىقاتلارمۇ مانا شۇ قاراش ئاساسىدا بولۇش كېرەك. تەشۋىقاتلاردا ئىچكى زىددىيەتلەر تاتىلانماسلىقى، ۋەزىپىلەر ئۆز رېتى بويىچە ئىدىيىلەرگە سىڭدۈرۈلۈشى كېرەك. مەسىلەن: بۈگۈنكى بىرىنچى نىشان نېمە بولسا، ئۇ ھەقتە تەكرار توختۇلۇش، قەلب تېرەنلىكلىرىگە قەدەر سىڭدۈرۈش؛ ھەرگىزمۇ ئەتىنىڭكىنى ئارىلاشتۇرىۋېلىش، تالاش- تارتىش قىلىشتەك بالىلىقنى قىلماسلىق. مەسىلەن: يېقىن ئۆتمۈشىمىزدىكىدەك، «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ» پەدىسىدە، كەلگۈسىدىكى دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ نېمە بولۇشىنى تالىشىشتەك تەلۋىلىكنى قىلماي، ئاۋال «بىسمىللاھ» دەپ خىتايدىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئويلاش، بۇ ھەقتىكى ئىدىئولوگىك سىستېمىمىزنى تەشۋىق قىلىش، خەلقتە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللىي ھىسسىيات، دىنىي قىزغىنلىق ئويغۇتۇشقا قارىتىش كېرەك.

مۇستەقىل بولۇش بىلەن، مەھكۇملۇقنىڭ پەرقلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش كېرەك.

ئالدى بىلەن داۋانىڭ بېشىدىكىلەر ئۆزى قىلىۋاتقان داۋانىڭ خاراكتېرىنى توغرا تونۇشى، توپ يۆنىلىش ئېنىق بولۇشى كېرەك. داۋا دۆلەتنىڭ داۋاسى ئىكەن، دۆلەتنىڭ نامىنى ئىشلەتمەسلىك، پىرىنسىپ جەھەتتىكى خەتەرلىك ئېغىش بولۇپ، بۇنداق مەسىلىدە باشقىلارنىڭ رايىغا بېقىش، بېقىندىلىقتىن، قورچاقلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەگەر، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدىغان كىشىلىك ھوقۇق ياكى دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلغۇچى ئورگانلار دۆلەت نامىنى ئاتىماسلىقنى شەرت قىلسا شۇنداق سورۇلۇشى ئەقىللىيدۇر:

«سىز دېموكراتىيىنى، كىشىلىك ھوقۇقنى ھىمايە قىلىدىغان بولسىڭىز، ئەجەبا بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان تۇپرىقىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ تىلىدا ئاتاش ھەققىمىزمۇ يوقمۇ؟ سىزنىڭ ھىمايە قىلىدىغىنىڭىز قانداق شەكىلدىكى دېموكراتىيە؟»

سىياسىدا يول قويغانسېرى ئۆتتۈرۈش بىر قانۇنىيەت. شۇڭا پىرىنسىپچان بولۇش بەكمۇ زۆرۈر.

يەنە ئاۋالقى تېمىغا — ئوخشىمىغان تەشكىلاتلاردا ئوخشاش نىشانغا قاراپ يۈرۈش مەسىلىسىگە قايتساق، بۇنى قانداق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ مەسىلىنىڭ جىددىي تەرىپى بۇ سوئالدا ئېچىلىۋاتىدۇكى، ھەممىمىزنى بىر «خاماندا» ئورتاق بىر «مومىغا» باغلاپ تۇرغان «يىپ» يوق. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پىكىر ئادەملىرىمىز، بىلگىنىلەر، مۇتەپەككۇرلىرىمىز ئورتاق تىرىشىپ، بىر نەزەرىيىۋى ئاساس ياكى بىر ئىدىيىۋى سىستېم بارلىققا كەلتۈرۈش زۆرۈرلۈكى تەكىتلىنىۋاتىدۇ. يىللاردۇر قىلىنىۋاتقان ھەركەتلەردىكى چېچىلاڭغۇلۇق، نىشانسىز، سەۋەپسىز ئېغىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بىر ئاساسنىڭ بولمىغانلىقىدىن بولغان. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىر تەشۋىقات مىخانىزىمى زۆرۈرىيەت بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن مانا شۇ دېيىلگەن نىشانلارنىڭ ھەممىسىگە ئاساس يارىتالايمىز.

# ئىستېتىك ئۆلچەملەردىكى ئايىنىش ۋە يۆنىلەندۇرمە

ئىستېتىك ئۆلچەملەر ئۆزگۈرەمدۇ؟ يەنى، كىشىلەرنىڭ شەرەپ ۋە نومۇس، پەزىلەت ۋە شەرمەندىلىككە قارىتا باھالاش مىزانى تۈپتىن ئۆزگۈرۈپ، بىر ئۆتكەن دەۋرگە نىسبەتەن تامامەن تەتۈرسىچە ئۆلچەم بارلىققا كېلىشى مۇمكىنمۇ؟

بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتى شۇنىڭدىكى، بىزنىڭ ئەللىك يىلنىڭ ئالدىدا نومۇس بىلىدىغان ئىشلارنى ئىختىيارسىز يوسۇندا شەرەپ بىلىشكە باشلىغانلىقىمىز پاكىتتۇر. بۇنداق بىر تەتۈرسىچە تەرەققىياتقا ئېرىشكىلى، يەنى ئىنساننىڭ ئىنسانلىق ئېڭىنى بۇزۇپ، ئۇنى ئىستەككە ئۇيغۇن تەرەپكە يېتەكلەشكە بولۇدۇغانلىقى، تۇرمۇشىمىزغا، ئەتراپىمىزغا ئوبدانراق نەزەر سالساقلا مەلۇم بولۇدۇ ۋە ئەقىل بىلەن ئويلايدىغان بولساق، «توۋا!» دېمەي تۇرالمايمىز. بۇلارنى كۆرۈپ، بۇ مۇمكىنچىلىككە ئىشەنسەكلا، يەنە توغرا تەرەپكە قايتۇرغىلىمۇ بولۇدۇغانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايمىز. مانا بۇ كېيىنكى نىشان، بىزنىڭ بۇ تېما ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن مەخسىدىمىز. غەرپلىك بەزى جەمىيەتشۇناسلار، ئالىملار ئىنسانلارنىڭ كىملەرنىڭدۇر ئاستىرتتىن شەرتلەندۈرىشى بىلەن مەنىۋىيتى تەتۈرسىگە ئۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى، ئىستېتىك ئۆلچەملىرىنىڭ بۇرمۇلۇنۇۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشمەكتە.

پۈلنىڭ سېھرىنى 1- ئورۇنغا كۆتۈرۈش ئارقىلىق، ئىنساننىڭ مەنىۋى قىممەتلىرىنى چۈشۈرۈش، كىشىلەرنى غايىسىزلەشتۈرۈش، مەنەۋىيەتنى ئەمەس، ماددىنى ئۆلچەم قىلىش....

«ئامېرىكىدا ۋە دۇنيانىڭ قالغان يېرىدە كۆپچۈلۈك ئىنسانلارنىڭ ياخشىنى

يامانىدىن، توغرىنى خاتادىن،... ئايرىش تالانتى، سۇئىقەستچىلەر تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بىر خىل مېڭە كونترول سىستېمى بىلەن دىققەتلىك بىر شەكىلدە ئۆچۈرۈلۈشكە ۋە يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇلماقتا.

«بۈگۈن غەرپ دۇنياسىدا ئەڭ كەڭ تارقالغان كىشىلىك دۇنيا قاراش (ئېتىقاد)لارنىڭ بىرى، كىشى هاياتىدىكى ئەڭ موهىم ئىشنىڭ پۇل تېپىش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ گۇمراهلارچە دۇنيا قاراش ۋە پۇلى كۆپ بولغاننىڭ نېمىلىكى بولمىسۇن تېخىمۇ پاراسەتلىك ۋە جەلپ قىلارلىق بولۇدۇغانلىقىدىن ئىبارەت كىشىلىك قارىشى ‹تەسەۋۋۇر ئىشلەپچىقارغۇچى›لار تەرىپىدىن ئىنسانلارنىڭ مېڭىسىگە توختىماي قاچىلانماقتا.①»

رېئال هاياتىمىزدا نۇرغۇن يوشۇرۇن ئىشەندۈرگۈچىلەر مەۋجۇت. مەسىلەن: توۋار ئېلانلىرىنى ئالىدىغان بولساق، كۆپ تەكرارلانغان ماختاشلار ئارقىلىق ئاخىرى ئېڭىمىزغا تەسىر قىلىپ، ئەسلىدە ئۇ قەدەر مەيلىمىز بولمىغان بىر مەهسۇلاتقا قىزغىنلىقىمىزنى كۆرۈكلەيدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە هارپىسىدا گېرمانىيىدە ناتسىستلارنىڭ پۈتۈن گېرمانىيەلىكلەرنىڭ ئېڭىغا شەكىل بېرەلىگەنلىكى، ئۇرۇشتىن كېيىن نۇرغۇن پىسخولوگ ۋە پەيلاسوپنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن ئىدى. نەتىجە شۇ بولدىكى، دېمەك، بەلگىلىك بىر ئىجتىمائىي نىشانلارنى تەسىرلىك بىر شەكىلدە قوللاش، دەستەكلەش خاھىشىدىكى تەشۋىقات ۋە مېتودلارنى بەلگىلىمەك ئۈچۈن يېڭى يوللارنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىلهام بولدى.

تېلېۋىزورلارنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىشى، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بىزنىڭ روهى دۇنيامىزغا هاكىم بولۇشقا باشلىشى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى تەدرىجىي يوسۇندا قېرىنداشلىق، قوشنىدارچىلىق،... مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زەئىپلىشىشىگە سەۋەپ بولدى. يەنى، تېلېۋىزىيە سەيرى ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرىش تەقەززاسى، قوشنىلار بىلەن باردى- كەلدى قىلىش ۋاقتىنى قىسقارتتى؛ تۇققانلار ئارا مۇناسىۋەت بېغىنىڭ زەئىپلىشىشى ئۈچۈن ئاساس

---

Texe Marrs: “Dark Majesty" ①

سالدى. «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەن تەمسىلنىڭ ھەقلىقى شۇ يەردىكى، ئىنسانلار بىر. بىرىگە يېقىنلاشقانچە، ئىززەتلىشىشى ئازىيىپ، ئارىلاشقانچە مېھىر كۆچىيىدۇ. ئىززەتلىشىش ئازىيىدۇ؛ مېھىر سۇسلىشىدۇ. بۇ تەبىرگە قارشىلىق بولمىسا، قوشنىلار بىلەن مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش رولى ئوينايدىغان ئۆزئارا ئاخشام زىيارەتلىرىنىڭ ئازىيىشى، كىشىلەرنى تەدرىجىي ياتلاشتۇرۇشقا ياردى. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ بۇ زىيارەت ۋاقتىنى تېلېۋىزور پروگراملىرىنى سەيرىتىش ئىگىلىدى.

يوشۇرۇن ئىشەندۈرگۈچىلەر ھەققىدە ۋىنس پاكارد «يوشۇرۇن ئىشەندۈرگۈچىلەر» ناملىق كىتابىدا شۇنداق يازىدۇ: «بۇ يوشۇرۇن ئىشەندۈرگۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى، ئىش-ھەرىكىتىمىزنى يۆنىلەندۈرمەك ئۈچۈن كۆرسەتكەن غەيرەتلىرىنىڭ بىر نەتىجىسى سۈپىتىدە، ئىنسانلارنىڭ پەقەت باشقۇرۇلۇش (قامال قىلىنىش) ئۈچۈن مەۋجۇت ئىكەنلىكلىرى تونۇشىنى تىكلىمەكتە.»

كۆندۈرگۈچىلەرنىڭ نەزەرىيىچىلىرىدىن بىرى بولمىش بېرتراند راسسېل «بىلىمنىڭ جەمىيەتكە تەسىرى[1]» ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق دەيدۇ: «پسىخولوگىيىدىكى تەرەققىياتلارنىڭ شەخسلەرنىڭ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ بەك كونترول قىلغىلى بولۇدۇغان ئىمكانلارنى بېرىشى كۈتۈلمەكتە. مائارىپ-ئەركىن ئىرادىنى (ئىستەكنى) يوقۇتۇشنى نىشان قىلىشى كېرەك. شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ، ھاياتىنىڭ قالغان قىسمىدا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كۈتكىنىدىن باشقىچە ئويلاناسلىقى ۋە ھەرىكەت قىلماسلىقلىرى كېرەك.» راسسېل يەنە، ھۆكۈمرانلارنىڭ، باللارنىڭ ئەقلى ئۆستىدە «ناھايىتى كىچىك ياشتىن باشلاپلا كۈتۈلگەن خاراكتېر ۋە ئەقىدىلەرنى ئىشلەپچىقارماق ئۈستىدە» ئىشلىشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى.

ئۇ يەنە: «باللار بىر يۇرۇش ئەسكەرتىشلەرگە كۆندۈرۈلسە، بىر بۆلۈك

[1] The Impact of Science on Society

كۆچلەرنى جىددىي ھالدا تەنقىد قىلىشى، پىسخولوگىك تەرەپتىن مۇمكىنسىز ھالغا كېلىدۇ» دېگەننى دەۋا قىلاتتى.

«ھەركىم يوقسۇللۇق ئىچىدە ئۆزۈۋاتسىمۇ، ھەممىسى بەختىيار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، چۈنكى ھۆكۈمەتلىرى ئۇلارغا شۇنداق بولغانلىقىنى دائىم ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.» (خىتايلار بىزنىمۇ دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەندۈرمىدىمۇ؟)

«ئاستا- ئاستا، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار ئارىسىدىكى تۇغما پەرقلەر، بۇ ئىككى سىنىپ تامامەن پەرقلىق تۈر بولغانغا قەدەر تاللانغۇچىلار (جەۋھەر سىنىپ) كۆپىيىشى بىلەن ئېشىپ بارىدۇ. تۆۋەن سىنىپلارنىڭ ئىسيانى خۇددى قوينىڭ قوي گۆشى يېيىشكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئىمكانى قانچىلىك ئىمكانسىز بولسا، شۇ قەدەر ئىمكانسىز بولىدۇ.[1]»

ئىنسان بالىسىنىڭ قانداق قىلىپ بىرلىرىنىڭ ئىرادىسىگە كۆرە تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ چىقىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نەقىللەردىن باشقا، بىز تۇرمۇش ئەمەلىيىتىمىزدىمۇ، تەدرىجىي ئۆزگۈرۈپ بېرىۋاتقانلىقىمىزغا دەلىل بولىدۇغان ئالامەتلەرنى كۆرۈپ تۇرماقتىمىز:

چىشىسىنى قىزغىنىش تۇيغۇسى پۈتكۈل جانلىقلارغا ئورتاق بىر تۇيغۇ. ھېچقانداق بىر ئەركەك، ئۆزىگە تەۋە بىر «چىشى»نى باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشمايدۇ. لېكىن بۈگۈن ئىنسانلار شۇنداق شەرتلەندۈرۈلدىكى، ئاياللىرىنى كۈنلەشنى بىر خىل «مەدەنىيەتسىزلىك» دەپ بىلىدىغان، ئاياللىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى يېرىم ـ ياتا ئېچىپ يۈرىشى بىلەن «ئورتاق ھوزۇرلىنىش»قا سۈكۈت قىلىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قارىغۇچىلارنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇنىڭدا «دېمەك، مېنىڭ ئايالىم بەك چىرايلىقكەن، شۇڭا كىشىلەر تويماي قاراۋاتىدۇ» دېگەن (كېسەل) ھىسسىياتتا ئىپتىخارلىق ھىس قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلدى. قانداقسىگە بۇ قەدەرىگىچە

---

[1] Texe Marrs: “Dark Majesty”

ئىشەندۈرۈلدۇق؟ ئويلىساڭ ھەيران قالىسەن. مۇسۇلمانلارغۇ خوتۇن كۈنلىمەسلىكنى «دەيۈزلۈك» دېگەنگە ئىشىنەتتى؛ ياۋروپالىقلارمۇ ئاياللار ۋەجىدىن دۇئىللارغا چىقىپ، بىر بىرىنى ئېتىشاتتىغۇ؟ مەسىلەن مەشھۇر رۇس شائىرلىرىدىن پۇشكىن لېرمونتوۋلار ئاياللار ۋەجىدىن دۇئىلدا ئۆلمىدىمۇ؟

يەنە شۇمۇ بار، غەرپتە بەزى ئاياللار يازنىڭ مەلۇم كۈنلىرىدە «قەھرىمانلارچە» يالىڭاچ كېزىپ، كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرىدۇ. غەرپ جەمىيىتىدە (ھازىرچە غەرپ جەمىيىتىدە، بەزى «مەدەنىيلىك»لەرنى قوبۇل قىلىش خىرىسىمىز ئېتىۋارغا ئېلىنىدىغان بولسا، كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنيادا) بۇ ئاياللارنىڭ نەقەدەر پەشكەش، ئىزانى بىلمەيدىغانلىقى ئەمەس، نەقەدەر جۈرئەتكار ئىكەنلىكى سۆز تېمىسى بولىدۇ. «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى»[1] دىكىدەك، ھېچكىم ئوتتۇرىدىن چىقىپلا، ھەي بۇ نېمە شەرمەندىلىك! دېمەستىن، (ئۇنداق دەي دېسە مەدەنىيەتسىزكەن دېيىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن) ھەممە «مەدەنىيەتلىك» بولۇۋېلىپ، ھەۋەس قىلىشىدۇ.

ئەجەبا، بىز ئارقىدا قالغانلىقىمىزدىن مۇشۇنداق تۈيۈلۈۋاتامدۇ؟ ياكى ئاۋۇلار تاپتىن چىقتىمۇ؟ ئويلاپ كۆرسەك، ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدا ساناقلىقلا موھىم پەرقلەر بار: تىل بىلەن بىللە ھىس-تۇيغۇنى تىلغا ئالىمىز؛ مادامىكى، ھىس- تۇيغۇ، نومۇس تۇيغۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟ ھايۋانلار ئەۋرىتىنى يېپىشنى بىلمەيدۇ، ئەگەر يالىڭاچلىق مەدەنىيلىك ھېساپلانسا، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيلىكىنىڭ ئاخىرقى چېكى يالىڭاچلىقمىدۇ؟ ئۇ ھالدا، بىز تېخىچە مەدەنىيلىكتە ھايۋانلارغا يېتەلمىگەن بولامدۇق ياكى بۇنىڭ باشقىچە چۈشەندۈرۈلىشى بارمۇ؟

ئەر- ئايال باراۋەرلىكى جار سېلىنغان، مۇسۇلمانلاردا ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن تەڭ باراۋەر ئەمەسلىكىدىن شىكايەت قىلىدىغان مەدەنىيەتلىك غەرپ دۇنياسىدا ئاياللارنىڭ بەدەن گۈزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، خۇددى مايمۇن ئوينۇتۇپ پۇل تاپقاندەك، يالىڭاچ بەدىنىنى نامايىش قىلىپ پۇل تاپىدۇ. بۇ

[1] دانىيە باللار يازغۇچىسى ئاندېرسوننىڭ مەشھۇر ھېكايىسى، — ئا.

ھېلىقى دەبدەبىلىك «باراۋەرلىك»كە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ؛ ئاياللارغا ھاقارەت قىلغانلىق ھېساپلانمايدۇ: ئانىلارغا، ھەدىلەرگە ھاقارەت قىلغانلىق ھېساپلانمايدۇ. ئاياللار پۇللۇق بايۋەچچىلەرنىڭ كەيپى ئۈچۈن سەھنىدە يالىڭاچلىنىدۇ، قىيا-چىيالار ئىچىدە، ھۆسنىنىڭ جەلپكارلىق كۈچىدىن پايدىلىنىپ، يانچۇقلارنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى پۇللارنى تارتىپ چىقىرىۋاتقان كارامىتىدىن مەست بولۇدۇ!

بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتا تېكس مارىرس: دۇنياۋي سۇئىقەستلىك پىلاننىڭ بىر پارچىسى، «يېڭى دۇنيا تەرتىپى» قۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى، غەرەزلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەنەۋي بۇزغۇنچىلۇق،... دەپ قارايدۇ. يەنە غەرپ تۈزۈلمىسىدە ئائىلە بېغىنى بۇزۇش، قېرىنداشلىق بېغىنى بۇزۇش، مىللىي ھىس، دۆلەتچىلىك ئېڭىنى بۇزۇش،.... قاتارلىقلارنىڭمۇ بىر خىل سىستېمىلىق بۇزغۇنچىلۇق ئىكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن دۇنيانى بىر ھاكىمىيەت ئاستىغا توپلاشنى نىشان قىلغان سىرلىق تەشكىلاتلار غايىسى شەرت قىلىۋاتقان ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈدۇ.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ھايات ئەمەلىيىتىمىزنى كۈزۈتۈپ، ئىستېتىك ئۆلچەملىرىمىزنىڭ كۈنسېرى بۇزۇلۇپ، شەرەپ ۋە نومۇس ھەققىدىكى باھامىزنىڭ ئالمىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئەلەم ئىچىدە كۆرىمىز: ئەللىك يىلنىڭ ئالدىدا ئەركەكلىرىمىزدە شۇنداق بىر روھ ياكى شۇنداق بىر ئەركەكلىك ئادىتى بولۇدۇغان: مەھەللىنىڭ بىرەر قىزىغا يات بىرسى پوخۇرلۇق قىلىۋاتقىنىنى كۆرسە، ئۇ قىز بىلەن ھېچ تۇققانلىق بېغى ياكى سۆيگۈ مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ ھېلىقى يات ئادەمنىڭ ھەددىنى بىلدۈرۈپ قويياتتى ۋە بۇنى بىر مىللىي شەرىپى، مەھەللىنىڭ (شەھرىنىڭ، يۇرتىنىڭ) شەرىپى ھېسابىدا قىلاتتى. بۈگۈن ھەتتا ئۆزىمىزگە باغلىنىشى زىچ بولغان بىر قىز ھەققىدىمۇ بۇنداق بىر ئەركەكچە ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. خۇددى شۇنىڭدەك باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىمىزدە ــ ھاياتىمىزنىڭ ھەر ساھەسىدە ئەنە شۇنداق بىر تەتۈرلۈكنى كۆرمەكتىمىز. ئەقىل بىلەن تەكرار-تەكرار ئويلاپ كۆرەيلى، ئۇ چاغلاردا بەك قالاقلىقىمىزدىن شۇنداق بولغانمىدى؟

ياكى تەدرىجىي ئۆزگۈرۈپ بېرىۋاتامدۇق؟ بەلكىم، بەزى جەھەتلەردە ئۇ زامان بەك قالاق بولغىيدۇق، ئەمما ئىنسانىي پەزىلەتلەر نۇقتىسىدا بۈگۈنكىدىن يۈزدە-يۈز ياخشى ئىكەنلىكىمىز بىر ھەقىقەت ئەمەسمۇ؟

مىللىي ئەخلاقىمىزغا دىنىي پرىنسىپلار تەرىپىدىن سىڭدۈرۈلگەن بايلارنىڭ يوقسۇللارغا يار-يۆلەك بولۇشى جەھەتتىمۇ بىز ئەمدى ئېسىلزادىلىك بىلەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈيدىغان شەرمەندىلەرگە ئايلاندۇق. گەرچە بىز ئەڭ بىچارە بىر خەلق بولساقمۇ، مىليونلارچە ئىنسانىمىز يوقسۇللۇق پەنجىسىدە ئىڭراۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارغا يىللىق خىراجەت بولۇدۇغان ئىقتىسادنى بىر قېتىملىق مەنمەنلىك ئۈچۈن سورۇۋېتىمىزكى، ئاشۇ يوقسۇل ۋەتەندىشىمىزغا، قوشنىمىزغا، يۇرتدىشىمىزغا بەرگىمىز كەلمەيدۇ. رېستورانلاردىكى ھەشەمەتلەر، ئىسراپخورلۇقلار بۈگۈن بىزنىڭ بايۋەچچىلىكىمىزنى كۆرسۈتۈدۇغان «گۈزەل» نەرسىگە ئايلاندى. بۇندىن ئەللىك يىل ئەمەس، يىگىرمە يىل ئالدىدىمۇ بۇ بىر خىل «ئىسراپچىلىق» بولۇپ، «ئىسراپ ھارام» دېگەن دىنىي پرىنسىپقا كۆرە يىركىنىشلىك ئىش ئىدى.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، تېخى يېقىندىلا (مەن خىزمەتتىكى زامانلاردا) «مىللەتلەر ئىتتىپاقى نەمۇنىچىسى» دېگەن ئاتاقنى بېرىپ، مۇكاپاتلايدىغانغا ئادەم تاپالماي، بىرەر كىچىك مەنسەپتىكىگە ياكى پارتىيە-ئىتتىپاق ئەزاسى بولۇپ قالغان بىرىگە تېڭىلاتتى. بىرمۇنچە مۇكاپات بويۇملىرى بېرىلىدىغان تۇرسىمۇ نېمىشقا كىشىلەر «مىللەتلەر ئىتتىپاقى نەمۇنىچىسى» دېگەن ئاتاقنى ئېلىشتىن، سەھنىگە چىقىپ مۇكاپات تاپشۇرۇۋېلىشتىن قاچاتتى؟ چۈنكى بۇ ئېنىق «مۇناپىقلىق شاھادەتنامىسى» ئىدى. بۇنىڭ تېگىدە ياتقان شەرمەندە ئاتاقتىن قېچىۋاتاتتى. لېكىن قىسقا مۇددەت ئىچىدە زور كۆپچۈلۈك بۇ ئاتاقنى تالىشىدىغان ھالغا كەلتۈرۈلدى.

بۇ ئاشكارە بىلىنىپ تۇرۇدۇغان ئاتاقتا كۆندۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، «ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «بەشتە ياخشى پالان» دېگەندەكلەرگە كۆندۈرۈلدۇق. ئەسلىدە بۇ ھاكىمىيەتلەر تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان «مۇددىئاغا ئۇيغۇن شەرتلەندۈرۈش،

شەكىللەندۈرۈش» پروگراممىسىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ئىدى، خالاس!

ھەر كىم گۈزەللىك ئۆلچەملىرىمىزدە تەدرىجىي بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە ئۆز تۇرمۇشىدىن سانسىز مىساللارنى تاپالايدۇ. قۇلاقنى پاك قىلىدىغان ناخشىلارنى مىسالغا ئالساقمۇ، بۇ قەدەر شاۋقۇن- سۈرەننىڭ مېڭىنى چارچىتىدىغان يېقىمسىز نەرسە سانالماي، بىر خىل سەنئەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشىمۇ، ئۆلچەملىرىمىزدە تەدرىجىي يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىر سەمەرىسىدۇر.

يېقىندا مەن تۈرك مەتبۇئاتلىرىدا بىر ئاجايىپ مىسال بىلەن بېرىلگەن چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ ماقالەمدە ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتقان نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈلۈشىدە ئالتۇندەكلا بىر مىسال بولغاچقا بۇ يەردە ئەينەن يازىمەن:

ئېيىق «ئۇسۇل ئويناش»قا قانداق كۆندۈرۈلىدۇ؟ ئېيىق ئاستى تەرىپىدىن قىزىتىلغان تۆمۈر تاختا ئۈستىگە چىقىرىلىدۇ. توختىماي داپ چېلىنىدۇ. پۇتى كۆيگەن ئېيىق گاھ بۇ پۇتىنى گاھ ئۇ پۇتىنى كۆتۈرۈپ، قىزىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن توختىماي «پەي-پەيلەيدۇ». بۇ ھەركەت ئىنسانلار تەرىپىدىن «ئۇسۇل ئويناش» دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ خىل كۆندۈرۈش ئېيىقنىڭ جېنىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىلىدۇ. كېيىن نورمال يەردىمۇ داپ ئاۋازى ئاڭلىنىشى ھامانلا ئېيىقنىڭ شەرتلەندۈرۈلگەن نېرۋىلىرىدا خۇددى پۇتى كۆيۈۋاتقاندەك تۇيغۇ قايتىلىنىپ، گاھ ئۇ پۇتىنى، گاھ بۇ پۇتىنى يەردىن ئۈزۈپ، پەي-پەيلەشكە باشلايدۇ. مانا بۇ داپ ئاۋازىغا باغلانغان شەرتلەندۈرۈش بولۇپ، داپ ئاۋازى ئاڭلانغان ھامان ئېيىق پۇتى كۆيمەيدىغان يەردە بولۇشىغا قارىماي، پەي-پەيلەۋېرىدۇ.

ئىككىنچى مىسال. چېكەتكە ئەينەك قۇتىغا سولۇنۇپ، ئۈستىگىمۇ بىر پارچە ئەينەك يېپىپ قويۇلسا، چېكەتكە ئەينەكنى ئوچۇقچۇلۇق دەپ ئويلاپ، چىقىپ كېتىش ئۈچۈن سەكرەشكە باشلايدۇ. بىر، ئىككى،... مىڭ، ئىككى مىڭ،... ئونمىڭ،... قېتىم سەكرەشتىن كېيىن چېكەتكە چارىسىزلىككە ئۆگۈنىدۇ. ئاندىن قاچىنىڭ ئۈستىدىن ئەينەك پارچىسىنى ئېلىۋەتسىمۇ

چېكەتكە ئاشۇ ئۆگۈتۈلگەن چارىسىزلىك ئېڭى بىلەن، قايتا سەكرەپ بېقىشنى ئويلىماي، قاچىنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋېرىدۇ. بۇنىسى ئۆگۈتۈلگەن\شەرتلەندۈرۈلگەن چارىسىزلىك دېيىلىدۇ.

ئۈچىنچى مىسال. پىل بالىسى دەرەخكە باغلىنىدۇ. كۈنلىرى ئەنە شۇ باغلاقتا كېچىدۇ. يىللار ئۆتىدۇ، يوغىنايدۇ. نەچچە توننا كېلىدىغان يوغان پىلغا ئايلىنىدۇ. ئەسلىدە ئۇ دەرەخنى قومۇرۇۋېتەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئاشۇ ئۆگۈتۈلگەن چارىسىزلىك تۈپەيلى، دەرەخ تۈۋىدە يۇۋاشلىق بىلەن تۇرۇۋېرىدىغان بولىدۇ.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى ئەنە شۇنداق شەرتلەندۈرۈلمەكتىكى، خىتاي يوق جايلاردىمۇ، خىتاينىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئۇزاق ئەللەردە تۇرۇپمۇ خىتايدىن قورقۇش پىسخىكىسى مانا شۇ شەرتلەندۈرمىنىڭ نەتىجىسىدۇر. چۈنكى بىزگىمۇ دايىم ئالدىمىزدا بىر زىيان تارتقان ئۆلگە كۆرسىتىلىدۇ؛ كەچمىشىمىزدىكى زىيان تارتقان كەچمىشىمىز مېڭىمىزگە قۇيۇلىدۇ. خىتاي يوق سورۇن بولغاندىكىن، ھەممىمىز ئۇيغۇر بولغاندىكىن، دېگەن ھىسسىياتتا قىلىنغان گەپ سۆزلىرىمىزدىنمۇ چاتاق چىققان كەچمىشلىرىمىز بىزگە ھەر ئۈچىمىزدىن بىرىمىز جاسۇس ئىكەنلىكىنى يادلىتىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ، خىتاي يوق بولسىمۇ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ساقچىلىق قىلىپ، خىتايغا ئاۋارىچىلىق كەلتۈرمەيدىغانغا كۆنۈكۈپ كېتىمىز.

يوقارقى مىسال ۋە ئىزاھلار ئارقىلىق دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، ئىنسانىنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ! بۇنى بىز سىياسىي غايىمىزگە تەدبىق قىلغىنىمىزدا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، بۈگۈنكى مىللىي ساپامىز، مىللىي ئاجىزلىقلىرىمىز، خاراكتېرىمىزدىكى بارلىق پاسسىپ ئامىللارنىمۇ ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ!

# مىللىي مۇستەقىللىق ئىدىيىمىزنىڭ ئاساسلىرى

(مۇنازىرە نۇسقىسى)

**سۆز بېشى**

ۋەتەن سىرتىدىكى 50 يىللىق مۇستەقىللىق ھەركىتىمىز بىر ئىدىيىۋى سىستېما بەرپا قىلىش ۋە شۇ سىستېم «تانىسى»نى بويلاپ تەشۋىقات، ھەرىكەت ۋە تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىش ۋە شۇ «تانا»غا توغرىلاپ تەشكىللاتلىنىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن يەككە «پارتىزانلىق» ھەركىتى — تېخىمۇ توغرىسى، لىدىر (لار)نىڭ شەخسىي تىرىشچانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بىر ئىزچىل ھەرىكەت مېخانىزمى قۇرۇپ چىقىلمىغان ياكى قۇرۇپ چىقىلغان مېخانىزىممۇ شەكلەن بولۇپ، ئۆلۈك ياتىدىغان، بىرلا لىدىر پالاقشىپ يۈرىدىغان، شەخسىي ھەركەت شەكلى بولۇپ قېلىش تۈپەيلى داۋاۋ ۋارىسسىز بولدى. ئۇ كۈندىن- كۈنگە ئەۋج ئالىدىغان، كۈندىن - كۈنگە كۈچۈيۈپ، مۇكەممەللىشىپ بارىدىغان ئەمەس، لىدىرنىڭ پاچىقىنىڭ مادارىغا باغلىق بولۇپ كەلدى. نەتىجىدە، لىدىرنىڭ پاچىقىدا ماغدۇر بار چاغدا بىر ئاز «شامال چىقارغان»دەك قىلىسىمۇ، پاچاقنىڭ مادارى تۈگۈشى ھامان، ھەممە ياقنى قەۋرىستان جىملىقى بېسىپ، تاكى يەنە بىر لىدىر ئوتتۇرىدا بوي كۆرسەتكەنگە قەدەر ئاۋازىمىز ئۆچۈپ كەلدى. بۇ ھالدىن يەنە «لىدىر» دەۋالغانلىرىمىزنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە «ئۈيغۇرچە» لىدىر ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرىۋالغىلى بولۇدۇ.

بۇ خۇددى قەدىمقى زامان دۆلەتلىرىدە بىرەر تەدبىرلىك دانا پادىشا تەختكە چىققان ھامان ئىشلار جانلىنىپ، دۆلەت گۈللىنىپ، كۈچىيىپ، ئەتراپقا كېڭىيىپ، ئىمپىرىيە تۈسىنى ئالىدىغان؛ بۇ پادىشا ئۆلگەن ھامانلا ئۇ قەدەر شاۋ

ـ شاۋلار بىردىنلا جىمىپ، شاھزادىلار ئۆز ئالدىغا زىمىن بۆلۈۋېلىپ، كىچىك ـ كىچىك بەگلىكلەرگە ئايلىنىپ، ھەتتا مۇنقەرز بولۇپ كەتكىنىدەك بىر ھال.

چۈنكى قەدىمقى زامان دۆلەتلىرىدە دۆلەتنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىستراتېگىيە پىلانى، ھەركەت پىرىنسىپلىرى،... دېگەندەك بىرلىككە كېلىنگەن بىر مەنۋى قورال بولماي، پەقەتلا پادىشانىڭ ئاخشامدا ئويلاپ يېتىپ، ئەتىسىگەندە تۇرۇپ ساراي ئەركانلىرىغا دەيدىغىنى دۆلەتنىڭ قانۇنى ۋە ھەرىكەت پىلانى بولۇدۇغان بولغاچقا، پادىشا ئۆلگەن ھامانلا ۋارىسلاردا نېمە قىلىش مەسىلىسىدە تالاش ـ تارتىش بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مانا شۇنداق يەككە ئەقىل، يەككە ھەرىكەت شەكلى بىلەن بولۇدۇغان ئىشلار دائىم ئوخشاش نەتىجىگە ئېلىپ باردى: خۇددى جاڭگالدىن يانغان پادىنىڭ سۈرەن ـ چوقىنى ئۆتۈپ كەتكەن ھامان ئەتراپ جىمىپ كەتكەندەك.

تاكى بۈگۈنگىچە ئېنىقتەك تۇرۇپمۇ تېخىچە ئېنىقلىقا ئېرىشەلمىگەن مەسىلىلەر بار. بۇلار ئېنىق بولمىسا ئىدىيە ئېنىق بولمىغان بولۇدۇ؛ ئىدىيە ئېنىق بولمىغان تۇرۇپ، ھەرىكەت قانداق توغرا بولۇدۇ؟

مەسىلەن: بىزنىڭ دۈشمەن قارىشىمىز قانداق؟ دۈشمەن دەپ تونۇيدىغىنىمىز كىملەر؟ بىزنىڭ سىياسىي غايىمىز نېمە؟ دۆلىتىمىز قەيەر؟ ئۇنىڭ دۆلەتلىك ئورنى، سالاھىيىتى نېمە دەپ چۈشۈنۈلۈۋاتىدۇ؟ بۈگۈنگىچە قىلىنغان ۋە قىلىنىۋاتقان ھەركەتلىرىمىز (چەتئەللەردە)نىڭ خاراكتېرى نېمە؟ يەنى، ئازادلىق ھەركىتىمۇ؟....

قارىماققا بۇلار بەك ئاددىي، بۇنىڭ جاۋابىنى ھەركىم بېرەلەيدۇ. خۇددى 1+1=2 غا ئوخشايدۇ. بۇنى باشلانغۇچ مەكتەپ ھېساپ ئىلمى (ئارفىمېتىكا)نۇقتىسىدىن ھەركىم ئىشلىيەلەيدىغان ئاددىي ئەمەل؛ ئەمما «گولباخ قىياسى»دىكى ماتىماتىكىلىق قىممىتىنى تېپىش ئانچۇۋالا ئاسان بولماي، بۇنى خىتاي ماتىماتىكى چېن جىڭرۇن يېرىم ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ ئىشلەپ چىققانغا ئوخشاش مۇرەككەپ بىر مەسىلە.

ئالدى بىلەن ئىدىيىمىز روشەن بولۇشى كېرەك. داۋامىز جەريانىدا ھەركۈن كېرەك بولۇدۇغان ئەقەللىي سىياسىي ساۋاتلاردىكى نۇقتىئىينەزەر، سان-

سىپىرلار ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ۋە مۇقىم بولۇشى كېرەك. ئاندىن بەلگىلەيدىغان سىياسىتىمىز توغرا بولۇدۇ، پىلانىمىز قوللۇنۇشچان بولۇدۇ؛ ھەركىتىمىزدە رېتىم، ئىزچىللىق بولۇدۇ. تەشۋىقاتىمىز(گەرچە بۆگۈنگىچە تېخى تىلغا ئالغۇدەك تەشۋىقات مىخانىزمى بولمىسىمۇ) ئاداققى مەخسىدىمىزگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاددىي مىسال: بۆگۈنگىچە بىز ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى تالىشىپ يۈرۈۋاتىمىز، بۇ ئەسلىدە ئەقىل بىلەن ئويلىغاندا نومۇس قىلغۇدەك بىر ئىش. شۇمۇ تالىشىدىغان ئىشمۇ؟ ئاشۇنى بىرلىككە كەلتۈرەلمىگەن تۇرۇقلۇق باشقا يوغان گەپلەرگە نۆۋەتمۇ يوق!

بۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيىۋى قارىشىمىز بىر تاپقا چۈشۈشى كېرەك. ئىدىيىۋى قاراش، مەيدان، نۇقتىئىينەزەر، قايسى مەسىلىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش قاتارلىقلارنى «تاپقا چۈشسۇن» دېسەك، ئالدى بىلەن ئاشۇ «تاپ» سىزىپ چىقىلىشى كېرەك. مانا شۇ «تاپ» مۇستەقىللىق ھەركىتىمىزنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى — مەنىۋى (ئىدىيىۋى) سىستېمىمىز بولۇدۇ.

ئىدىيىۋى سىستېمىنىڭ پايدىسى شۇكى، ئۇ بىر مىزان رولىنى ئويناپ، بىزنىڭ بىلىپ- بىلمەي نىشاندىن چەتنەپ كەتمەسلىكىمىزنى تەمىن ئېتىدۇ. مەسىلەن: بىرسى ئىقتىسادىي ياردەم تەكلىپ قىلىشى مۇمكىن؛ چوقۇمكى بۇ ياردەمنىڭ مەلۇم شەرتى بولۇدۇ. ئەگەر بۇ شەرت بىزنىڭ ئاشۇ «تاپ»تا بەلگىلەنگەن ۋاز كېچەلمەس قىممەتلىرىمىزگە مۇخالىپ كەلمىگەن ئەھۋالدا، باشقا قۇربانلارنى بېرىپ، بۇ ياردەمنى قوبۇل قىلىشقا بولۇدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز. بىرسى بىر ئىتتىپاق تەكلىپ قىلىشى مۇمكىن. تەبىئىيكى بۇمۇ مەلۇم ئالدىنقى شەرتلەرگە تايانغان بولۇدۇ. ئەگەر بۇ ئىتتىپاققا قاتنىشىش بىزدىن مەلۇم قۇربانلارنى تەلەپ قىلسا، بۇ قۇربان ئەڭ ئاداققى سىياسىي مەخسىدىمىزنىڭ زىتى بولمىسىلا قوبۇل قىلىش مۇمكىن. ئەگەر ئەكسىچە بولغاندا ئۇنىڭ پايدىسىدىن قەتئىينەزەر قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ سىستېم بىزگە نېمىلەردە مۇرەسسە قىلىش، نېمىلەردە مۇرەسسەسىز بولۇشتا مىزان بولۇدۇ ۋە بىزنى «چۆگۈلۈتۈپ قويۇپ بېرىلگەندەك» نېمە قىلىۋاتقىنىمىز ئېنىقسىز، «ئىش قىلدۇقمۇ؟ قىلدۇق» شەكىلدىكى پايدىسىز ھەرىكەتلەرنى

قىلىشتىن، پىرىنسىپال ئىغىشلاردىن ساقلايدۇ. بۇندىن باشقا داۋا سىپىدىكى سىياسىيونلار، تەتقىقاتچىلار، ئوبزورچىلار،...نى مەلۇم ئىلمىي ئاساس بىلەنمۇ تەمىن ئېتىدۇكى، بۇنداق ئەقەللىي ئىلمىي ساۋاتلار، داۋا سىپىدىكى ھەممىمىز ئۈچۈن ناھايىتى موھىم. ھەممىمىز بۇ داۋانىڭ ئارقىسىدا جاپا چېكىپ يۈرۈۋاتقاندەك قىلىۋاتقان بولساقمۇ، بۇ داۋاغا ئالاقىدار ئەقەللىي ئىلمىي ساۋاتلاردىكى ئاچىماقلىقىمىز، كىشىلەرنى قايىسىنىڭغا ئىشىنىش، قايىسىنى ئاساس قىلىشنى بىلمەسلىكتەك، گاڭگىرىتىشقا ئاپىرىپ، داۋامىزنىڭ جىددىيىتىنى، ھەقىقىي پىشىپ يېتىلگەن ئىچكىي ئارزۇنىڭ پارتلاپ چىقىشى ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدۇرۇشنىڭ ئەكسىچە، باللارچە تۇس بېرىپ، كۈلكىگە قالدۇرۇشقا ياراۋاتىدۇ. مەسىلەن: ۋەتەننى تونۇش، دۈشمەننى تونۇش؛ تېرىتورىيىلىرىمىزنى تونۇش، تارىخىمىزنى تونۇش؛ دۈشمەننى تونۇش؛... قاتارلىقلاردا مەلۇم ئاساسقا تايانغان، بىرلىككە كەلگەن تەلەپپۇز يوق؛ سان- سىپىرلار بىر- بىرىگە رەپ يېمەيدىغان شەكىلدە، بەزى موھىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئاتىقى ھەر خىل شەكىلدە ھەتتا خىتاي قانداق ئاتىغان بولسا شۇ پەدىدە. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئاساس بىلەن تەمىنلەش زۆرۈرىيىتى بۇ تېمىنى قولغا ئېلىشىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر.

### ۋەتەننى تونۇش

ۋەتىنىمىزنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى تونۇش؛ ئەسلىدە مۇستەقىل دۆلەت بولغانلىقىمىزدىن گۇمانلىنىۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا يېڭىدىن ئىسىم قويۇش ئۇرۇنۇشلىرىنى توگۇتۇش. ئەسلىدە مۇستەقىل دۆلىتىمىز بولغان ئىكەن، چوقۇم ئۇنىڭ ئىسمى بار دېگەن گەپ. ئۇ ھالدا ئىسىم قويۇش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ نەقەدەر بىمەنە ئىكەنلىكى ئاسان ئاڭلىشىلىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، يېڭىدىن ئىسىم قويۇش ــ گويا بىز خىتايلارنىڭ دەۋاتقىنىدەك، خىتاي تەۋەسىدىن يېڭىدىن بۆلۈنۈپ چىقماقچىدەك ئۇقۇم تۇغدۇرۇپ، بۇ دەۋانى تۈيۈق يولغا تىقىپ قويىدۇغان قورقۇنۇچلۇق خاتا! ئەگەر بۇنى، ئەسلى ئىسمىغۇ شۇنداق ئىدى، ئەمما بىز ئۇنى ئۆزگەرتمەكنى نەزەردە تۇتۇپ شۇنداق دەۋاتىمىز دەپ شەرھىيلىگۈچىلەرگە

دەيدىغىنىمىز شۇكى، ۋەتەن سىرتىدىكى ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم كىشىنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىليونلارچە خەلققە ۋاكالىتەن بۇنداق بىر قارارنى چىقىرىشى تېخىمۇ بىمەنىلىك. چۈنكى، ھازىر ھېچكىم بۇنىڭغا سالاھىيەتلىك ئەمەس! ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسمى مىليونلارچە شېھىتلەرنىڭ قانلىرى ۋە جانلىرى بەدىلىگە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىسمىنى دۈشمەندىن ئېرىشدالغان تۇپرىقىمىز ئۈستىدە جاكالىغان ئىدى! قاچانكى، بىز يەنە بىر قېتىم، تۇپرىقىمىزنى (ھېچ بولمىغاندىمۇ ئىسىم قويغۇچى گورۇپپىلار ئۆزلىرى پاتقۇدەك بىر قىسمىنى) دۈشمەندىن تازىلاپ، يېڭى بىر ئىسىم جاكالىسا، ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ھەركىم ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ئەقەللىي بىر ئۇقۇم. چۈنكى ئۇ بۇ يولدا قۇربان بەرگەن ۋە بۇ سالاھىيەتنى قازانغان بولىدۇ. شۇڭا ھازىرچە بۇنداق بىمەنىلىكنى، باللىقنى قەتئىي قىلماسلىق!

ۋەتەننىڭ ئاخىرقى ئىككى قېتىملىق مۇستەقىللىق جاكالىغان ۋاقىتتىكى ئىسمىنى بىر ئېغىزدىن ئېتىراپ قىلىش؛ ۋەتەن نامى مەسىلىسىدىكى ئاچىماقلىقنى توگۈتۈش؛

## تېرىتورىيىمىزنىڭ چېگرالىرىنى تونۇش

ۋەتىنىمىز قەيەردىن تارتىپ قەيەرگىچە؟ ئومۇمىي كۆلىمى قانچىلىك؟ قايسى دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ؟ بۇلارنى تونۇشىمۇ بىر سىياسىي داۋاگەر ھەمىشە دۇچ كېلىپ تۇرۇدۇغان، بىلمىسە بولمايدىغان ئەقەللىي ساۋاتلاردۇر. ئەمما ھازىرغىچە تۇپرىقىمىزنىڭ كۆلىمى ھەققىدە بىر مىليون ئالتەيۈزمىڭ قانچە قانچەدىن بىر مىليون سەككىزيۈز قانچە مىڭ كارە كىلومېتىرگىچە بولغان خىلمۇ ـ خىل سانلار بېرىلىپ، داۋانى باللارچە تۈستە كۆرسۈتۈپ كېلىۋاتىدۇ. تېخىمۇ يامىنى بۇ سىياسىي داۋانىڭ بېشىدىكىلەرنى سىياسىي ساۋادى تۆۋەن، ئاۋارىلاردەك كۆرسۈتۈپ، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ خەلقارادىن كۈتۈۋاتقان ياردەملىرىمىزنى چۈشكە ئايلاندۇرىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلە ھەققىدىمۇ جۇغراپىيە ساھەسىدىكى بىلگىنلىرىمىزدىن بىرەرسى ئىشىنەرلىك ئاساسلارغا تايانغان بىرەر ئىلمىي ماقالە بىلەن بىر سان ئوتتۇرىغا قويۇشلىرى كېرەك ۋە شۇندىن كېيىن ھەممىمىز ئەنە شۇ ساننى دېيىشىمىز كېرەك.

## ۋەتەننىڭ تارىخىنى ـــ ھېچ بولمىغاندا مۇستەملىكە تارىخىنى تونۇش

تارىخنى بىلىش ئەلۋەتتە تارىخچىلارنىڭ ئىشى. بۇ مۇپەسسەل تارىخ بىلىمىنى كۆزدە تۇتقاندا شۇنداق. ئەمما بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي داۋاسىنى قىلىۋاتقانلار، بىر مىللىي داۋانىڭ نەزەرىيە ساھەسىدە ئىشلەۋاتقانلار بىلمىسە بولمايدىغان ئەقەللىي تەرپىمۇ بار. بىز كىممىز؟ بۇنى ھەر زامان قىسقا ۋە خاتاسىز ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر كىشى لىبدىرلىق ئورنىدىن داۋاگەر بولالمايدۇ. چۈنكى بىر ئەقەللىي ئۇقۇم شۇكى، سەن ئۆزەڭ داۋاسىنى قىلىۋاتقان خەلقنىڭ، تۇپراقنىڭ قىسقىچە تارىخنى بىلمىسەڭ قانداق داۋاچى بولالايسەن؟ ئەمما بۇ تەلەپ پەقەتلا ئەڭ ئۈست قاتلامدىكى لىبدىرغىلا قارىتىلغان ئەمەس. بۇ داۋا سېپىدە باشلامچىلىق رولى ئويناۋاتقان سىياسىيونلارنىڭ ھەممىسى، نەزىرىيىۋي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇن ئەقەللىي تەلەپتۇر. چۈنكى، بىزدىن ھەرئان بىر مۇخبىر، بىر چەتئەللىك قىزىققۇچى سورىشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا بىز بۇگۇن بىر خىل، كېيىنكى قېتىم يەنە بىر خىل جاۋاپ بەرسەك، ئۆزىمىز ھەققىدىكى كىشىلەرنىڭ باھاسىنى سەلبىي تەسىرگە ئۇچراتقان بولۇمىز. ھېچ بولمىغاندا مۇستەملىكە تارىخىمىزدىكى يىللار، سان - سىپىرلار ئېنىق ۋە بىر خىل بولىشى كېرەك. تارىخي پاكىت شۇكى، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرىنچى قېتىم خىتايلار تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىشى 1759 - يىلى. ئىككىنچى قېتىملىق ئىستىلا 1878 - يىلى. ۋەتىنىمىزگە خىتايچە ئىسمىنىڭ قويۇلغان ۋاقتى 1884 - يىلى. تۇنجى جۇمهۇرىيىتىمىز 1933 - يىلى 12 - نۇيابىردا؛ ئىككىنچى جۇمهۇرىيىتىمىز 1944 - يىلى 12 - نۇيابىردا قۇرۇلدى. كوممۇنىست ئىستىلاسى 1949 - يىلى بولدى. ۋە كوممۇنىستلار ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغان يىلدىكى نوپۇس نىسبىتىدە خىتايلارنىڭ تۇتقان ئورنى 2% ئىدى. بۇ نوپۇس نىسبىتى ناھايىتى موھىم بىر داۋا تۇتقۇلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇنى بەزىلەر 5%، بەزىلەر 10% دەپ ئۆزى بىلگەنچە بىلجىرلاۋاتىدۇ. مېنىڭ ئوتتۇرىغا قويغۇنۇم خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئېلان قىلغان بىر دوكلادتا بېرىلگەن

سان بولۇپ، باشقا نۇرغۇن تارىخىي يىپ ئۇچلىرى بىلەن ھەملىشىدۇ. شۇڭا بۇنى تامامەن توغرا دەپ قارايمەن. مانا شۇنىڭدەك تارىخىي سان ـ سىپىرلار مۇمكىن بولغىنىچە يۇزدە ـ يۈز توغرۇلۇق يۈنۈلۈشىدە تەتقىق قىلىنىپ، بېكىتىلىشى؛ تېخىمۇ كۈچلۈك ئىلمىي ئاساس كۆرسۈتۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا بالىلارچە ھەركۈنى ئۆزگەرتىپ، خىلمۇ ـ خىل ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئاتالغۇلىرى**

ئۇندىن باشقا تارىخىي ئاتالغۇلار مەسىلىسىمۇ بىزنىڭ سەۋىيىمىزنى كۆرسۈتىدۇغان ئەينەك بولۇپ قالماقتا: ئانچە ئوقۇمىغان بىر دوستىمىز سىياسىيونلىرىمىزنىڭ سۆزلىرىدە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى» دېگەن ئاتالغۇغا دىققەت قىلغان. دېمەك بەزى خاتالارنى كۆڭۈل تۈيۇدۇكەن! ئوقۇمىغان بولسىمۇ بۇ گەپنىڭ نەقەدەر كۈلكىلىك گەپ ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ماۋزېدوڭنىڭ ئاتالمىش تەزىيە تېلېگراممىسىدا تىلغا ئېلىنغان قەستەن كىچىكلىتىپ، سىياسىي مەخسىدىنى بۇرمىلاپ ئاتاشتىن كەلگەنلىكىنى ھىس قىلالىغان، ئاپىرىن! ئەمما، سىياسىي پائالىيەتچىلىرىمىزنىڭ ھېلىغىچە ماۋزېدوڭ قويۇپ بەرگەن ئاتنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشى، داۋاننىڭ ساپاسىغا بېرىپ تاقالامدۇ؟ بۇ مەسىلە بىر ئاددىي سوئال بىلەنلا ئېنىقلىنىدۇ: ئەجەبا شۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنىڭ مەخسىدى ئۈچ ۋىلايەتنىلا ئازات قىلىشمىدى؟ ئەگەر ئۇنىڭ مەخسىدى شەرقىي تۈركىستاننى ئازات قىلىش بولۇدۇغان بولسا، ئۇ ھالدا نېمىشكە «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋى» دېمەيمىز؟

1990 ـ يىلى 5 ـ ئاپرىلدا پارتلىغان بارىن ئىنقىلابى، كوممۇنىست ئىستىلاسىدىن كېيىنكى ئەڭ زور دەۋر بۆلگۈچ ئىنقىلاپ بولسىمۇ، بەزىلەر تېخىچە بۇنى «بارىن ۋەقەسى» دەپ كىچىكلىتىپ ئاتاۋاتىدۇ. بۇ مىڭلارچە ئادەمنىڭ ئۆلۈمى بىلەن نەتىجىلەنگەن، دۈشمەننىڭ ئونمىڭلارچە ئەسكەر ۋە ساقچىسى سەپەرۋەر قىلىنغان بىر ئۇرۇش ئىدى. بۇ قەدەر چوڭ بىر ئۇرۇش «بارىن ۋەقەسى» دەپ ئاتالسا ۋە چەتئەللىكلەرگە، ئۆز ئەۋلاتلىرىمىزغا ئاشۇنداق تونۇتۇلسا مۇۋاپىق بولارمۇ؟

2009 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن، مەدەنىيەت ئەسىرىدە دۇنيانىڭ ھېچيېرىدە بولۇپ باقمىغان ۋەھشىيلىك دەرىجىسىگە يەتكەن قىرغىنچىلىق ھەققىدە ھەم «5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى» دەپ ئاتاۋاتقانلار بار. بۇ ئاتاق شۇ ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى، دەرىجىسىنى سۇيپەتلەپ بېرىشكە ئۈيغۇن كېلەمدۇ؟ دۇنيادا بۇ قەدەر ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق ۋەقەلىرى بىردەك «قەتلىئام»، «ئاممىۋىي قەتلىئام» شەكلىدە ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ ھادىسىنى «5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.[1]

يوقۇرىدا پەقەت بىرنەچچە مىسال بىرىش بىلەن چەكلەندىم. بۇنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر، تەتقىقاتچىلار تەپسىلىيرەك قولغا ئېلىشلىرى كېرەك ئەلۋەتتە.

**دۈشمەننى تونۇش**

دۈشمىنىمىز خىتاي! بۇ نۇقتا قەتئىي ۋە روشەن بولۇش (بۇ ھەقتىكى پايدىلىنىش ماتىرىيالى: «يا مۇستەقىللىق يا ئۆلۈم» دېگەن كىتاپتىكى «دۈشمەن قارىشىمىز» ناملىق ماۋزۇ). قايسى خىتاي دۈشمىنىمىز؟ يەر يۈزىدىكى خىتايلارنىڭ ھەممىسىمۇ؟ ياكى خىتاي ئىمپىرىيىسىدىكى بارلىق خىتايمۇ؟ پەقەت كوممۇنىست خىتايمۇ؟ ياكى خىتاي دۆلىتى ئىچىدىكى خىتايلارمۇ؟ ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇزچى كۆچمەن بولۇپ كەلگەن خىتاي پۇخرالىرى، ئارمىيىسى، ساقچى ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىمۇ؟

مېنىڭچە شۇنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك: مەيلى قەيەردە ياشاۋاتقان خىتاي بولسا بولسۇن، مەيلى قانداق سىياسىي كۆز قاراشقا ئىگە خىتاي بولسا بولسۇن، ۋەتىنىمىز مەسىلىسىدە، بۇ تۇپراقنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان؛ ئەجداتلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان مۇستەملىكە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان؛ بىزنىڭمۇ ئىنسان سۈپىتىدە مۇستەقىل بولۇش ھەققىمىزنىڭ، ئارزۇمىزنىڭ بولۇشىنى ئەقەللىي تەلەپ دەپ

[1] بۇ قۇرلار ئاخىرقى كۆزدىن كەچۈرۈش داۋامىدا قوشۇلدى، — ئا.

تونۇمايدىغان بارلىق خىتايلار دۈشمىنىمىز. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا دۈشمىنىمىز ئەمەس.

يەنە بۇ دۈشمەننى ئىككى ئاساسىي كاتېگورىيىگە بۆلۈپ، شۇنىڭغا كۆرە مۇئامىلە قىلىش كېرەك. چەتئەللەردىكى خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي تېررىتورىيىسى دەپ تونۇيدىغان، تاجاۋۇزچى ئەجداتلىرىنىڭ قىلمىشىدىن نومۇس قىلىشنى خالىمايدىغانلار پاسسىپ دۈشمەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەركىتىمىزگە بىۋاستە زىيىنى يوق، پەقەت چەتئەلدىكى پائالىيەتلەردە ئۇلار بىلەن ئىدىيىۋى توقۇنۇشىمىز بولۇشى مۇمكىن. خىتاي ئىچىدە ياشاۋاتقان خىتايلارنىڭ تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت بىلەن بىر پىكىردە بولغانلىرىمۇ پاسسىپ دۈشمەن بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ بىۋاستە ۋە جىسمانىي زىيىنى يوق، پەقەت تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئارقىسىدىكى زاپاس كۈچ ياكى پوتانسىيال دۈشمەن. ۋەتىنىمىزدىكى خىتايلار — مەيلى ئادەتتىكى دىھقان، ئىشچى بولسۇن، ياكى ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىدىكىلىرى بولسۇن تاجاۋۇزچىلىق تەبىئىتىدىلا بولىدىكەن، ئاكتىپ دۈشمەندۇر. پاسسىپ دۈشمەن ھېسابىدىكى خىتايلارنى يەنە ئىككى تۈرگە ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك: چەتئەللەردىكى پاسسىپ دۈشمەنلەر ۋە خىتاي دۆلىتى ئىچىدىكى پاسسىپ دۈشمەنلەر. خىتاي دۆلىتى ئىچىدىكى پاسسىپ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ھەرقاچان ئاكتىپ دۈشمەنگە ئايلىنىش ئېھتىمالى زور بولغاچقا، ئۇلار بىز ئۈچۈن ئىككىنچى دەرىجىدە خەتەرلىك.

يوقۇرىدا سۈپىتى بەلگىلەنگەن دۈشمەن خىتايلاردىن باشقا، دۈشمەن كەشىپ قىلىش ئىنتايىن زىيانلىق. بۇنداق قورقۇنۇچلۇق ئېزىتقۇلۇق قانچىلىق جەزىبىلىك مەپكۇرىلەر بىلەن پەدازلانغان تەقدىرىدىمۇ بۇنىڭغا ئالدانماسلىقتا دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، زىكرى قىلىنغان دۈشمىنىمىزمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭ ۋە كۈچلۈك بولۇپ، بىزگە يېتەرلىك. شۇڭا بۇنىڭ تاشايىنىدا دۈشمەن يارىتىش ئۇرۇنۇشلىرى يا دۆتلۈكتىن بولۇدۇ؛ يا دۈشمىنىمىزنىڭ ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق يۆنىلەندۈرۈپ، بىزنى تۈيۈق يولغا باشلىشىدىن بولۇدۇ. ھەر ئىككىسى نەتىجە ئېتىبارى بىلەن خاتا ۋە زىيانلىقتۇر.

بۇندىن باشقا بەزى ئىنسانپەرۋەر ياكى تىنچلىقپەرۋەر چۈمپەردىسىدە كۆرۈنۈدۇغان كىشىلىرىمىزنىڭ «پۈتۈن خىتاي مىللىتىنى قارشىمىزغا ئېلىۋالساق قانداق بولۇدۇ» دېگەن ئەندىشىسىگە قارىماي، پاكىت شۇكى، يوقۇرىدا تەرىپى تىلغا ئېلىنغان خىتايلار مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن دۈشمەندۇر. ئۇنى زورۇقۇپ ئازايتىپ كۆرسۈتۈشنىڭ خۇددى ھەممىنى دۈشمەن قىلىۋالغاندەكلا پايدىسى يوق. دۈشمەننىڭ بىرلا دۈشمەن ئىكەنلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچىنى ئومۇملاشتۇرۇش داۋا ئۈچۈن ئىنتايىن موھىم بولۇپ، بۇ داۋا تەشۋىقاتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى.

«تامامەن خىلمۇ - خىل دۈشمەنلەرنىڭ بىرلا سىنىپقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك چۈشەندۈرۈش — ئۇلۇغ لىدېرلارغا خاس تالانتتۇر. ئەكسىچە دۈشمەنلەرنىڭ كۆپ خىللىقى توغرىسىدىكى چۈشەنچە ئاجىز ۋە ئىككىلىنىش ئىلكىدىكى خىياللار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۆرەش نىشانىغا قارىتا شۈبھە تۇغدۇرۇشقا سەۋەپ بولۇدۇ.

«ھەر دائىم ئوخشىمىغان دۈشمەننى ئۆز سەبداشلىرىمىز ئامىسىدا كۆرەشنىڭ پەقەت بىر دۈشمەنگە مەركەزلەشتۈرۈلگەنلىكى چۈشەنچىسىنى ئويغاتماق ئۈچۈن بىر يەرگە توپلاش كېرەك، بۇ ئۆز داۋامىزغا بولغان ئىشەنچنى كۈچەيتىدۇ. بۇ ئىشەنچكە ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ قارشىسىدىكى ھاياجاننى ئارتتۇرىدۇ.[1]»

«بىرنى بىر دېيىش» فورمىسى بويىچە، دۈشمەن ئۆلچىمىمىزگە توشۇدۇغانلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەن؛ توشمايدىغانلىرى دۈشمەن ئەمەس.

**ئۆزىمىزنى تونۇش**

ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزمۇ زۆرۈرىيەتلەردىن بىرى. خىتاي كىلاسسىكلىرىدىن «جەڭ سەنئىتى»دە «ئۆزگىنىمۇ، ئۆزەڭنىمۇ بىلسەڭ، ھەرقانداق جەڭدە يېڭىلمەيسەن» دېيىلگەندەك، ئۆزىمىزنى بىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى شۇنىڭدىكى، ئاQچە «روھى غالىبىيەتچىلىك» بىلەن، ئۆز ئۆزىمىزنى

[1] ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم»(تۈركچە نەشرى).

ئۇلۇغلاپ، كەمچىلىكلىرىمىزگە كۆز يۇمۇپ، خاتالىقلىرىمىزنى يوشۇرۇپ، زىددىيەتتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ، كۆڭۈل خۇشى قىلىشتىن ساقلىنالايمىز. نېمىلەرنى تولۇقلاش ھەققىدە پىكرىمىز ئېنىق بولىدۇ؛ نېمىلەرنى تۈزىتىشنى بىلىمىز — ئىشىمىزنى بىلىپ قىلىدىغان بولىمىز.

ئۆزىمىزنى قانداق تونۇيمىز؟ بۇ ھەقتىمۇ كۆپچىلىك بىلگىنلىرىمىز ئورتاق ئىزدىنىشلىرى كېرەك. چۈنكى بۇمۇ ئانچە ئاددىي مەسىلە ئەمەس. ئۆزىمىزنى تونۇش مەسىلىسى يەنە ھە، دېگەندىلا بەزىلەرنىڭ چىشىغا تېگىشكە ئېلىپ بارىدىغان نازۇكلۇق تەرىپىمۇ بار. زىددىيەتنى يوشۇرۇش — تېخىمۇ چوڭ يارىغا سەۋەپ بولىدۇ؛ زىددىيەتنى ئاشكارىلاش — قارشىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېمەك ئاسان ئەمەس. ئۆزىمىزنى تونۇش ئۆزىمىزنى تۈزىتىش، ئۆزگەرتىش ئۈچۈندۇر. ئۇنداق ئىكەن، خاتانى ئوتتۇرىغا قويمايلا تۈزەتكىلى بولامدۇ؟ بۇنىمۇ ئويلىماق لازىم. تۈزۈلىمىز دەيدىكەنمىز، تەنقىدلەرنى توغرا قوبۇل قىلىش ئادىتى يېتىلدۈرىشىمىز شەرت. زىددىيەتنى يوشۇرغان ھالدا زىددىيەتتىن قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟ بۇ خىل مەنەۋىي ئاتموسفىرا يارىتىشنىڭ يولى تەشۋىقاتتۇر. تەشۋىقاتنىڭ توغرا يۆنىلىشتە بولۇشى ئۈچۈن ئەلۋەتتە بۇ ماۋزۇدا تەكىتلىنىۋاتقان نەزەرىيىۋى ئاساس كېرەك.

**خىتايلار بىلەن ھەمكارلىق مەسىلىسى**

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان خىتايلار ئومۇمەن مەۋجۇد ھاكىمىيەتنىڭ دۈشمىنى بولغان خىتايلار بولۇپ، بۇلارنىڭ مەۋجۇت ھاكىمىيەتكە قارشى ئىكەنلىكى تەرىپى بىزگە گويا ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ پارلاق ئۇپۇقىنى كۆرسەتسىمۇ، ئۇلارنىڭ يەنىلا «خىتاي» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى نۇقتىسى نەزەردىن ساقىت قىلىنىۋېتىلسىلا، ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان ئېغىشلارغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىدە مەڭگۈ ئېھتىياتچان بولۇش؛ پۈتكۈل تارىخىمىزدا خىتايلاردىن باشقا مۇقىم ۋە مۇرەسسەسىز دۈشمىنىمىزنىڭ بولمىغانلىقىنى ئەستە تۇتۇش؛ خىتايلارنىڭ سىياسىي قارىشى ۋە ھاكىمىيەت شەكلىدىن قەتئىينەزەر، ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت بۇ باي مۇستەملىكىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى خالىمايدىغانلىقىنىڭ تارىخىي مىساللىرىنى ھەر زامان

ئەستە تۇتـۇش؛ بـۇ مەزمـۇنلار تەشـۋىقات تەرغىبـاتـىمىزدا مەلـۇم سـالماق تۇتـۇشـى كېرەك. ھەرقانـداق كېلىشـىم، ئاڭلاشـما ئالـدىنقى شـەرتكە تايىنىـدۇ. بىـزنىـڭ خىتــايلار بىـــلەن بولـۇدۇغــان ھەمكارلىقىمىزنىــڭ ئالــدىنقى شــەرتى: ئـــۇلار ۋەتىنىمىزنىـــڭ ئەجـداتلىرى تەرىپىـــدىن بىســـۇۋېلىنغانلىقىدىن ئىبــارەت پــاكىتنى ئېتىـــراپ قىلىــدىغان، ھەق ـ ئــادالەت تۇيغۇســـىدا مـــۇجىمەللىكى بولمىغان خىتايلار بولىشى كېرەك.

ئاڭلاشـــما ـ كېلىشـــىملەرنى شـــەرت قىلمايـــدىغان ۋاقىتلىـــق ھەركەت بىرلىكلىـــرى (مەســـىلەن: ۋەتەن ســـىرتىدا مەلـۇم خـاتىرە كـۈنلەردىكى ئورتـاق نامايىش؛ ئورتـاق يىغىلىـش ئۆتكـۈزۈش قاتـارلىق پائـالىيەتلەر ئەگەر خەلقـارالىق تەشكىلاتلار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن بولسا) ئالدىنقى شەرت بولمىغـان ھالـدا بولىسمۇ بولۇدۇ. ئەمما، خىتاي تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن بولسـا، بــۇ نــارازىلىق مەزمــۇنلىرى ئىچىــدە بىـزنىــڭ ئــازادلىق ئــارزۇيىمىزنى ئەكــس ئەتتۈرىدىغان مەزمۇنلار بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ، بۇنىڭسىز بۇنداق ھەركەتـلەرگە قاتنىشىشقا بولمايدۇ.

**ئاداققى سىياسىي غايىمىز**

ئاداققى سىياسىي غايىمىز ـــ ئۆزۈلـكېسىل مۇستەقىللىق!

ئۆزۈلـكېسىل دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىشىمىزنىڭ سەۋەبى، ھەرقانـداق تـۈر ۋە شـــەكىلدىكى بېقىنـــدىلىقنى رەت قىلىـــش؛ خىتايـــدىن باشـــقا كۈچلەرنىـــڭ كونتروللىقىنىمۇ ئوخشاشلا نومۇس دەپ بىلىش.

**ھەرىكەت پرىنسىپىمىز**

مەڭگۈ مىللىي مۇستەقىللىق قارىشـىدا چىـڭ تـۇرۇش؛ ھەرقانـداق باشـقا پىكىر ئېقىملىرىغا ئاغماسلىق. مەسىلەن: پان ئىسـلامىزىم ۋە پـان تـۈركىزىم دېگەندەك. (مەجمۇئەمىزنىڭ ئىككىنچى كىتاۋىدىكى «ۋاقتى ئۆتكەن قالپاق» ناملىق ماقالىدا بۇنىڭ پايدا ـ زىيانلىرى تەپسىلىي شەرھىيلەنگەن)

سىياســـي غـــايىمىزگە زېيىنـــى تېگـــدىغان ھەرقانـــداق جەزىبىلىـــك، دەبـــدەبىلىك قاراشـــلارغا بېرىلـــىپ كەتمەســـلىك، ئالدانماســـلىق، تامـــامەن مېنىڭســـىگەن ھالـــدا قوبـــۇل قىلىـــپ، ئاساســـلىق سىياســـىي غـــايە ئورنىغـــا

قويۇۋالماسلىق؛ باشقا دۆلەت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە بولماسلىق.

چەتئەللەردە: تاشقى مۇناسىۋەت، دىپلوماتىيە شەكىللىرى بىلەن خەلقئارا جامائەت پىكرىنى پايدىلىق تەرەپكە يۆنىلەندۈرۈش پائالىيەتلىرىنى قاناتيايدۇرۇش، ئەمما بۇنى ھېچقاچان بىردىنبىر ۋە ئەڭ توغرا بولغان كۆرەش شەكلى \ مېتودى قىلىۋالماسلىق ياكى شۇنداق دەپ تونۇۋالماسلىق. ھەرقانداق شەكىلدىكى تېنچلىق كۆرەش ئۇسۇلىنى رەت قىلماسلىق، ئەمما ھېچقاچان بىردىنبىر يول، ئاساسلىق مېتود دەپ تونۇۋالماسلىق.

ۋەتەن ئىچىدە: جىسمانىي كۆرەش شەكلىدە، مەڭگۈ مەخپىي ھەركەت پىرىنسىپىدىن ۋاز كەچمەسلىك، ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە يەككە ھەركەت ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىش، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئۈچ كىشىدىن ئاشمىغان كىچىك گۇرۇپپىلار ھالىتىدە كۆرەش قىلىش، «بىر قوماندانلىق»، «بىرلىشىش» چاقىرىقلىرىنىڭ جەزبىسىگە گول بولماسلىق؛ بۇنىڭ يېقىن كەچمىشىمىزدىكى ئاچچىق ئاقىۋەتلىرىنى ئەستە تۇتۇش؛ ۋەتەن سىرتىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىدە ھامان گۇمانىي قاراش بىلەن يېقىنلىشىش؛ ئادەم ئىسىملىرى، ھەركەت كۆلىمى، كەلگۈسى پىلانلار ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمەسلىك.

### دىپلوماتىيە پىرىنسىپىمىز

دىپلوماتىيە مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغاندا ھازىرقى سىياسىي ساپامىز كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ ۋە خىجىل بولماي تۇرالمايمىز. دىپلوماتىيە — مىليون كىشىلىك ئارمىيىنىڭ يۈزمىڭلارچە قۇربان بەدىلىگە يىللارچە ھەپىلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى پاكىز ئىشخانىلاردا، بىر نەچچە سائەت ئىچىدە قولغا كەلتۈرۈدىغان ياكى تامامەن قولدىن بېرىدىغان بىر جەڭگاھتۇر. شۇڭا بۇ سەپ ئاجايىپ ماھىرلىق تەلەپ قىلىدۇ. بىلىم تەلەپ قىلىدۇ. گەپ قىلىدىم دەپ ھەرنېمە دەۋەرگەن بىلەن مىليونلارچە ئىنسانلىنىڭ ئۈمىدى، غايىسى بىر نەچچە دەقىقىدە يوققا چىقىدىغان گەپ. شۇڭا بۇ تېما ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ تارماقلارغا بۆلۈپ، تەپسىلىي توختۇلۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېدىر قانداق بولۇشى

كېرەك؟ نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟ كىملەردىن قانداق پايدا ئۈندۈرەلىدۇ؟ قانداق كۈچلەرنىڭ دىپلوماتىك زىيانلىرىدىن ساقلىنىش كېرەك. قانداق كۈچلەر بىزنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقچىمىز بولالايدۇ؟ قانداق كۈچلەردىن ۋاقىتلىق پايدىلىنىش مۇمكىن؟ قانداق كۈچلەردىن «توخۇنى بوغۇزلاپ، مايمۇننى قورقۇتۇش» شەكلىدە پايدىلانغىلى بولىدۇ؟ قانداق ئەھۋالدا «سۈرىتىنى سېتىپ، ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش» ئويۇنى ئوينىلىدۇ؟... بۇلار ھەققىدە مەخسۇس سىياسەت، ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئورگىنىمىز(كەلگۈسىدە مۇشۇنداق بىر ئورگاننىڭ مەيدانغا كېلىشى باش تارتىپ بولمايدىغان بىر زۆرۈرىيەتتۇر) لىدىرلارنى مۇقىم ۋە ۋاقىتلىق بىلىم بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى شەرت.

### ھەركىتىمىزنىڭ خاراكتېرىنى تونۇش

ئەگەر ھەركىتىمىزنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق ۋە توغرا تونۇمىساقمۇ ئوخشاشلا خاتالىشىمىز ۋە ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زىيان تارتىمىز. مەسىلەن: ھازىرغىچە چەتئەللەردە قىلىنىۋاتقان ئىشلار «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ھەركىتى» دەپ تونۇلسا، دېمەك خاتا بولغان بولىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىشنى قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلاپ قالىمىز ـ دە، ئەمەلىيەتتە ئۇ لېنىيە ئاق تاشلىنىپ كېتىۋېرىدۇ! ھەركەتلەرنى شۇنداق سىنىپلاندۇرۇش مۇمكىن: شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق ھەركىتى (بۇ كەڭ مەنىدە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، كونكرېت مەنىسىدە پەقەت شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە تېرىتورىيىسىنى بىۋاستە تەسىرگە ئالىدىغان ھەركەتلەرگىلا قارىتىلىدۇ. بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنىمىزمۇ تار مەنىسى)؛ مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىزنى ساقلاپ قېلىش ھەركىتى؛ خەلقئارا جامائەتچىلىككە ئۆزىمىزنى ۋە دۈشمىنىمىزنى تونۇتۇش ھەركىتى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاۋالقى ئىككى تۈرلۈك ھەركەت مۇتلەق تۇردە خەلقىمىز ئاساسىي قىسمىغا ئىجابىي ياكى سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن ھەركەت بولۇپ، خەلقنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن؛ دۈشمەنگە ھېچ زىيىنى بولمىغان ھەركەتلەرنى بۇ تۇردە دەپ قاراش خۇددى سەۋزىدە خەۋەر يوق گۈرۈچ دەم

يېگەندەكلا ئىش بولىدۇ.

## داۋا تەرتىپىنى بىلىش

چەتئەللەردىكى داۋا پائالىيەتلىرىمىزنى توغرا سىنىپلاندۇرغاندىن كېيىن، مۇكەممەل بىر داۋا تەرتىپىنى بېكىتىپ چىقىش؛ ئاندىن شۇ تەرتىپ بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر بىر چەتئەللىك (ژۇرنالىست، سىياسىئون، دىپلومات،...) بىزدىن سىياسىي ھوقۇق ئەھۋالىمىز، سايلىنىش نىسبىتىمىز،.... دېگەندەك چوڭ مەسىلىلەرنى سورىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى داۋا تەرتىپى بويىچە، بىزنىڭ تېخى ئېپتىدائىي كىشىلىك ھوقۇقلارغىمۇ ئىگە ئەمەسلىكىمىزگە دىققەت قىلىشقا چاقىرىش. چۈنكى تاشقى دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى خوڭكوڭغا ياكى كانادانىڭ كۋېبەك ئۆلكىسىگە ئوخشۇتۇپ ساددىلىق بىلەن، خىتايلارنىڭ بىزگە تۇتىدىغان ئەھۋالىنى ھېچ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. مەسىلەن، پاسپورت مەسىلىسى بىر ئۆرنەك بولىشى مۇمكىن. بۈگۈنكى دۇنيادا ھېچقانداق بىر دىكتاتور ياكى ئۆتۈپ كەتكەن فاشىست بىر دۆلەت بولغاندىمۇ، ئۆز پۇخرام دەپ دەۋا قىلىۋاتقان كىشىلەرگە بۇنداق مۇئامىلە قىلمايدۇ. بىر خىتاي ئىلتىماس قىلىپلا پاسپورت ئالىدىغان بولسا، بىر ئۇيغۇر يەتتە ئورگاندىن تەستىق ئېلىشى، ئىككى دۆلەت خىزمەتچىسىنىڭ كېپىللىكىنى ئېلىشى، يۈز مىڭلاپ پۇل زاكالەت قويۇشى شەرت! بۈگۈنكى مۇشۇ ئەسىردە بۇ رېئاللىقنى چەتئەللىكلەرنى ئىشەندۈرۈشمۇ تەس. مانا شۇنداق ئەقەللىي ھەققىمىزنىڭمۇ يوقلۇقىنى جانلىق كۆرسىتىش كېرەك.

## مىللىي ئەقىدىمىزنى تونۇش (تىكلەش)

ئەمدى بۇ تېمىدا بەزىلەر دەۋاتقان «مىللەتكە ئۈمىد بېرىش» (ياكى ماڭا كەيدۈرۈلىۋاتقان «ئۈمىدسىزلىك تەرغىباتى قالپىقى») ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئازراق توختۇلىمەن.

ئۈمىدنىڭ بولۇشى، مىللەتنىڭ بىر ئۈمىدكە باغلىنىشى ئەلۋەتتە زۆرۈر. ئۈمىدسىزلىك مەنىۋي جەھەتتىن ئادەمنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغانلىقىمۇ راست.

ئەمما مىللەت شۇنداق بىر يېمىرىلمەس ئۆمىدكە باغلىنىشلىرى كېرەككى، بۇ ئۆمىد ھەرگىزمۇ ۋاقىتلىق ھادىسىلەر، تاشقى ئامىللار بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بۇ قانداق بىر ئۆمىد؟ ئىچكى — مەنىۋى ئەقىدىمىزگە تايانغان ئۆمىد بولىشى كېرەك. بۇنداق بىر مەنىۋىيەت ئەلۋەتتە تەبىئىي ئېرسىيەت ئامىللىرىغا باغلىق بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە ئۇنى مەخسەتلىك شەكىلدە، پىلانلىق ھالدا يېتىلدۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەقتە تەشۋىقاتنىڭ قۇدرىتى توغرىسىدىكى ياشمىشلىرىمدا ئادەمنى يېڭىدىن شەكىللدۈرگىلى بولۇشىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان ئىدىم. دېمەك، كۈچلۈك بىر مىللىي ئەقىدە تەشۋىقات ئارقىلىق يېتىلدۈرۈلىدۇ. بۇمۇ، توغرا ئىدىيىۋى سىستېم بەرپا قىلغاندىن كېيىنكى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا چەتئەللەردە قىلغىلى بولىدىغان بىردىن بىر ئەمەلىي ۋە ئۈنۈملۈك ئىش.

**قىسقىسى**، — «بىر مەنىۋىي مەپكۈرىگە ئاساسلانغان ئەخلاقىي بىر قۇۋۋەت بولماستىن، ماددىي قۇۋۋەتنىڭ مۇۋەپپىقىيىتى بىزنى ھېچبىر زامان بىر پىكىرنىڭ يېمىرىلىشى ياكى يېيىلىشىدىن ئىبارەت نەتىجىگە ئاپىرالمايدۇ.[1]»

دۈشمەن قارشىمىز ئېنىق، سىياسىي غايىمىز ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ھەممە ھەركىتىمىزنى بۇنىڭغا ئاساسەن توغرا ئىزغا سېلىشقا تىرىشىش: بالىلارنى تەربىيىلەش، ئوقۇيدىغان كەسپلەرنى تاللاش،... قاتارلىقلاردا «مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن قانداق پايدىسى بار؟» دېگەننى چىقىش نۇقتىسى قىلىش.

يوقۇرى دەرىجىدىكى ئىلغار پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە ئوقۇيدىغان، ئوقۇۋاتقان ياكى ئىشلەۋاتقانلاردا «مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟» دېگەن خىيال دائىمىي بولۇش؛ خىزمەت مەجبۇرىيىتى دائىرىسىدىكى تەتقىقاتلىرىدىن باشقا، مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈنمۇ ئايرىم تەتقىقاتلىرى بولۇشى ياكى خىزمەت تەتقىقاتىدا پايدىلىنىشقا تېگىشلىك

[1] ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم» (تۈركچە نەشرى).

قانداق پايدىلىق ئامىللارنىڭ بارلىقىغا ھەرقاچان دىققەتلىك بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئىلىم - پەن شۇنداق سىرلارغا ئىگىكى، بەزىدە بىر ئادەم پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇدۇغان كۈچكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئېلېكترومېخانىك بومبا، بارلىق زامانىۋي ئۈسكۈنىلەرنى تۆمۈر دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ھازىرقى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئەڭ ئاز 200 يىل ئارقىغا چېكىندۇرىۋېتىشى مۇمكىنلىكى سۆزلەنمەكتە. بۇ يېمىرىلمەس كۈچ بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقان خىتاينى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىشكە بولۇدۇغانلىقىنى تەسەۋۋۇرىمىزغا كەلتۈرۈدۇ!

# بىر ئاز سىياسەت ئۆگىنەيلى

بىز مۇستەملىكە مىللەت سۈپىتىدە خالار- خالىماس سىياسەت ئىچىدە ياشايمىز. دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەر، ۋەتىنىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەر، خىتايدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىشقا قىلىۋاتقاندەك قىلىمىز. ئەمما سىياسىي سەزگۈرلۈكىمىز يەنىلا نۆلگە يېقىن، سىياسىي ساۋاتىمىز ئىپتىدائىي باسقۇچتا، «قۇلاق موللىسى»لىق قەدىمىدە توختاپ قالغانلىقىمۇ ھەمىشىلا مەلۇم بولۇپ تۇرۇدۇ. شۇنداق بولۇشىمىزغا قارىماي، ئۆگىنىشنى خالىماسلىقىمىز، بىلمىگىنىمىزگە باقماي، مەمەدانلىقىمىز ھەممىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ.

ئادەتتىكى پۇخرالىرىمىزغۇ مەيلى، ئۆگەنمىسىمۇ، بىلمەستىن مەمەدانلىق قىلسىمۇ بولغىنى شۇ. ئەمما سىياسىي سەھنىمىزدە بوي كۆرسىتىۋاتقان يۈرگەن جاناپلىرىمىزنىڭمۇ پەرقسىز بولۇشى، بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق. تېخىمۇ يامىنى بۇ كىشىلەر تۈپەيلى مىللىي تەقدىرىمىز ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردە ئابدالچە بىر قارار بىلەن كۆلگە ئايلىنىپ كەتسە، پۇرسەت ھەمىشە كېلىۋەرمەيدۇ.

دۆلەت، تېخىمۇ ئېنىقراق دېسەك، ھازىرقى زامان دۆلەتلىرى بارلىققا كېلىش ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىككى ئاساسلىق خەلقارا شەرت بولۇشى كېرەك. بىرى دۇنيا كۈچ نۇقتىلىرى ئارىسىدا شەكىللەنگەن ۋاكۇۇم؛ بىرى كۈچ نۇقتىلىرىدىن بىرىنىڭ ھامىيلىقى ياكى قوللىشى (شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، بۇ خىل قوللاش ياكى ھامىيلىق ھەرگىزمۇ ئىنسانىي ئەخلاق مەجبۇرىيىتىدىن ئەمەس، مەنپەئەت تەقەززاسىدىن بولۇدۇ). گەرچە ئاللاھ «پاختىنىڭ ئىچىدە ئوت ياكى ئوتنىڭ ئىچىدە پاختىنى ساقلاشقا قادىر» بولسىمۇ، بەندە بۇنىڭغا قادىر ئەمەس. يەنى، دۇنيا كۈچ نۇقتىلىرىدىن قەتئىينەزەر بىر دۆلەتنىڭ تۇغۇلۇشى، تۇغۇلغان تەقدىردىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى داۋام

قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى سىياسىي، ئەخلاق پىرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلغان بولماستىن مەنپەئەتنى ئاساس قىلغاندۇر. بۇ ھەقتە ئۆتكەنكىلەر شۇنداق يازغان: «سىياسىنىڭ ئەخلاق بىلەن ھېچقانداق ئورتاق تەرىپى يوق. ئەخلاقتا ئۇيغۇن بىر شەكىلدە ھۆكۈم سۈرگەن ھۆكۈمران ماھىر سىياسەتچى ئەمەس. بۇ سەۋەپتىن تەختىدە مۇستەھكەم تۇرالمايدۇ. ھۆكۈمرانلىقنى ئارزۇ قىلغۇچى ھەم ھىلىگەرلىككە، ھەم سۇئىيىلىككە مۇراجەت قىلىشى كېرەك. ئوچۇق سۆزلۈك، دۇرۇستلۇقتا ئوخشاش خەلق ئارىسىدا ئەۋزەللىك ھېساپلىنىدىغان سۈپەتلەر سىياسەت ئۈچۈن ئەيىپتۇر. چۈنكى بۇلار ئەڭ قۇۋۋەتلىك دۈشمەندىنمۇ تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، مۇتلەق رەۋىشتە ھۆكۈمرانىنى تەختتىن چۈشۈرۈدۇ.»[1]

ئەمدى دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش شەرتلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزغا شۇنداق مىساللارنى بېرىشىمىز مۇمكىن:

تارىختا ئافغانىستان — رۇس ۋە بېرىتانىيە ئىمپېرىيىلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر بوشلۇق بولۇشى زۆرۈرىيىتى بىلەن، ئىككىسى ئارىسىدىكى ۋاكۇۋۇمدىن ھاسىل بولغان، بۇ بىتەرەپ رايون ھېسابىدىكى تامپون دۆلەتكە ھەر ئىككىسى ئارىلاشمىغان. بىر تەرەپتىكى كۈچ چېكىنگەن ھامان بۇ ۋاكۇۋۇمنى يەنە بىرى تولدۇرۇۋېلىشمۇ خەلقارا مۇناسىۋەت، دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتتىكى بىر ئۇدۇم بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسى مۇستەملىكىلىرىگە مۇستەقىللىق بېرىپ چېكىنىشى ھامان، ئافغانىستاندىن ئىبارەت بۇ ۋاكۇۋۇمدا شەكىللەنگەن دۆلەتنىڭ «بىر بېقىنىدىكى ئىتتەرگۈچى» يوق بولۇپ، دەرھال بۇ ۋاكۇۋۇمنى يەنە بىر تەرەپتىكى كۈچ تولدۇرۇش كويىغا كىردى. يەنى، بۈيۈك كۈچتىن بىرى چېكىنگەندىن تارتىپلا رۇسىيە ئافغانىستانغا ئارىلىشىش پۇرسىتى ئىزدىدى؛ جاسۇسلۇق تورلىرىنى ياماراتتى. ئافغانىستاننى كوممۇنىستلاشتۇرۇشقا تىرىشتى ھەتتا مىليونلارچە كوممۇنىست يېتىشتۈردى. ئاخىرىدا كوممۇنىست رۇسىيەپەرەست

---

① «زىئون لىدىرلارنىڭ كېلىشىملىرى» (The Protocols of the Learned Elders of Zion’) — ئا.

ھۆكۈمەت بەرپا قىلدى. رۇسپەرەست ھۆكۈمەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى باھانە قىلىپ (ھۆكۈمەتنى قوغداش نىقابى ئاستىدا) ئافغانىستانغا ئاشكارە تاجاۋۇز قىلدى.

بۇ رايوندىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، رۇسىيەنىڭ پارس قولتۇقىغا يېقىنلىشىشى غەرپنىڭ نېفىت ئامبىرى بولغان پارس قولتۇقىغا بولغان تەھدىت ئىدى. شۇنداقلا، خىتاينىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك (پاكىستاندىن باشقا) پۈتۈن چېگرىسى بويلاپ سوۋېت ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىشى بولاتتى. ئۈچ بۈيۈك كۈچنىڭ ئېلىشىشى بۇ يەردە ئەۋجىگە چىقتى.

دەل سوۋېت تاجاۋۇزىغا قەدەر ۋاخان كارىدورىنىڭ شىمالى، تاجىكىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي تەرىپىدە قىرغىزلارنىڭ بىر قەبىلىسى ياشاپ كەلگەن بىر پارچە تېرىتورىيە[1] بار ئىدى. ئۇزاق زامانلاردىن تاكى 1979 - يىلىغىچە بۇ كىچىككىنە قەبىلىنىڭ ئۈچىلى دۆلەتكە تەۋە بولماستىن (دۆلەت سۈپىتىمۇ يوق ئىدى) ياشاپ قالالىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ كۈچ نۇقتىلىرى ئارىسىدا شەكىللەنگەن نازۇك مۇناسىۋەتتىن (ۋاكۇئۇمدىن) بارلىققا كەلگەن. قايسى بىرى بۇ رايونغا قول تىقسا يەنە بىرى بىلەن سۈركىلىش چىقاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن، گەرچە ئاجىز بولسىمۇ ساقلىنىپ كەلگەن.

بىر دۆلەت، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن قوشنا دۆلەتتىكى ھەرقانداق بىر سىياسىي سۈپەت ئۆزگۈرۈشى، ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ. قوشنا دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن قىلىشقان تۈرلۈك ھەمكارلىق كېلىشىملىرىدىن تاكى سودا كېلىشىملىرىگىچە تەھلىل قىلىپ، بۇنىڭ ئۆزىگە قانداق تەسىرى بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە دىققەتتە بولىدۇ. چۈنكى بۇ چېگرىنىڭ ئىچى تەرىپىدىكىلەرگىمۇ تەسىر كۆرسۈتۈشى مۇمكىن. مەسىلەن: شىمالىي ئىراقتا قۇرۇلغۇسى كۇرد دۆلىتى تۈركىيە، ئىران، سۈرىيەنى ئوخشاشلا ئەندىشىگە سالىدۇ. چۈنكى بۇ ئۈچ

---

[1] ۋاخان قىرغىزلىرى دېيىلگەن بۇ قىرغىزلار ئافغانىستان ئۇرۇشى تۈپەيلى جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، ئاخىرى بىرلەشكەن مىللەتلەر ھىمايىسى بىلەن تۈركىيەدە پاناھلىققا ئېرىشكەن. — ئا.

دۆلەتنىڭ شىمالىي ئىراقتا يېقىن جايلىرىدىمۇ كۇرد ئاھالىسى ياشايدۇ. چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئوخشاش بىر خەلقنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى بۇنداق بىر ئۆزگىرىش، چېگرىنىڭ ئىچىدىكىلەرگە مۇتلەق رەۋىشتە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. يەنى، مۇستەقىل دۆلەتكە قوشۇلۇپ كېتىش تەلىپى باش كۆتۈرۈشى مۇمكىن ياكى ئۇلارمۇ يەنە بىر مۇستەقىل كۇرد دۆلىتى ئەۋغاسىنى قىلىشى مۇمكىن. خۇددى شۇنداق، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ خرۇششېۋ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە خىتاي سوۋېت مۇناسىۋەتلىرى يامانلاشقاندا، سوۋېت ھۆكۈمىتى بىر «ئۇيغۇرىستان لايىھىسى» ئويلاشقان. بۇ لايىھەگە كۆرە ئالمۇتانى پايتەخت قىلغان بىر ئۇيغۇرىستان فىدراتىۋ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، بۇ جۇمھۇرىيەت ياركەنت، چىلەك، ئۇيغۇر ناھىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش؛ قازاقىستاننىڭ پايتەختىنى قاراغاندا شەھرىگە يۆتكەش قاتارلىق مەزمۇنلاردا بولۇدۇ. بۇنىڭدىن مەخسەت خىتاينى سەراسىمىگە سېلىش ئىدى. (ئەپسۇسكى، خرۇششېۋنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن بۇ لايىھە قايتا تىلغا ئېلىنمىغان.)

ئىراننىڭ جەنۇبىي ئازاربەيجان رايونىدىكى ئازاربەيجان نوپۇسى مۇستەقىل ئازاربەيجاندىكى نوپۇستىنمۇ كۆپ، ئىران نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ھال ئىران ئۈچۈن ئىككى ئەندىشىنى ھەرزامان دىققەتتە تۇتۇشقا تېگىشلىك قىلىدۇ: غەربىي شىمال تەرەپتىكى ئازاربەيجان دۆلىتىنىڭ ئېھتىماللىقى بولغان ئاغدۇرمىچىلىقى؛ غەربىي تەرەپتىكى تۈركىيەنىڭ بۈيۈك تۈركچىلىك مەپكۇرىسى بىلەن ئازاربەيجانلارنى كۈشكۈرتۈش ئېھتىماللىقى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىران مۇستەقىل ئازابەيجان دۆلىتىنىڭ جان دۈشمىنى ۋە تۈركىيەنىڭمۇ دۈشمىنى بولغان ئەرمىنىيە بىلەن ياخشى ئۆتۈش؛ شۇنداقلا ئۆزى ئەنسىرىگەن بۇ ئىككى دۆلەتكە قارشى ئاغدۇرمىچىلىق ھەركەتلىرى قىلىش، جاسۇسلۇق تورىنى كۈچەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى كۆرۈشكە مەجبۇر.

تۈركىيەنىڭ خاتاي ۋىلايىتى تا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغىچە فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىدە ئىدى. فىرانسىيەنىڭ دۇنيا ئۇرۇشىغا پېتىپ قېلىشىنى پۇرسەت بىلگەن تۈركىيە دەرھال بۇ ۋاكۇۇمنى تولدۇردى.

بۇ مۇناسىۋەتلەر نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ئىككى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ قىسمىتىگە توغرا باھا بېرەلەيمىز.

بەزىلەر «سىياسەتنى بىلىپ» كېتىپ، دەيدۇرلەركى: «تارىختىكى ئىككى جۇمھۇرىيەت، قۇرغۇچىلىرىنىڭ سىياسەتنى بىلمەسلىكى سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولدى!» بۇ نەقەدەر بىمەنە! بۇنى دەۋاتقان ئۇستازلارنىڭ قولىدىن شۇنچىلىك ئىش كېلىشى مۇمكىنمۇ؟

ئەمدى ئاشۇ «سىياسەتنى بىلمىگۈچى»لەردىن بىرى بولغان سابىت داموللىنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆزىنى دىققەتلەرگە ھاۋالە قىلىمىز:

سەبداشلىرىدىن بىرى سابىت داموللىدىن شۇنداق سورىغان: «داموللام، بۇ ئىشنى قىلىشتا قانچىلىك ئىشەنچىمىز بار؟ خىتايدىن قۇتۇلدۇق دېگەن تەقدىردىمۇ رۇسلار بېسىۋالماي قالمايدۇ. شۇڭا بەرگەن قۇربانلارغا چۇشلۇق پايدىسى بولارمۇ؟» داموللام شۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: «پايدىسى بولىدۇ؛ ھېچ بولمىغاندىمۇ بىر پايدىسى بار: مۇستەملىكە تارىخى يېڭىدىن باشلىنىدۇ.»

قوللىغۇچى بايلاردىن بىر تەخسىر شۇنداق سورايدۇ:

ــ داموللام، ئىشىنىغۇ قىلىۋاتىمىز، ئەمما ئىككى چوڭ جاھانگىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇتلۇقۇمىزنى ساقلاپ تۇرالايمىزمۇ؟

داموللا شۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:

ــــ سىز دېگەن تاشقى شەرتلەر ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز.

ــــ ئۇنداق بولسا نېمىشكە ئاۋارە بولۇمىز؟

ــــ كېيىنكىلەرگە دەلىل يارىتىپ قويۇش ئۈچۈن، بۇ بىر پۇرسەت.

ئەمدى «سىياسەتنى بىلىدىغان» بىلەرمەنلەرنىڭ شاختىن - شاخقا سەكرەپ، پەدە ئۆزگەرتىپ تۇرۇشلىرىنىڭ سىياسەتتە قانچىلىك مەۋزۇ تېشى ئەھۋال ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر ئاز توختۇلايلى.

ئىلگىرىكى يازمىشلىرىمدا سىياسىي مۇناسىۋەتلەردە بىرەر ماددىدىن ۋاز كېچىش، بىرەر مۇددىئادىن ۋاز كېچىش ئەمەس، بىر ماددا ئىچىدىكى سۆزلەرنىڭ دەللىك ياكى مەجھۇللۇقىنى يەڭگۈشلەشنىڭمۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشىغا، دۆلەتلەر ئارا سۈركىلىشلەرگە سەۋەپ بولۇدۇغانلىقى توغرىسىدا توختالغان

ئىدىم.

ھىسامىددىن ئاكىنىڭ «بەربىر يالغان بولغاندىكىن، پىخسىقلىق قىلماي يوغان ـ يوغان ئاتە!» دېگىنىدەك، بىرلا ۋاز كېچىشتە ئەرش ـ ئەلادىن بىراقلا تەكتى ئەسراغا چۈشۈش سىياسەتتە بار دېيىلسە، بىزنىڭكىلەردىلا بار. مەسىلەن بۇنى جاڭ جىژجوڭنىڭ ئەسلىمىسى «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن **تېنچ ئازات بولغانغا قەدەر» دە بايان قىلىشىچە: جاڭ جىژجوڭ شەرقىي تۈركىستان تەرەپ سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ مەيدىلىرىگە شەرقىي تۈركىستان ئىزنىكى تاقاپ، ئۆزى بىلەن خۇددى ئىككى دۆلەت سۆھبىتى شەكلىدە سۆھبەتلەشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇلار بىلەن بۇ شەكىلدە ئۇچرۇشۇشتىنمۇ باش تارتىدۇ. ئۇ تارىختىن ئۆزلىرى كۆزگە ئىلمەي كەلگەن ئايلامباش ئۇيغۇرلار بىلەن تەڭ باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، خۇددى ئىككى دۆلەت سۈپىتىدە سۆھبەتلىشىشنى رەت قىلىدۇ. ئارقىغا قايتىپ، سوۋېت كونسۇلىغا نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. سوۋېت كونسۇلىنىڭ بىر كېچە «خىزمەت ئىشلىشى» نەتىجىسىدە ئەتىسى سۆھبەت ۋەكىللىرىمىز «ئەدەپكە قايتىپ»، كۆكسىدىكى ئىزناكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، مۇستەقىللىق تەلىپىدىن بىراقلا ئاپتونومىيەگە چۈشۈدۇ!....

ئەمدى بۇ سېلىشتۇرمىنى دىققەتلەرگە ھاۋالە قىلىمەن؛ بۇ ئىسرائىلىيە بىلەن ئىئوردانىيە ئارىسىدا تۈزۈلگەن بىر كېلىشىمدىكى بىر جۈملە:

ئىئوردانىيەنىڭ كېلىشىم لايىھەسىدە:

**«ئىككى دۆلەت، ئىوردانىيە ھاشىمىي پادىشاھلىقىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قۇددۇس – مۇقەددەس جايدىكى تارىخىي مەسئۇلىيەتلىرىنى يېڭىدىن كۈچەيتتى ۋە بۇ شەھەرنى بارلىق دىندارلار ئۈچۈن بىر تېچلىق ھەم ئۈمىد شەھرىگە ئايلاندۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى يەنە بىر قېتىم بەلگىلىدى.»**

بۇ جۈملە شۇ چاغدىكى باش مىنىستىر رابىننىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋېتىدۇ. كېلىشىم يېقىنلاشمىسى بۇزۇلۇپ، دۈشمەنلىك باشلىنىشقا تاسلا قالىدۇ. بۇ جۈملىنى ھەرگىز قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ ۋارقىرايدۇ ۋە جۈملىنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇيدۇ. جۈملە شۇنداق ئۆزگەرتىلىدۇ:

**«ئىسرائىلىيە، ئىوردانىيە ھاشىمىي پادىشاھلىقىنىڭ قۇددۇستىكى**

**مۇقەددەس مۇسۇلمان ئىبادەتخانىلىرىدىكى مەۋجۇت ئالاھىدە رولىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئاخىرقى ھالەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇزاكىرىلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندە ئىسرائىلىيە، ئىوردانىيەلىكلەرنىڭ بۇ ئىبادەتخانىلاردىكى تارىخىي رولىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇدۇ.»**[1]

مېنىڭچە ئەقىللىق ئۇيغۇرلار بۇ ئىككى جۈملىدىكى پەرقنى سىلىشتۇرۇپ، سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ، دۆلەت مەنپەئەتى ۋە مىللىي مەنپەئەتلەر نۇقتىسىدا سەگەكلىكنىڭ قايسى دەرىجىدە بولۇدۇغانلىقىنى تامامەن ئاڭقىرىۋالالايدۇ، دەپ قارايمەن.

سىياسىدا يول قويۇشلار، چېكىنىشلەر بولۇدۇ، ئەمما 180 گىرادۇسلۇق تەرزدە بولمايدۇ!

بۈگۈنكى كۈندە بەزىلىرىمىز تېخى تۈنۈگۈن ئاخشامغىچە ئۆزى قارشى تۇرغان، قارشى تۇرغاندىمۇ ئىنتايىن ئۇزۇلكېسىللىك بىلەن قارشى تۇرغان، بۇ سەۋەپتىن، قاراش ئىگىلىرىگە ئەدەپسىز ھاقارەتلەر ياغدۇرۇشقىچە بېرىپ يەتكەن بولۇشىغا قارىماي، بۈگۈن ئەتتىگەندە تۇرۇپلا دەل شۇ ئۆزى قارشى تۇرغان ئىدىيەنى ھېچ خىجىل بولماستىن ماختاشقا باشلىدۇق. بۇمۇ سىياسەتنى بىلگەنلىكىمىزمىدۇ؟

بىر ئەخلاقلىق ئادەم ــ تەربىيە كۆرگەن ئادەم ــ ئۆتمۈشتىكى قاراشلىرىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى سەزگەن چېغىدا ئالدى بىلەن ئۇ خاتانى ئېتىراپ قىلىش، شۇ خاتا تۈپەيلى ھاقارەتلەنگەنلەردىن ئەپۇ سوراش بىلەن يېڭى يولىنى باشلايدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆتمۈشتىكى قاراشلىرىنىڭ دەل تەتۈرسىچە بىر قاراش بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشنىڭ ئۆتكۈنچى بىر ھالقىسى ئۆزۆر سوراش، ئۆتمۈشتىكىسىنىڭ خاتا بولغانلىقىنىڭ ئېتىراپى بولۇشى كېرەك. بولمىسا بەكمۇ يۈزسىزلىك بولغان بولۇدۇ؛ بەك تۇتامسىزلىق بولغان بولۇدۇ؛ بەك يۈزى قېلىنلىق بولغان بولۇدۇ!

ئەمدى سىياسەتتە دۇنيا سەھنىسىدە ئوينۇلۇدۇغان ئويۇنلارنىڭ پەردە

---

[1] ئېفرائىم ھالېۋى(MOSSAD نىڭ 1998 ــ 2002 يىللار ئارىسىدىكى باشلىقى): «كۆلەڭگىدىكى ئادەم» ــ ئا.

ئارقىسىنى چۈشۈنۈش مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم. يەنى، دۇنيا سەھنىسىدە ئوينۇلۇۋاتقان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر، ئاغدۇرمىچىلىقلار، ھەربىي ھەرىكەتلەر، ئىستىلا ھەرىكەتلىرى، قارشىلىقلار، ئىتتىپاقلار، ئىتتىپاق سۈركۈلۈشلىرى، دىنىي سۈركۈلۈشلەر... نىڭ ھېچبىرى ئۆزلۈكىدىن بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىش لازىم. يەنى بۇنداق ھەرىكەتلەرنىڭ ھېچ زامان تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق جامائەتكە سۇنۇلغان شەكىلدەك ئەمەسلىكىنى بىلىش كېرەك. ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈنگەن يۈزىدىن باشقا يوشۇرۇن يۈزى بولىدۇ. ئويۇننىڭ پەردە ئارقىسىدا پىلانلىغۇچى ۋە باشقۇرغۇچىسى بولىدۇ.

«بىر تېرور ۋەقەسىنىڭ مەنبەسى ــ ۋەقەنىڭ كۆرۈنۈشتىكى جاۋاپكارلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ قاتتىقلىقى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ. بىردىن بىر ئۆلچەم، تۇغدۇرۇلغان ۋەقەنىڭ نەتىجىسى نېمە بولغانلىقى ۋە كىمنىڭ ئىشىغا يارىغانلىقىدۇر.

«بىر تېرور ۋەقەسىدە جىنايى ئىشلار مېتودى بىلەن نەتىجىگە ئۇلاشماق كۆپ چاغلاردا ئېزىقتۇرغۇچى بولۇشى مۇمكىن. يەنى، يىپ ئۇچلىرىدىن ئىشقا تېگىپ، جاۋاپكارغا، ۋە ئاندىن تەشكىلاتقا يېتىپ بېرىش خاتا دىئاگنوزغا سەۋەپ بولىدۇ. چۈنكى بىر تەشكىلاتنى تۆھمەت ئاستىدا قالدۇرماق ۋە ئۇنى ئامىمنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم قىلىشنى ئىستىگەنلەرمۇ ئۇ تەشكىلاتنىڭ تونىغا ئورۇنۇۋېلىشى، ئارقىسىدا قالدۇرغان بارلىق دەلىللەر سىزنى ئۇلار خالىغان يۆنۈلۈشكە ئېلىپ بارىدىغان شەكىلدە ھازىرلىنىشى مۇمكىن. بۇنداق ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئوخشىمىغان ھەتتا تەتۈر بىر ئۇسۇل قوللانماق كېرەك. ئالدى بىلەن ۋەقەنىڭ ‹جاۋاپكار تەۋە› دېيىلىۋاتقان تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي سىياسىتىگە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى مۇلاھىزە قىلىش كېرەك. يەنى، بۇ ۋەقە ئۇلارنىڭ مەخسىدىگە خىزمەت قىلىدىمۇ ياكى ئۇلارنى چەكلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىنىۋاتامدۇ؟...

«يېپىق پائالىيەتلەر ئەقىل بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە قاتتىق قول ھەرىكەت نەتىجە قازانماق ئۈچۈن ئەمەس، خەلقنىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپلەرگە تارتماق ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

«بىرلىرى ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالغان بولسا، بۇنىڭ

ئىككى مەنىسى بولۇشى مۇمكىن: يا كاللا كەسكەنلەر يامان؛ ياكى كاللا كەستى دەپ كىمدىن گۇمان قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇلارنى سىزگە دۈشمەن قىلماق ئۈچۈن كېسىلگەندۇر. سىز ھەر زامان بىرىنچىسىنى قوبۇل قىلىسىز ۋە مۇشۇنداق قىلىشقا ئۆگۈتۈلگەنسىز.» [1]

دۇنيادىكى دۆلەتلەر سىياسەت ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىجرا قىلغۇچى؛ باشقۇرغۇچى ۋە باشقۇرۇلغۇچى دېگەن ئىككى ئاساسىي تۈردە بولۇدۇ، دەپ يازىدۇ ماھىر قايناق ۋە داۋامىدا شۇنداق يازىدۇ: «دۇنيادا ئەل-قائىدە دېگەن بىر تېرورلۇق تەشكىلاتىنىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭ سىستېمىلەردىن تاشقىرى ۋە سىستېمىغا قارشى ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن سىياسىي ھادىسىلەرنى ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى قوبۇل قىلىسىڭىز، دېمەك باشقۇرۇلۇدۇغانلار قاتارىدا سىز.» بۇ ھالدا يەنە شۇنىڭغىمۇ ئىشىنىسىز: «ئىراقتەك كىچىككىنە دۆلەتنىڭ دۇنيا تېنچلىقى ئۈچۈن تەھدىت پەيدا قىلغانلىقى ۋە بۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ يەڭگۈشلەنگەنلىكى...»

«سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي زۆرۈرىيەتلەر بىر كۈچنىڭ باشقىسى بىلەن سۈركۈلۈشىگە سەۋەپ بولۇدۇ، ئەمما بۇ ئۇرۇشتا ئاممىنى يۆنلەندۈرمەك ئۈچۈن قوللۇنۇلغان ۋاستىلەر: دىن، مىللەتچىلىك، ئىدىئولوگىيە بولۇشى مۇمكىن. بۇ ۋاستىلەر بىلەن خەلق بىر يەردە تۇتۇلۇدۇ ۋە جانلىرىنىمۇ پىدا قىلىدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈلۇدۇ.

«بۇ ۋاستە شەرتلەرگە كۆرە بەلگىلىنىدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە ئىنسانلارنى ئىتتەرگىنى ئىدىئولوگىيە ئىدى. ئىدىئولوگىيەلەرنىڭ مەنىسى قالمىغاندىن كېيىن سۈركۈلۈش سەۋەبى ‹دىن› قىلىپ بەلگىلەندى. ئامېرىكىدا سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدىكى كوممۇنىزىم دۈشمەنلىكى ئورنىنى دىندارلىق ئالدى،...» [2]

دۆلەت قانداق بىر قۇرۇلۇش؟ ياكى قانداق بىر ماشىنا؟ بۇنى چوڭقۇرراق

---

[1] ماھىر قايناق: «ئىستراتېگىيىلىك ئانالىزلەر» (تۈركچە نەشرى) ــ ئا.

[2] ماھىر قايناق: «ئىستراتېگىيىلىك ئانالىزلەر» ــ ئا.

چۈشۈنۈش دۆلەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش ساۋادىنىڭ ئاساسى بولۇشى مۇمكىن. دۆلەت ماشىنىسىنىڭ بۈيۈكلۈكى قىممىتى ھەققىدە ئۇقۇم مۈجمەل بولغاندا دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بالىلارچە ئىشىنىپ كېتىش ھاماقەتلەرچە گوللۇق دۆتلەرچە گەپ سۆزلەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

بەزى مۇلاھىزىچىلەر ئېيتقاندەك بىزنىڭ تېرورچى قالپىقى كېيىپ قېلىشتىن ساقلىنىمەن دەپ باش قاتۇرۇشۇمىزنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى بۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە بېقىنىدىغان ئىش ئەمەس. خىتايلار جىم ياتساقمۇ تېرورچى دەيدۇ. غەرپلىكلەر ئۆز ئېھتىياجىغا كۆرە يا تېرورچىلىقىمىزغا ئىشەنگەن قىياپەت ئىپادىلەيدۇ. يا مىڭ خىتاينى چانىۋەتسەكمۇ ئىشەنگىلى ئۇنىمايدۇ. (خۇددى بۇ قېتىمقى ئۈرۈمچى قەتلىئامىغا ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيىسى ئاۋال «ئىپادە بىلدۈرۈشكە دەلىل يېتىشمەيۋاتقانلىقى، دەلىل توپلاۋاتقانلىقى» شەكلىدە، كېيىن شۇنچە قۇربانلارغا قارىماي، «خىتاينىڭ ئىچكىي ئىشى» شەكلىدە بولغىنىغا ئوخشاش.)

بۈگۈن بازارغا سېلىنىۋاتقان تېرورىزىم ئېقىمى غەرپنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۈشمەن ئېھتىياجىنىڭ تەقەززاسىدىن بەلگىلەنگەن ياكى يارىتىلغان دۈشمەندۇر. چۈنكى دۆلەتنىڭ دۈشمەنگە ئېھتىياجى بولۇدۇ.

دۈشمەنگە بولۇدۇغان ئېھتىياج دۆلەتنىڭ ھەربىي خىراجەتلىرىنى، ھەربىي ھەركەتلىرىنى، بۇ تۈپەيلى يۈكسىلىشتىن توختىغان ياكى چېكىنگەن سوتسىيال پاراۋانلىق قاتارلىقلارنى سەۋەپ بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقنىڭ نارازىلىقلىرىنى يوق قىلىدۇ ۋە خەلقنى دۆلەت ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇدۇ. بىر خەتەرلىك دۈشمەن تەھدىدى كىشىلەرنى دۆلەت بىلەن بىردەكلىك ساقلاشقا، دۆلەت ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشقا ئۈندەيدۇ. چۈنكى خەتەرلىك دۈشمەندىن يەككە ھالدا ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقى ھەر كۆڭۈلگە ئايان بىر ئىش. مەسىلەن: سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە غەرپنىڭ ئىنتايىن تەھلىكىلىك بىر دۈشمىنى بار ئىدى: كوممۇنىست لاگېرى! بۇ خەتەرلىك دۈشمەننىڭ سوتسىيال بەختىيارلىقنى ئاستىن ئۈستۈن قىلىۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئارمىيە

قوراللىنىشى، دۈشمەندىن كېيىن قالماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۆزى خەلقنىڭ نۇرغۇن «نېمە ئۈچۈن؟»لىرىگە جاۋاپ بېرىپلا قالماي، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ چىشىنى چىشلەشكە ئۈندەيتى، خەلق بۇنى ئاڭلىق ھالدا پۈخرالىق مەجبۇرىيىتىم دەپ قوبۇل قىلاتتى. كوممۇنىزىم لاگېرى يىمىرىلگەندىن كېيىن يېڭى دۈشمەنگە ئېھتىياج تۇغۇلدى. بولمىسا مىللىي دارامەتنىڭ قەيەرلەرگە سەرپ قىلىنغانلىقىغا قايسى ئادرېس كۆرسىتىلىدۇ؟

مەسىلەن، ئامېرىكىدەك دۇنيانىڭ بىردىن بىر خوجايىنى بولۇشقا تىرىشىۋاتقان بىر دۆلەت، چوقۇم ھەربىي تەرەققىياتلارغا نۇرغۇن پۇل خەجلىشى لازىم، ھەربىي ھەركەتلەرنى قىلىپ، يېڭى بايلىق ماكانلىرىنى ئىگىلىشى لازىم. چۈنكى بۇ ئامېرىكىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى سىياستىنىڭ جەۋھىرى. 1948 ـ يىلى جورج كېنناننىڭ مەخپىي سىياسەت پىلانلاش خادىمى ھۆججەتتىكى شۇ دەھشەتلىك مەخپىيەتنى ئىقرار قىلىدۇ: (ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن) ئامېرىكىنىڭ تېنچ ئوكياندىكى نىشانى، دۇنيا نوپۇسىنىڭ 6%نى تەشكىل قىلىدىغان بىر دۆلەت پاراۋانلىقىنىڭ ئاساسى بولغان پۈتۈن دۇنيا بايلىقىنىڭ 50%نى ئىشلىتىشنى داۋام قىلىشنى تەمىن ئېتىش!

بۇنداق بىر نىشان بولغان ئىكەن، «دۈشمەن» بولمىسا، قانداق بىر باھانە بىلەن ھەربىي خىراجەتلەرنى ئارتتۇرغىلى، ھەربىي ھەركەتلەرنى پەردىلىگىلى بولىدۇ؟

يەنە مەسىلەن، مانا شۇ ئېھتىياجغا كۆرە بەلگىلىنىۋېلىنغان دۈشمەن ئۇقۇمى ئارقىلىق، ئىراققا قارىتىلغان ئىستىلا ھەركىتى ئۈچۈن جامائەت پىكرى ھازىرلاندى. ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ ئىراقتىكى ،مەۋجۇدىيىتى نېفت ئۈچۈن ئىدى.

1970 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن نېفت كىرىزىسى، ئامېرىكىنى ئوتتۇرا شەرق ئېنېرگىيە مەنبەلىرىدە ئامانلىق مەسىلىسىنى جىددىي ئويلاشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى. 1979 ـ يىلى يۈز بەرگەن نېفت كىرزىسى ئارقىسىدىن كارتېر لىماتىيەت ئاساسىدا جىددىي مۇداخىلە كۈچى (Rapid Deployment Force)

قۇرۇلدى. ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدىن ھەربىي بازا تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشىدا ھۇجۇمغا ئۇچرىغان نېفىت پاراخوتلىرى ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقىغا سىڭىپ كىرىشى ئۈچۈن دەسلەپكى باھانە بولدى. 1991 ـ يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى تېخىمۇ ياخشى پۇرسەت بەخش ئەتتى.

ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى جەريانىدا ئۇرۇشىۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپنى قورال بىلەن تەمىنلەش دىققەتكە ئېلىنسا، بۇ ئۇرۇشمۇ غەرپنىڭ ئېھتىياجىغا كۆرە سۈنئىي بارلىققا كەلتۈرۈلگەنمۇ قانداق؟ دېگەن سوئال تۇغۇلماي قالمايدۇ.

ئەمدى، بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتىدىن، يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان، دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن سۈركۈلۈشلەر، ۋەقەلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدا بىر پىلانلىغۇچىنىڭ بولۇدۇغانلىقى مەسىلىسىنى يورۇتماقچى بولساق، شۇلارغا دىققەت قىلساقلا بولىدۇ:

يەمەندىكى سۈننى ــ شىئە توقۇنۇشى، سومالى دېڭىز قاراقچىلىرى.

بۇ ئىككىلا دۆلەتكە قارىساق، جايلاشقان ئورنى پارس قولتۇقى نېفىتىنىڭ توشۇلۇش يولى ئۈستىدە بولۇپ، ئېنىرگىيە تەمىنلىشىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن بۇ دۆلەتلەرنى «تايقا كەلتۈرۈش» زۆرۈر بولىدۇ.

دۈشمەن ئاللىقاچان بەلگىلەنگەن: خەلقارا ئىسلام تېرورىزمى!

يەمەندىكى ئىچكى ئۇرۇش قانداق قىلىپ تېرورىزم بىلەن باغلىنىدۇ؟ بۇنىڭمۇ ئاساسى ئاللىقاچان يارىتىلدى: 2009 ـ نىڭ روژدىستۇو بايرىمى مەزگىلىدە ھولاندىيەدىن ئامېرىكىنىڭ دىترويت شەھرىگە ئۇچقان ئايروپىلاننى پارتلاتماقچى بولغان نېگىرىيەلىك مۇسۇلمان تېرورچى دەل يەمەندىكى ئەلقائىدە لاگىرىدا تەربىيىلەنگەن ئىكەن ئەمەسمۇ! يەمەنگە قارىتا ھەربىي ھەركەت قوللىنىش ياكى يەمەندە بىر ئامېرىكاپەرەست ھۆكۈمەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن باھانە تەييار: تېرور تەشكىلاتى ئەل-قائىدەگە ساھىپخانلىق قىلدى!

ئەمدى، سومالى دېڭىز قاراقچىلىرىغا كەلسەك، بۇ يەر ئاشۇ ئېنىرگىيە يولىنىڭ داۋامى. بۇ يەردىكى ھەركەت باشقا تۈرلۈك: دېڭىز قاراقچىلىرى! خۇددى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكىدەك! بۇ قاراقچىلار خېلى كۆپ دۆلەتلەرنى خاپا قىلدى. بىر كۈنلىرى كېلىدۇكى، ئاساسلىق كۆپچۈلۈك دۆلەتلەردە بىر ئىستەك تۇغۇلىدۇ:

«يا ئاللاھ، شۇ دېگىنىز قاراقچىلىرىنى يوقۇتۇدۇغان بىر نوچى چىقسىدى! » مانا شۇ چاغدا، كۆپىنىڭ ھەقلىق ئىستىكىگە جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە بۇ قاراقچىلار يوقۇتۇلىدۇ. تەبىئىيكى سومالى بۇ قۇتقازغۇچىنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ.

ئەمدى ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشلانغان بۇ «تاشلار»نىڭ ئورۇنلىشىشىغا قارايدىغان بولساق، ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ ھالقىغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەمدى ئوتتۇرا شەرقتىكى بۇ ئېنېرگىيە مەنبەسىنى دەخلىسىز تۇردە غەرپ مەنپەئەتىگە ئىشلەيدىغان مىخانىزىمغا ئايلاندۇرۇش ياكى ئامېرىكىلىقلار ئىلگىرى سۇرۇۋاتقان «دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپى»گە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا يەنە بىر توسالغۇ بار: پاكىستاننىڭ ئاتوم بومبىسى. بۇ بومبا مۇشۇ كۈنلەردە ياسالماقچى بولسىدى، ھەرگىز يول قويۇلمايتى. بۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە ئاللىقاچان مەيدانغا كېلىپ بولغان رىياللىق ئىدى. ئەمدى ئالدىنى ئېلىش پۇرسىتى كەتكەن بۇ توسالغۇنى قانداق ئېلىۋېتىش كېرەك؟ بۇنىڭ شەرتلىرى ھازىرلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم. بەزى جامائەت پىكرى ئۇيۇشتۇرۇش ئورۇنۇشلىرى ئاللىقاچان سىناپ بېقىلىۋاتىدۇ:

بەشىبۇرجەكلىك بىنانىڭ ئىچكى ئۇچۇرلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، پاكىستاننىڭ يادرو قوراللىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن يادرو بازىسىغا تالىبان تېرورىستلىرى بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان. بۇنداق بىر ھۇجۇم راست بولغانمۇ-يوق؟ مەسىلىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. راست بولغان تەقدىردىمۇ بۇنى مەخسەتكە ئۇيغۇن قوراشتۇرۇلغان ئويۇن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا پايدىسى تېگىدىغان باشقا ئۇچۇرلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى: پاكىستان يادرو قوراللىرىنى ياخشى قوغدىيالماي، تېرورچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ قالارمۇ؟ دېگەن ئامېرىكىنىڭ ئەندىشىسى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە 2010 يىلىنىڭ ئاپرېل ئايلىرىدا نيۇ-يوركتا بومبا يۈكلەنگەن بىر ماشىنا تۇتۇلۇپ قالدى. گۇمانلىق ئۇنسۇر پاكىستانلىق بولۇپ، ئۇ بۇنى ئۆزى ئېتىراپ قىلدى!

ئەگەر بۇنداق ھادىسىلەر بولۇۋەرسە، ئامېرىكا ھەقلىق يوسۇندا پاكىستانغا شۇنداق دېيەلەيدۇ: يا يادروسىز دۆلەت بولۇسەن، يادرو قوراللىرىنى سۆكۈپ تاشلايسەن؛ ياكى ياخشى ساقلىيالايدىغان بىرسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىسەن.

ئىستىخبارات كەسپىدە ۋاقەلەر ھادىسىلەرگە باھا بېرىشتە قوللىنىلىدىغان ئاددىي بىر مېتود ھەققىدە زىكرى قىلىنغان ئىدى: «بۇ ۋەقە كىمنىڭ ئىشىغا بەكىرەك يارىدى؟» دېگەن نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش. ئۇ ھالدا 5- ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى ھەققىدە تەھلىل ئېلىپ بارغاندا بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولامدۇ-يوق، سىناپ كۆرەيلى.

موھىم نۇقتىلار شۇلار. ئەلقائىدەنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقىشى، يەنى، بۇ ئىگە چىقىش ئەمەلىي بولۇشتىن يىراق، ئەمما دىققەتنى جەلپ قىلىپ ئاشكارە جاكارلاندى. ئەسلىدە مۇسۇلمان دېگەن ئاللاھنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن كىشىلەردۇر. ياخشىلىقنى، ياردەمنى يوشۇرۇن قىلىشنىڭ ساۋابى تېخىمۇ يۈكسەك بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. جاكالاشنىڭ رىيا بولۇشىنىمۇ بىلىدۇ. بۇ گەپ ھازىرچە شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى ئىككىنچى موھىم نۇقتا تۈركىيەنىڭ بىزگە ئىگە چىقىشى ۋە ھەتتا بۇنى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تىلغا ئېلىشى دىققەتنى چېكىدۇ. تۈركىيە خەلقى ھەققىدە گەپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ پوزىتسىيىسىدىكى كەسكىنلىك ھەقىقەتەنمۇ بىر قەھرىمانلىق. ئۇلار (بەزىلەرنىڭ دېيىشى بويىچە مېنىڭ قېرىنداشلىرىم) ھەقىقەتەنمۇ دۆلەت مەنپەئەتىنى قايرىپ قويۇپ قېرىنداشلىق مېھرى ئۇرغۇپ كەتكىنىگە ھىسسىياتىغا ئەگەشكەن ھالدا ئۆزىنى قويۇپ بېرىۋاتقاندىمۇ؟ بىلىمىزكى دۆلەت مەنپەئەتى شۇنداق نەرسىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن مىليونلارنىڭ جېنى خۇددى پارچە پۇل. تۈركىيەنىڭ خىتاي بىلەن شۇنچە كۆپ ئىشى باركەن ئۆز ئىشىنى قويۇپ ھىسسىياتنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، قېرىنداشلىق قەرزىنى ئورۇنداۋاتامدىغاندۇ؟ بۇ قانچىلىك ئىشىنەرلىكتۇر؟ يەنە بىر موھىم نۇقتا ئامېرىكىنىڭ تۇتۇمى. دېموكراتىيىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئەركىنلىكنىڭ ھامىسى دەپ سۈپەتلىنىدىغان ئامېرىكا يوقۇرىدا زىكرى قىلىنغان سۈپەتلىرىگە

ئىشىنىدىغان ئىخلاسمەنلىرىنى ئۈمىدسىزلىككە پاتۇرۇدۇغان مەيدان ئىپادىلەپ، ئەكسىچە قاراشتىكىلەرنى تەستىقلىدى. ئەمدى ختايدىن ئىبارەت يەنە بىر باش رولدىكى ئارتىسنىڭ ئىككى ئىپادىسىگە دىققەت چېكىمىز. بىرى ختاي لىدېرىنىڭ موھىم بىر خەلقارا سەھنىنى تاشلاپ قوماندانلىق ئورنىغا قايتىشى. يەنە بىرى ھەرقاچانقىدەك جاللاتلىقىنى پەدازلاپ ئاۋارە بولماي ئاشكارە جاكالىشى. بۇنىڭدا كىمنىڭدۇر كېيىلىكىگە ئېرىشكەندەك ئىشەنچ بىلىنىپ تۇرۇدۇ. جاللاتبېشىنىڭ ئالدىراپ تېنەپ قايتىشى بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك جىددىلىكىنى بىلدۈرگەن بولسا، يەنىمۇ كۆپ قان ئىچىدىغانلىقى ھەققىدىكى دادىل بايان، ئۇنىڭ ھېچنېمىدىن قورقۇپ قالمايدىغانلىقى، دۇنيانىڭ نوچىلىرى ئۆزى بىلەن بىر سەپتە ئىكەنلىكى خۇسۇسىدىكى ئىشەنچ ئەمەسمىدۇر؟

كېيىن ئامېرىكىنىڭ بىلدۈرگەن ئىپادىسى ھەقىقەتەنمۇ شۇنى تەستىقلىدى: ئامېرىكا بۇ قەدەر قەتلىئامنى «ختاينىڭ ئىچكى ئىشى» دېيىش بىلەنلا قالماي، يەنە ختاينىڭ ئىقتىسادىي ھەمكار، ئىستراتېگىيىلىك ئورتاق ئىكەنلىكىنىمۇ جاكارلىدى. ھەتتا 21 ـ ئەسىرگە ختاي بىلەن ئورتاق رەڭ بېرىدىغانلىقىنىمۇ جاكارلىدى. بۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەزەلدىن ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ھەركەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىك ئېچىۋاتقان «ئەلقائىدە»نىڭ بىردىنلا «ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقىپ» يوغان لاپلارنى ئېتىشىدىكى ئەسلى بەشىرىنى غىل ـ پال كۆرگەندەك بولۇمىز: ئىككى دۆلەتنىڭ دۈشمىنى ئورتاق ــ ئىسلام تېرورىزمى!

(ئەلقائىدەنىڭ ئاغزاكى جاكاسىغا دۇنيانىڭ دىققىتى بەك تارتىلمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئەمەلىي ئۆرنەك بېرىش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. بۇ ئۆرنەك نورۋېگىيەدە تۇتۇلغان ئەلقائىدەچىلەر ئارىسىدا بىر ئۇيغۇرنىڭ بولۇشى بىلەن روياپقا چىقىرىلدى. شۇڭا، لىدىرلىرىمىزنىڭ غەرپنىڭ كۆڭلىگە كەپ قېلىش تۈپەيلى مائاشىنى توختۇتۇۋالارمۇ؟ دېگەندەك ئەندىشە بىلەن، كۈچۈكلۈنۈش تېپىدىكى ئىپادىلەردە بولۇشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق ئىدى. بىلمىگەن ئىشقا

سۈكۈت قىلماق، خۇددى كونىلارنىڭ «زاكۇننىڭ تازىسى ـــ كۆت قىسقان» دېگەندەك، تېخىمۇ پايدىلىق بولاتتى.)[1]

دۆلەتنىڭ قۇربانلىق قىلىش تۈرى ھەر خىل بولىدۇ. ۋاقىتلىق قۇربان بېرىپ پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ھەسسىلەپ ئۆتنىسىنى ئېلىش. بىرلا قېتىم پايدىلىنىلىدىغان قۇربانلىق. كېيىنكىسىدە بىرلا قېتىم قۇربانلىق قىلىۋېتىپ ئۇنتۇپ كېتىلىدۇ. مەسىلەن 5- ئىيۇل ۋەقەسىدە بىز قۇربانلىق قىلىندۇق. ئەگەر بۇنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولساق ئەمدىكى ئىش قايسى تىپتا قۇربانلىق قىلىنغىنىمىزنى چۈشىنىۋېلىش بولىدۇ. ئەگەر بۇنى ئايرىۋالالمىساق يولۇمىزنى تاپالماي قالىمىز.

ئەمدى كىشىلەر ئارىسىدا دائىمىي دېگۈدەك تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بەزى مۇلاھىزە مېتودلىرى ھەققىدە ئىككى ئېغىز توختىلىپ ئۆتەي:

قانلىق ۋەقەلەرنى خىتاي ئۆزى تەشكىللەيدۇ، قىرغىنچىلىق ئۈچۈن باھانە تاپىدۇ دېگۈچىلەر ئىككى نۇقتىدا خاتالىشىدۇ: بىرى، ئۇيغۇرلار زۇلۇمغا چىداپ ئولتۇرۇۋېرىدىغان يۈزى قېلىن، ئەركەك تۈكى يوق مىللەت دېگەن بولىدۇ. ئىككىنچىسى، خىتاينىڭ «بېشىنى ھەرە چېقىۋالغان» دېگەن بولىدۇ. چۈنكى خىتاي مۇمكىن بولغىنىچە ئاۋازىمىزنى سىرتقا ئاڭلاتماي، ئۇيغۇر دېگەننى دۇنياغا ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىش كويىدا تۇرسا، قانداقمۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىشلارنى ئۆزى قىلار؟

ئەمدى توردا يېقىندا كۆرگەن بىر مۇلاھىزە ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز توختۇلاي:

بىر ئەپەندىم ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بۈگۈنى ھەققىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىپتۇ. تەھلىلچىنىڭ تەھلىلىدىن مەسىلە تېپىلمىغۇدەك دەرىجىدە ياخشىكەن. ئەمما خۇلاسە تەھلىل قىلىنغان ۋەزىيەتكە كۆرە تامامەن تەتۈر بولۇپتۇ. يەنى، ئامېرىكىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى، خىتاينىڭ كۈچەيگەنلىكى، پاكىتلار ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. بۇ ھالدا ئامېرىكىنىڭ

---

[1] بۇ مەزمۇنمۇ ئاخىرقى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا قوشۇلدى، ـــ ئا.

كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ تو يىمەيدىغانلىقى، بۇ قېتىمقى ئوباما زىيارىتىدە بۇ ھالىنىڭ ئېنىق ئىپادىلەنگەنلىكى، خىتاينىڭ ئۇ قويغان مەسىلىلەرگە بەك پىسەنت قىلىپ كەتمىگەنلىكى، بۇرۇنلاردا بۇنداق بىر ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى ئەمەس، بىرەر مىنىستىر ئۇچۇنمۇ يالاقچىلىق قىلىپ كېتىدىغانلىقى،... بۈگۈن بولسا خىتايغا ئېھتىياجلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاچقا، گېپىنىڭ بەك تو يىمىگەنلىكى،... قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ-يۇ، ئەمما ئېنىقلىق بىلەن، خەلقارانىڭ خىتايغا بېسىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق داۋا ئېلىپ بېرىشىنى، «قانىنىڭ قانىنى يۇمايدىغان»لىقىنى دەپتۇ. بۇ قانداق مەتۇ خۇلاسە؟

ئەگەر غەرپنىڭ خىتاينى زورلىغۇدەك ماجالى يوق بولسا، يەنە قانداق قىلىپ بۇ ئېنىقلىقچىلىق كېرەككە كېلىدىكىنە؟

ئادەتتە كۈچ نىسبىتى تەڭ بولغان ئىككى تەرەپ بولسا، بۇلارنىڭ بىرى ھېچقاچان قارشى تەرەپنىڭ سىياسىي بېسىمى بىلەن يول قويمايدۇ. يامىنىغا كەلسە تۈتۈشۈپ باقساق بولۇدۇغۇ دەپ قارايدۇ. پەقەت، بىر تەرەپ بىرنەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولسا، ئۇنىڭ بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىش يەنە بىر تەرەپ ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز بالا - قازا دېمەك بولغاندىلا، كۈچلۈكى ئاجىزغا پەقەت ھۆكۈرەپ قويسىلا، ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە بويۇن ئىگىشى مۇمكىن.

بەزىلەر «ئاپتونومىيەچىلىك» سەپسەتىسىگە ئاساس قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ تېنىچ ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنى مىسال قىلىشىۋاتىدۇ. شۇنداقلا دۇنيادا باشقا بىرسىنى ئازات قىلىپ قويۇدۇغان بىر خالىس دۆلەتنىڭ بولمايدىغانلىقى پىكرىمىزگە قارشى 2- دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە «ئامېرىكىنىڭ ياۋروپانى ئازات قىلىپ قويغانلىقى»نى پاكىت قىلىپ قويۇشۇۋاتىدۇ. ئەمدى مۇشۇ ئىككى مەسىلە ھەققىدە توختۇلۇمىز:

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە پۈتۈن ياۋروپانى دېگۈدەك بېسىۋالدى. ئامېرىكا دەسلەپتە بۇ ئۇرۇشقا ۋاسىتىلىك قاتناشتى. يەنى پاراخوت ئىجارە بېرىش قانۇنى ماقۇللاپ، ئەنگلىيىنى ھەربىي ۋە لوژىستىك دەستەك پاراخوتلىرى بىلەن تەمىنلىدى. ئەمما ئامېرىكىدىكى يىراقنى كۆرەر

سىياسىئونلار بۇنداق ۋاستىلىك قاتنىشىش بىلەن پەقەت ئۇرۇش غەنىمەتلىرىنىڭ يۇندىسىغىلا ئېرىشەلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. يەنە ئۇلار گېرمانىيەنىڭ ئاخىرقى مەغلۇبىيىتىنىمۇ كۆرەلىگەن ئىدى. ئامېرىكا ئۈچۈن دۇنيانىڭ بۈيۈك كۈچى بولۇپ سەھنىگە چىقىش ئۈچۈن ئالتۇندەك پۇرسەت تۇراتتى: ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا ئۇرۇش بولۇۋاتقاچقا، ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىدە پۈتكۈل سانائەت ۋەيران بولاتتى؛ ئىشلەپچىقىرىش مېخانىزىمى يېمىرىلەتتى؛ سوتسىيال ھايات تامامەن ئىزدىن چىقاتتى. ئەمما ئامېرىكا ئۇزاقتا بولغاچقا — ئۇرۇش ئۇنىڭ زېمىنىدە بولمىغاچقا بۇ پۇرسەتتە ئۇرۇش سانائىتى گەۋدىلىك تەرەققىي قىلىش بىلەن بىرگە باشقا سانائەتلىرىمۇ ئالغا باساتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن ۋەيران بولغان ياۋروپا ئامېرىكىنىڭ قولىغا قاراشلىق بولۇپ قالاتتى. بۇنداق پايدىلىق ئىستىقبال كۈتۈپ تۇرغاندا بۇ ئۇرۇشقا قاتناشماي بولامدۇ؟

گېرمانىيە بولسا ئامېرىكىنىڭ بىر چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتىدە بۇ ئۇرۇشقا قاتناشسا، ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ئۆزىگە پايدىسىز بولۇشىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن باھانە بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق سەۋەنلىكتىن ساقلىنىشنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئامېرىكىدىكى ئەلچىخانىسىمۇ، ئامېرىكا پۇخرالىرىغا ئۇرۇش رايونلىرىغا ساياھەتكە بارماسلىق ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ئىدى. ئەمما ئامېرىكا دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بۇنداق پۇرسەتنى كەتكۈزىۋەتسە بولمايتى. شۇڭا سۈنئىي ئۇسۇلدا باھانە تېپىپ بولسىمۇ چوقۇم بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى تەخىرسىز زۆرۈرىيەت بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

بۇنداق پۇرسەتمۇ كەلدى. گېرمانىيە تەرەپنىڭ توختاۋسىز ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قارىماي، ئامېرىكىنىڭ بىر ساياھەت پاراخودى يۈزلىگەن ئامېرىكىلىقنى ئېلىپ، ئەنگلىيە بوغۇزىدا (كى ئەنگلىيە بوغۇزى مىنالاشتۇرۇلغان ۋە ئىككى تەرەپ كۈچلىرى دايىم سۇ ئۇرۇشى قىلىپ، توقۇنۇشتىن خالى بولمايۋاتقان خەتەرلىك يەر ئىدى) تەمتىلەپ يۈرۈپ، ئاخىرى بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىش يولى ئېچىلدى!

ئۇرۇشتىن كېيىن «ئۆيدە سوقۇلغان چوت بازارغا تازا توغرا كەلدى». ياۋروپا هالسىرىغان ئىدى. سانائىتى يىمىرىلگەن، قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئون يىللارنى باشتىن كەچۈرۈشى كېرەك ئىدى. بۇ چاغدا ئامېرىكا ئاتوم بومبىسىغا ئىگە قۇدرەتلىك دۆلەت سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان ئىدى. ياۋروپانىڭ ھەممە ئېھتىياجىنى ئامېرىكا قامدايتى، بۇ ياخشى بازار بولۇش بىلەنلا قالماي، دۇنياغا خوجا بولۇشنىڭمۇ بىرىنچى ئەمەلىي قەدىمى بولۇپ قالغان ئىدى. مانا شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكا قوشۇنلىرى ياۋروپادا پۇت دەسسەپ تۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتى قازاندى. شۇنى كەسكىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئەگەر 2-دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشمىغان بولسا، ئامېرىكىنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئامېرىكىنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان فرانسىيە رەئىسجۇمھۇرى دې گول، ياۋروپا ئىتتىپاقى قۇرۇشنى ئويلاپ تاپتى. چۈنكى، ياۋروپادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت يەككە دۆلەت سۈپىتىدە ئامېرىكىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي كونتروللۇقىغا مەيدان ئوقۇيالمايتى. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى ئەسلى غايە بۇ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دەسلەپكى چاغلاردا (دې گول ھايات ۋاقتىدا) ئەنگلىيەنىڭ بۇ ئىتتىپاققا كىرىشىگە شىددەتلىك قارشى تۇرۇلغان. دې گول ئەنگلىيەنى «ئامېرىكىنىڭ تروۋا ياغاچ ئېتى[1]» دېگەن ئىدى (ئەمەلىيەتمۇ بۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك).

دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن قۇتۇپلىشىش، ئامېرىكىنىڭ قۇدرەت تېپىشىدا «دۈشمەن» ۋەھىمىسى باھانىسى بىلەن ياۋروپادا تۇرۇۋېلىشى، ھەربىي سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا خەلقنىڭ مايىللىقىنى قازىنىش باھانىسى بولۇپ خىزمەت قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە دۇنيانىڭ بىردىن بىر خوجايىنى بولۇش غايىسى ئۈچۈن توسالغۇ كۈچ رولىنىمۇ ئوينىدى.

ئىككى لاگېر باشقىلارنىڭ جېنى ۋە ئامانلىقى بەدىلىگە كورىيەدە، ۋېتنامدا تۇتۇشتى. قارىماققا كوممۇنىزم لاگېرى غەلىبە قىلدى. ئەمما كوممۇنىزم

[1] تروۋا ياغاچ ئېتى — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى مەشھۇر بىر ھېكايە، — ئا.

لاگىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە كىرىزىسقا پاتۇرۇلدى. كېيىن ئۇلار ئافغانىستاندا ئۇچراشتى. رۇسلارنىڭ ئىسسىق دېڭىزغا ئۇلۇشۇش ئارزۇسى تاكى پېتېردىن تارتىپلا كۈتەرتىپتە ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇلاشماقچى بولغان ئىسسىق دېڭىزى پارس قولتۇقى ئىدى. پارس قولتۇقى غەرپنىڭ خۇسۇسەن ئامېرىكىنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى تۇرسا، بۇنىڭغا يول قويغىلى بولامدۇ؟ خىتايلارچۇ؟ خىتايلار تاكى لياۋدوڭ يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدىن ۋېتنام چېگرىسىغا قەدەر سوۋېت ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. پەقەت غەرپ تەرەپتە پاكىستان بىر كارىدور بولۇپ بۇنىڭدىن مۇستەسنا دېيىلسىمۇ، ئافغانىستاننىڭ مۇنقەرز بولۇشى پاكىستان «كارىدورى» نىمۇ تاقايتى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېتنىڭ بىۋاستە قورشاۋىدىن سىرت يەرلىرى، سوۋېت تەرەپدارى دۆلەتلەرنىڭ قورشاۋىدا بولاتتى. شۇڭا خىتايلار ئىسلام ئەللىرىگە ئىسسىق كۆرۈنۈش، ئۆزىنىڭ ئىسلام دوستى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن دىپلوماتىيە نەيرەڭلىرىنى باشلاش بىلەن بىرگە، ئىلگىرى تاقىۋېتىلگەن جامىلەرنى ئېچىپ بېرىش، دىنىي مەكتەپلەرگىمۇ كۆز يۇمۇشتەك ئىچكىي سىياسەت يۈرگۈزدى. شۇنداقلا ئامېرىكا بىلەن بىر سەپتە ئافغانىستان قارشىلىق كۆرسۈتۈش كۈچلىرىگە ياردەم بەردى. ئامېرىكا تىك ئۇچارلىرى قەشقەردىن ياردەم بۇيۇملىرى توشۇدى؛ يەنە ۋەتىنىمىزدىن نۇرغۇن خېچىر توپلۇنۇپ، ئافغانىستاننىڭ تاغلىقلىرىدىكى قاتناش ۋاستىسى قىلىش ئۈچۈن ۋاخان كارىدورىغا توشۇلدى. «ئافغانىستان پارتىزانلىرى» قاغىلىقتا تەربىيىلەندى؛ بىرنەچچە يۈز ئۇيغۇر ياش «ئافغانىستان پارتىزانلىرى»غا قوشۇۋېتىلىش ئۈچۈن پاكىستاندا تەربىيىلەندى.①

ئامېرىكا بۇ ئىشقا ئاز ساندىكى مۇتىخەسسىسلەرنى بۇيرۇش بىلەن چەكلەندى دېيىشكىمۇ بولۇدۇ، يەنى «ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا، بۇنىڭكىنى ئۇنىڭغا كەيدۈرۈش» بىلەن بۇ ئىشتىمۇ غالىپ تەرەپنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەكىلى بولۇۋالدى: ھېچقانداق قورال-ياراق ياكى باشقا ئىقتىسادىي ياردەم قىلمىدى. پەقەت ئوتتۇردا بىر كېلىشتۈرگۈچى بولۇپ، مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ

① بۇ مەلۇماتلار ھەققىدە: «پىتنە ئۇرۇشلىرى» (Unholy Wars) غا قارالسۇن، ـــ ئا.

ئىقتىسادى، پاكىستان زېمىنىنى ئىشلىتىپ، مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى ھاكىمىيەت ئۆكتىچىلىرىنى «مۇجاھىد» سۈپىتىدە تەربىيىلەپ، ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىشتەك «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش» ئويۇنى ئوينىدى. خەۋپلىك ئۆكتىچىلەرنى بۇ يەردە تەربىيىلەپ، ئۇرۇشقا ئەۋەتىپ ھەم ئىتتىپاقداشلىرىنى دۈشمەنلىرىدىن قۇتۇلدۇردى، ھەم ئافغانىستان ئالدىنقى سېپىنى ئادەم كۈچى بىلەن تەمىنلىگەن بولدى. ئەرەپ ئەللىرى ھۆكۈمەتلىرى بولسا، نۇرغۇن ئۆكتىچىلەردىن «شاھادەت شەربىتى ئىچىشكە يول ئېچىپ بېرىش» ئارقىلىق قۇتۇلدى!

ئۇرۇشقا قاتنىشىش — ھېچقاچان ھېسسىداشلىقتىن بولمايدۇ، بەلكى مەلۇم مەنپەئەت تامايىدىن بولىدۇ. چۈنكى شۇ ئۇرۇشتا غالىپ تەرەپتە بولۇپ قالالىسا، بۇنىڭ ناھايىتى كۆپ مەنپەئەتى بار. تۈركىيە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىشقا ساناقلىقلا كۈنلەر قالغاندا سىمۋوللۇق ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، گېرتسىيىگە ئەسكەر كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ غالىپلار سېپىنىڭ رەسمىي بىر ئەزاسى ھېساپلانمىدى. شۇڭا سىياسەت تارىخچىلىرى بۇ تارىخنى ھەسرەت بىلەن تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە، شۇ زاماندىكى سىياسىيونلارنى بىلىمسىزلىك، جۈرئەتسىزلىك جەھەتتىن ئەيىپلەيدۇ. تۈركىيە ئۇرۇشتىن مەنپەئەت ئېلىشنى بىلمەيتتىمۇ؟ تازا بىلەتتى. ئەمما قايسى تەرەپ غالىپ بولىدىغانلىقىنى تولۇق مۆلچەرلىيەلمىگەچكە، قايسى تەرەپكە قاتنىشىشتا قارارسىز ئىدى. ئۇرۇشنىڭ غالىپ تەرىپى تامامەن مەلۇم بولغاندىن كېيىن قاتناشقاچقا، باشقىلار بىلەن تەڭ مىقداردا پايدا ئالالمىغان بولسىمۇ، مانا شۇنىڭ خاسىيىتىدە ياۋروپالىقلار نەزىرىدە بىر ئىتتىپاقچى بولۇپ كۆرۈندى ۋە كېيىن كورىيە ئۇرۇشىغا ئەسكەر چىقىرىشتەك تارىخىي قارار بىلەن «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى»غا ئەزا بولدى. بۇ ئۇنىڭ دائىمىي سوۋېت تەھدىدى ئالدىدىكى ئىشەنچلىك كاپالىتى بولۇپ قالدى.

سىياسىنىڭ قانداق بىر رەزىل ئويۇن ئىكەنلىكىنى، ھېسسىياتنى ئەمەس، مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى «دېڭىزدىن تامچە» سۈپىتىدە سۈرەتلەشكە تىرىشتۇق.

دېمەك، زىكرى قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۈگۈنكى كۈندە يېڭى بىر دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىشى ئۈچۈن دۇنيا كۈچ نۇقتىلىرىدىن بىرىنى ھىمات قىلىش ياكى ئىنتايىن ئۈستۈلۈق بىلەن ۋاكۇئۇمدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە، ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئىقتىسادىي ئورنى ۋە پەن-تېخنىكا پاتېنتلىرى رول ئوينىغان بولسا، يەنە بەزى دۆلەتلەر تامامەن بىرىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇش ھېسابىدا مەيدانغا كەلدى (موڭغۇلىيە). دۆلەتلەرنى ئۆزىنىڭ مەخسىدىگە ئۇيغۇن يۆنىلەندۈرۈشنىڭ نۇرغۇن مىساللىرى بار. بۇلاردىن بىرى دەل يەھۇدىي تىرىلىش ھەركىتى (زىئونىزىم) بولغان بولسا، يەنە بەزى دۆلەتلەر كۈچىيىش ئۈچۈنمۇ ھەر خىل باھانە ـ سەۋەپلەردىن پايدىلىنىدۇ. بۇ شۇ دەۋىردىكى سىياسىيونىنىڭ ماھىرلىقىغا مۇناسىۋەتلىك.

مەسىلەن: يېڭى قۇرۇلغان «جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى» ــ «يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە» دۆلەتنىڭ خارابىسى ئۈستىدە قۇرۇلغان ئىدى. سانائىتى قالاق، ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىز ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ماۋزېدوڭنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش ئىشتاھاسى بار ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆز مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن ھەركەتكە كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقارا ياكى رايون خاراكتېرلىق كىرىزىس ــ توقۇنۇش كېرەك بولاتتى. ماۋزېدوڭ بۇنى شىمالىي كورىيەنى كۈشكۈرتۈش ئارقىلىق روياپقا چىقاردى. «ئارقاڭدا مەن بار» دەپ مەدەت بېرىش ئارقىلىق، شىمالىي كورىيەنى جەنۇپقا قارشى كۈشكۈرتۈپ، كورىيە ئۇرۇشىنى سۈنئىي بارلىققا كەلتۈردى. ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى «كوممۇنىزىم لاگېرىنىڭ بىر ئەزاسىنى قوغداش»قا مەجبۇر بولدى. ئادەم مەنبەسى زور بولغان خىتاي بىلەن كېڭىشىلدى. ماۋ: ئادەم بولغان بىلەن قورالىمىز يېتەرسىز، ھەربىي سانائىتىمىز يوق، دەپ سوۋېتنىڭ بۇ جەھەتتىكى ياردىمىنى زۆرۈرىيەت ھالىتىگە كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ خىتاي ئارمىيىسى زامانىۋىي قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇلدى؛ ھەربىي سانائىتىنىڭمۇ ھۇلى سېلىندى.

ماۋ ئاتوم بومبىسىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ كەلدى. ماۋزېدوڭ بۇنىڭ ئۈچۈن «سوتسىيالىزىم لاگېرى يادرو تەھلىكىگە دۇچ كەلگەن» بىر ۋەزىيەتكە مۇھتاج ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر يادرو دۆلىتى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىش ۋەزىيىتى پەيدا قىلىشى كېرەك ئىدى. كۆز ئالدىدا بىر ياخشى كوزۇر بار ئىدى: ئامېرىكا ھامىيلىقىدىكى تەيۋەن! 1957 ـ يىلىدا تەيۋەن بوغۇزىدا پەيدا قىلىنغان جىددىيلىكنىڭ پەردە ئارقىسىدا ماۋنىڭ ئاتوم بومبىسىغا ئېرىشىش ئارزۇسى ياتاتتى. تەيۋەننىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىشىغا قارىتا ئامېرىكىنىڭ ئېلان قىلغان باياناتلىرى دەل ماۋنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقتى. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقى دەرھال خىتايغا ئاتوم بومبىسىنىڭ تېخنىكىسىنى بېرىشنى قارار قىلدى!

بۈگۈنكى كۈندە غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە ئايلانغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان ئىراننىڭ غەرپكە قارشى دادىل-دادىل سۆزلىيەلىشىدە ئىككى سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن: يا، بۇ سۆزلۈنۈۋاتقانلار شەكىل، يەنى بۇ بىر خىل كەلگۈسى پىلاننى پەردىلەش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان شەكلىي دۈشمەنلىك بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىراننىڭ بۈگۈنكى ھۆكۈمىتى بىلەن غەرپ ئارىسىدا يوشۇرۇن بىرلىك بار، پەقەت رايون خەلقى قايمۇقتۇرۇلۇۋاتىدۇ؛ ياكى، ئىران، ئامېرىكىنىڭ يەككە ھالدا دۇنيانىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلىتى بولۇش پىلانىدا ئۆكتىچى بولۇۋاتقان يەنە بىر كۈچ نۇقتىسى رۇسىيەنىڭ ۋە خىتاينىڭ دەستىكىنى ئۆزىگە ھىمات قىلغاچقا مانا شۇنداق ۋارقىراپ جارقىراۋاتىدۇ. شۇ خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن: غەرپ كۈچلىرى ئىرانغا ھۇجۇم قىلمايدۇ! چۈنكى ھەر ئىككى خىل ئېھتىماللىق بۇنداق بىر نەتىجىگە ئېلىپ بارمايدۇ.

ئاجىزلىقىمىز تۈپەيلى بىرىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرمايمىز، خەققە كوزېر بولمايمىز، دېيەلمەيمىز. ئەمما بۇنىڭ ئىچىدىمۇ ئۆز ئىرادىمىزگە كۆرە بەلگىلىسەك بولۇدۇغان تەرەپلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۆزىمىز بەلگىلىمىسەك، ھەممىنى «ئاغىمىز ياكى يېزىنىمىز بىز ئۈچۈن ئويلايدۇ» دەپ

باشقىلارغا تاشلاپ قويساق، كوزىر بولۇپمۇ بەك يارىماس، بەك ئېتىبارى يوق كوزىر (پىچكا) بولۇپ قالىمىز.

ئەگەر بىز ئۆز ھەركىتىمىز ئارقىلىق كۆزگە چېلىققان، كېيىن باشقىلارنىڭ دىققىتى قوزغۇلۇپ، «ھە، بۇنى ئۆز مەنپەئەتىم ئۈچۈن مۇنداق پايدىلانىمايمۇ؟» دەپ باشقىلار ئىزدەپ كېلىپ ياردەم تەكلىپ قىلغان بولسا، بىزنىڭ شەرت قويۇش ئىمكانىمىز بولىدۇ؛ رەت قىلىش ئۈچۈنمۇ تىلىمىز بولىدۇ. ئەگەر باشقىلار ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بىر كوزىرغا ئېھتىياجى بولۇپ، ئۆزلىرى تەشۋىق ۋە پەرۋىشلەر بىلەن بارلىققا كەلتۈرگەن بىر توپ بولۇپ قالساق، تامامەن باشقىلارنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشقىلا مەجبۇر ھالدا بولىمىز. ئۇ خالىغان چاغدا قۇربانلىق قىلىدۇ، خالىسا «ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى» دېگەندەك، ئاغزىمىزغا «دېمىدە سۈيى» تېمىتىپ قويۇپ، تۇتۇپ تۇرىدۇ. ھەر ئىككىلىسىدە يەنە سىياسىي سەۋىيە، سىياسىي سەزگۈرلۈك مەسىلىسى ناھايىتى موھىم. بىر سىياسىي گۇرۇھ ئالدىنقىدەك ئەھۋالدىمۇ تامامەن قۇچاقتىكى بوۋاقتا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن؛ بىر ھەقىقىي سىياسىيون كېيىنكى ئەھۋالنىمۇ بىر ئاز ئۆزگەرتىپ «بىرەر قولى ياكى پۇتى»نى كونتروللىدىن چىقىرىۋېلىشى مۇمكىن.

بىزنىڭ بۈگۈنكى خەلقارا شەرتلەر ئاستىدا ئەھۋالىمىزنىڭ بەكلا خەتەرلىك ئىكەنلىكىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەسلىك كېرەك. ھەرقانداق مەنزىلگە ئېلىپ بارىدىغان يول بولماي قالمايدۇ. مەسىلە بىزنىڭ يولنى تاپالىشىمىزدا. يول تېپىش ئۈچۈن قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش زۆرۈر. ھەرگىزمۇ ئىچكىي ـ تاشقىي شەرتلىرى ھېچ ئوخشىمايدىغان باشقا خەلقلەرنىڭ يوللىرىنى زورۇقۇپ دورىماسلىق كېرەك. سىياسەت ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىدىغان بىر گورۇپپا ئادەملىرىمىز بولغاندا، ئىزچىل تەتقىقات نەتىجىسىدە بۇنداق بىر يول تېپىلماي قالمايدۇ. موھىمى، كىچىك پېئىللىق بىلەن ئىزدىنىش روھىمىز بولۇش بولماسلىقىدا، ئۆگۈنۈش روھىمىزنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىدا.

# ئىستىخبارات ئىشى — سىياسىي ھوشيارلىق مەسىلىسى

ئىستىخبارات ئىشىمىز ياكى سىياسىي ھوشيارلىقىمىز ھەققىدە، بۇنىڭغا ئالاقىلىق ھالدا مىللىي پىسخىكىمىزدىكى «داستىخانچىلىق»، «دىپلوماتىيە» مىجەزىمىز ھەققىدە ئىلگىرىكى يازمىشلىرىمدا ئانچە- مۇنچە توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدىم. ھەتتا بەزى ئاچچىق مىساللارنىمۇ بەرگەن ئىدىم. لېكىن، يەنىلا شۇ «دىپلوماتىك» مىجەزىمىزنىڭ، «داستىخانچىلىق» پەسكەشلىكىمىزنىڭ رولى چوڭ بولۇپ، قاراپ تۇرۇپ بىر ھەققە كۆز يۇمۇپ كېتىۋاتىمىز. «داستىخان» سالغانلار مۇناپىق بولسىمۇ دوست تۇتۇپ، «داستىخان» سالمىغانلار ۋە ھەق گەپنى قىلغانلارنى دۈشمەن كۆرۈپ، سېپىمىزنى تازا «ئۇدا خېنىمنىڭ ئۈمچى»دەك ئارىلاشمىغا ئايلاندۇرۇۋەتتۇق.

يەنە ھۈسەيجان جېلىل ۋەقەسىنى بىر ئۆرنەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇم، ھۈسەيىنجان جېلىل، خىتايلار ئېلان قىلغان «تېرورچىلار» تىزىملىكىدە يوق ئىدى. ياۋروپانىڭ كىندىكىدە شۇئار تۇۋلىغانلار بۇ تىزىملىكتىن شەرەپ بىلەن ئورۇن ئالغان ئەھۋالدا، ئالدىنقى سەپتە ئاكتىپ تەشۋىقاتچىلىق قىلغان ھۈسەيىنجان بۇ تىزىملىككە كىرىشكە سالاھىيىتى توشمىغان. چۈنكى بۇ تىزىملىك دەل مېنىڭ ئىلگىرى دېگىنىمدەك بىر ئويۇن ئىدى.

ھۈسەيىنجان ھەققىدە تۇتۇش بۇيرۇقىمۇ چىقىرىلمىغان ئىدى. چۈنكى بۇنداق ئىشلار ئۇنى تېخىمۇ «ئېتىۋارلىق» قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا خىتايلار بۇنداق ئىشنىمۇ بەك ئويلۇنۇپ قىلىدۇ. شۇنداق قىزىق بىر سېلىشتۇرما بار: دەل شۇ ھۈسەيىنجان جېلىل تاشكەنت شەھرىدە يۈرگەن ۋە

تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان جىنايەتچى ئەمەس بولۇشىغا قارىماي، كانادا پۇخراسى بولۇشىغا قارىماي تۇتۇپ كېتىلگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، يەنە بىر كانادا پۇخراسىمۇ تاشكەنتتە ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ھەققىدە «تۇتۇش بۇيرۇقى» چىقىرىلغان ئىكەنمىش! مانا بۇ «تۇتۇش بۇيرۇقى»غا لايىقتى بولغان تەۋرەك ئادەم سالامەت قايتىپ كەلگەن!

بۇنى نېمە دەپ چۈشىنىمىز؟ بۇنى بىرىنىڭ بەك پالاكەتلىكى، يەنە بىرىنىڭ بەك «ئەپچىلەم»لىكىدىن دەپلا چۈشىنەمدۇق؟ ھەتتا بۇ «تۇتۇش بۇيرۇقى»غا شەرتى توشقان مۇبارەك شەخسنى رادىئومۇ قالتىس تونۇشتۇرغان، ئۇ بولسا ھېچ تارتىنماي، ساقاللىق يۈزىنى داپتەك قىلىپ، «ھە، راست، ماڭا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان!» دېگەن ئىدى. ئەمدى سىياسىي پانالىق تىلىگەن بۇ ئادەمنىڭ بەزى كەچمىشلىرىنى ۋاراقلاپ باقىدىغان بولساق شۇلارنىمۇ كۆرىمىز:

ئۇ سىياسىي پانالىق تىلىگەندىن كېيىن، ھەتتا پانالىقى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن قىزى چىقىرىپ بېرىلگەن! كاناداغا كەلگەندىن كېيىن خىتاي پاسپورتىنى يېڭىلىغان؛ ھازىرغىچە پېنسىيە مائاشىنىمۇ ئېلىپ تۇرىۋاتقانلىقى مەلۇم؛ خىتاي كونسۇلخانىسىدىن خىتايلار كەلسە چۆچۈرە ئېتىپ بەرگەنلىكىنىمۇ زور كۆپچۈلۈك بىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بۇ قەھرىمانىنى رادىئو كۆپتۈرۈپ تەشۋىق قىلدى! بۇ كىشىگە قارىتا كىشىلىرىمىزدە قانداق ئىنكاس بولۇۋاتىدۇ؟ سىياسىي تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ بۇنىڭغا كۆز قارىشى قانداق؟ بۇنداقلار بىرەر مىڭ دوللار ئىئانە بىلەنلا تەشكىلاتلارنىڭ ئېتىبارلىق ئادىمى بولۇشنى داۋام قىلماقتا!

مانا بۇلاردىن بىزنىڭ سىياسىي ھوشيارلىق تىپىدا بىرەر زەررە ھېسسىمىزنىڭ يوقلۇقىنى، ئىستىخبارات ئېڭىغا ئائىت بىرەر تال تۈكىمىزمۇ يوقلۇقىنى بىلىمىز.

بۇلاردىن باشقا، خىتاينىڭ شۇمپەنلىكى، ۋەھشىيلىكى، كۆزى كىچىكلىكى تۈپەيلى، ھازىرقى ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇخرا مۇئامىلىسىنى ئاشكارە يولغا قويۇپ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پاسپورت ئېلىشنى ھەسسىلەپ قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەن ۋەزىيەتتە ئەمەس، ئىلگىرىكى نىسپىي كەڭرىچىلىك

بولۇۋاتقان زاماندىمۇ باللارغا پاسپورت ئېلىشنىڭ قىيىنلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. پۈتۈن بىر ئائىلە — ئەر- خوتۇن، بالا- ۋاقا بىراقلا پاسپورت ئېلىپ چەتئەلگە ماڭسا، خىتاي بۇنىڭغا «ئاسانلىق يارىتىپ» بەرگىنى، بۇنداقلارنىڭ ئىككىنچى بىر دۆلەتكە كېلىپلا سىياسىي ئىلتىجا قىلىشى، قىسقا مۇددەتكە قوبۇل بولۇپ، غەرپ دۆلەتلىرىگە يولغا سېلىنىشىمۇ بىزدە ھېچقانداق شۈبھىلىك سوئال تۇغدۇرمايدۇ.

تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولۇۋاتقىنى شۇكى، تېخى يېقىنلا بىر كەچمىشتە ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ ئۇيغۇرلاردىن پاسپورت يىغىۋالغان خىتايلار، «5- ئىيۇل قەتلىئامى»دەك مۇشۇنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەقەدىن كېيىن بەزىلەرگە ئاجايىپلا كەڭچىلىك قىلىۋەتتى: مىڭلارچە ئادەم «قېچىپ چىقىش»قا باشلىدى؛ ۋەقە ھەققىدە شاھىتلىق قىلىشتى! نورمالدا خىتاينىڭ بۇنداق بىر ھەركەت بولغان چاغلاردا پەۋقۇلئاددە قاتتىققول سىياسەت يۈرگۈزىدىغانلىقى، قورۇت كىرىۋالغۇدەكمۇ يوچۇق قالدۇرماسلىق ئۈچۈن پۈتۈن سەپلەر بويىچە ھەركەت باشلايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدۇقمۇ؟

بۇ ھال گويا خىتايدا ئىككى خىل ھۆكۈمەت باردەك تۇيغۇ بېرىدۇ: بىرى، بىز شىكايەتچى بولۇۋاتقان ۋەھشىي خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى؛ يەنە بىرى بەزىلەر ئۈچۈن ھەممە ئىشنى قولاي قىلىپ بېرىۋاتقان كەڭ قوساق خىتاي ھۆكۈمىتى! ئەمما، ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەممە دوقمۇشىمىزدا «خىتاي رەھبەرلىكى» بار، ھەممە بۇلۇڭ پۇچقاقتا كوممۇنىست چوچقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بار.

يەنە بەزى سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن كىشىلەر بار، مىللەتنىڭ ئىسمىنى سۈئىستىمال قىلىپ، دەرت ئېيتىپ، پاناھلىقىنى قوبۇل قىلدۇرىۋېلىپ بولۇپلا، داپىۋۇزلۇك بىلەن بۇ مىللەتنىڭ ئىشلىرىغا، تەقدىرىگە، قىسمىتىگە ئۆزىنى مۇناسىۋەتسىز قىلىۋېلىشىپ، «بىز سىياسىيغا ئارىلاشمايمىز، سىياسىي گەپ بار سورۇنغا بارمايمىز،...» دېيىشىدۇ. بۇنداقلارغىمۇ بىز ئوخشاشلا لامزەللىلىك بىلەن «دوستانە مۇناسىۋەت»تە بولۇۋېرىمىز. يەنە بەزىلەر بازار ئاچسا، ئاشخانا - رىستورانت ئاچسا شۇ خىتاينىڭ لەنەتگەردى تىلىدا بىرەر ئىسىم ياكى خىتاي پېشانىمىزغا زورلاپ تاڭغان

ئىسمىغا قوشۇپ بىر ئىسىم قويۇۋېلىپمۇ، يەنە ئارىمىزدا قىزارماي ياشاۋېرىدۇ!

ئەسلى خاپىلىق ئۇلارنىڭ قىزارماسلىقىدا ئەمەس، ئۇلارنى قىزارتمىغان — بىزدە! گەرچە ئۇلاردىن چوچقىدىن يىركەنگەندەك يىركىنىش پەرزىمىز ۋە قەرزىمىز بولسىمۇ، بىرەر تاۋاق يۇندا ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ياخشىچاق ئۆتۈۋېرىمىز! خائىنلار، مۇناپىقلار، ھەرقانداق بىر مىللەتتە بولىدۇ. ئەمما ئوخشىمايدىغان يېرى، مىللەتلەرنىڭ بۇنداقلارغا قانداق مۇناسىۋەت تۇتىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھېچقانداق بىر مىللەتتە بىزدىكىدەك بۇنداق پەسكەش ئادەت، مىللىي مەنپەئەتنى مەھەللىۋىي مەنپەتكە، ئومۇمىي مەنپەئەتنى شەخسىي مەنپەئەتكە ئەرزانلا قۇربانلىق قىلىۋېتىدىغان ئادەت يوق بولسا كېرەك.

ئەجداتلىرىمىزدىن قالغان بىر ھېكمەتلىك سۆز بارىدى، «سۇ ئۇخلىسا ئۇخلايدۇ، دۈشمەن ئۇخلىمايدۇ»! خۇددى شۇنداق. دۈشمەنلىرىمىز ھەرگىزمۇ ئۇخلىمايدۇ، بىزنى ئۇخلۇتۇشقا تىرىشىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا يۈز بەردى ياكى يۈز بەرگەن ئىكەن، مەن يېقىنغىچە ئۇقماپتىمەن:

مېنىڭ سىياسىي ھوشيارلىقىمىز — ياكى ئىستىخبارات ئېڭىمىز ھەققىدە پات - پات ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم، بەزى مۇناپىقلىرىمىزنىڭ دەل ئېچىشىدىغان يېرىگە تەككەن چېغى، «ئۇنداق قازانغا، مۇنداق چۆمۈچ» دېگەن پەدىدە مېنىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا گۇمانغا قالدۇرۇش ئارقىلىق ئەدىبىمنى بەرمەكچى بولۇپتۇ. «سەن، خەقنىڭ ئائىلە، بالا- ۋاقىسى چىقسا، ‹قانداق چىقالىدى؟› دېگەن سوئالنى تۇغدۇرۇپ گۇمانغا سالىسەن، ئەمدى سەندىنمۇ خەق گۇمانلىنىپ باقسۇن، قانداق بولۇدىكىن» دېگەندەك، مېنىڭ ئائىلەمنىڭ كېلىپ جەم بولغانلىقىمىزنى ئەتراپقا يايغان. بۇ — بۇ خىل ئويۇننىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى ھەرھالدا. بىر يېرىم يىل ئاۋال كانادادا بەزىلەر بۇنداق خەۋەرنى تارقاتقان، ئاندىن ئۇلارنىڭ خالىس يالاقچىلىرىدىن بەزىلەر ھەتتا قەسەم قىلىپ تۇرۇپ بۇنى ئىسپاتلاشقىمۇ تىرىشقان ئىدى. شۇ چاغدىمۇ «خەۋەر» ئوخشاش مەتبۇئاتتىن تارقىتىلغانمۇ ياكى دۈشمەننىڭ يۇندىسىنى ئىچىپ رەسۋالاشقان ئاشۇ پاسكىنا ئېغىزدىنلا تارقىغانمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، ئەمما بۇ قېتىم بۇ توردىكى پىت بازىرىغا ئالاھىدە بىر خەۋەر تېرىقىسىدە قويۇلۇپتۇمىش!

پىت بازىرىدا ئىشىم بولمىغاچقا ئۇنىمۇ بىلمەپتىمەن. كېيىن بەزىلەرنىڭ

مۇبارەكلەشلىرى، بەزىلەرنىڭ جىددىيلىشىپ سوراشلىرىدىن كېيىن سۇرۇشتۇرسەم ئۇيغۇرلارنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئامېرىكىدىكى تەشكىلاتنىڭ توربېتىگە قويۇلغان ئىكەن! (تور پىت بازىرىغا)!

خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ خىتايلىرى بىلەن دوست تارتىشىپ تۇرغانلارنىڭ رەسىمىنى، «مۇناپىقلىرىمىز رەسۋا بولمىسۇن!» دەپ كۆيۈنۈپ دەرھال ئۆچۈرۈۋەتكەن بۇ تور بەت، مېنىڭ ئائىلەمنىڭ كانادىغا يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى «موھىم خەۋەر»نى ھېچ بولمىغاندا ئۆزلىرىنىڭ ئابرويى ئۈچۈن بولسىمۇ چىقىرىۋەتمىگەن. بۇ شۇنى كۆرسەتتىكى، «خەۋەرچى» مۇناپىق بىلەن توربەتتىكى ئازاتلىقىمىز ئۈچۈن كۆيۈپ ـ پىشۋاتقان ئىنقىلاپچىمىزنىڭ شۇمپەنلىكتە ئورتاقلىقى باركەن.

نېمىشكە «ئۆز ئابرويى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆچۈرىۋەتمىدى» دەيمىز؟ غايەت تەبىئىيكى، بۇ تور بەت بىر سىياسىي تەشكىلاتنىڭ تور بېتى. بۇ توربەتنىڭ مەخسىدى ــ ئەگەر چۈشۈنۈشۈم خاتا بولمىغان بولسا ــ سىياسىي تەشۋىقات ياكى قىسمىتىمىزگە ئالاقىدار سىياسىي خەۋەر دېگەندەكلەر ئۈچۈن ئېچىلغان بولۇپ، قىسقىسى تەشكىلاتنىڭ غايىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. بىر شەخسنىڭ «ئايالىنىڭ بويىدا قالغان»لىقى، يەنە «بىرىنىڭ بالىسىنىڭ خەتنىسى قىلىنغان»لىقى، ۋە يەنە مەندەك بىرىنىڭ ئائىلىسىنىڭ كەلگەنلىكى،... دېگەندەك خەۋەرلەر بىلەن ئەلۋەتتە بۇ تەشكىلاتنىڭ غايىسىگە شەك چۈشۈدىغان گەپ. يەنى، «ئەجەبا بۇ تەشكىلاتنىڭ غايىسى بىكارچىلارنى ــ تېخىمۇ توغرىسى مۇناپىقلارنى ــ پىتنە سورۇنى بىلەن تەمىنلەش بولغىيمىدى؟» دېگەندەك بىر ئوي كۆڭۈلدىن كېچىپ قېلىشى مۇمكىن.

«خەۋەرچى» مۇناپىقنىڭ بۇ خەۋىرىدىن مەخسەت نېمىدى؟ يوقۇرىدا پەرەز قىلغىنىمىزدەك، ئۇنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تازا تەككەن گەپلىرىم ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش بولۇشىدا گەپ يوق. ياكى خاپىلىقنى ئويچىلاشتۇرۇش ئارقىلىق دىققەتنى سۇسلاشتۇرۇش ئويۇنى ئويناپ باققان. يەنى نەسىردىن ئەپەندىمدەك، ئۆزى خۇرجۇننى يۇتتۇرۇۋەتكىنى ئۈچۈنلا «بازاردا جىمى ئادەم خۇرجۇن يۇتتۇرۇۋەتتى»، دېيىش ئارقىلىق، ئۆزىگە كېلىدىغان تاپا ـ تەنىلەرنى ئازايتماقچى ياكى ئۇنتۇلدۇرماقچى بولغان.

دېمەك، ئەپەندىم ئۆزىنىڭ خاتاسىنى ئومۇمىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق، بولغۇسى خاپىلىقنى سۇسلاشتۇرماقچى بولغانىدى. گويا «مەنمۇ شۇ كۆپچۈلۈكنىڭ ئىچىدىكى بىرسى» دېمەكچى بولاتتى.

مۇناپىق «خەۋەرچى» ۋە ئۇنىڭ ھەمتاۋاقلىرى مانا شۇ ئۇسلۇپ بىلەن ئىش قىلغان بولسىمۇ، ئويلاشمىغانكى، بۇ ھادىسە مېنىڭ قولۇمدا ئۇلارنىڭ بېشىنى يەنچىيدىغان تاشقا ئايلىنىدىغانلىقىنى!

توردا ئوينۇلۇۋاتقان ئۇششاق ئويۇنلاردىن ماڭا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىرى يۈز بېرىپتۇ. «ۋەتىنىم» توردا كېيىن پەيدا بولغان «قازناق» سەھىپىسىدە بىرىنى خاتا ھالدا غۇلام دەپ پەرەز قىلىشىپ تازا تىللاشقان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پىكىرلىرىمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەرمىش. ئەمما تىللىغانلار مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ تىللىغانلىقى ئېنىق. ئەپسۇسكى ئاۋۇ «مەن» بولۇۋاتقان كىشى بۇ ئىشنىڭ كېتىپ بېرىشىنىڭ توغرا بولمايۋاتقانلىقىنى سەزگەندىن كېيىنمۇ، «سىلەر خاتا پەرەز قىلىپ، باشقا ئادەمنى تىللاۋاتىسىلەر، مەن غۇلام ئەمەس» دەپ قويماستىن مەن بولۇۋېلىپ تۇرۇپ مېنى تىللاتقان ئىكەن. بۇنى نېمە دەپ چۈشەنگۈلۈكتۇر؟ ئىلگىرى ئامېرىكىدىكى «پىت بازىرى»دىمۇ خۇددى شۇنداق ئىشلار (بىرسى مېنىڭ ئىسمىمدا تىزىملىتىپ تۇرۇپ، مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ماقالە ئېلان قىلغان ياكى مېنىڭ ماقالىلىرىمنىڭ ئارىلىرىغا ئۆز جۈملىرىنى قوشۇپ ئېلان قىلغان ئىكەن) بولغاندا مەن بىر بايانات بېرىپ، مېنىڭ پىت بازارلىرىغا بىر نېمە يېزىش تۈگۈل، زىيارەتمۇ قىلمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرگەن بولساممۇ، بەزى ئىشلارغا پەقەت چولىسى تەگمەي قالىدىغان باشقۇرغۇچىلار بۇنى ئىككى سائەتمۇ توختاتماي ئۆچۈرۈۋەتكەن ئىدى.

دېمەك، جاسۇسلۇق تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانلارنى ماشىنىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇزاقتىن كونترول قىلىشنىڭ كويىدا ئىزدىنىلىۋاتقان، ھەتتا بۇ غايە قىسمەنلىكتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بىر دەۋردە ياشاۋاتقان بولۇشىمىزغا قارىماي، بىزدىكى ئىستىخبارات ئېڭى ــ سىياسىي ھۇشيارلىق، تېخىمۇ ئەقەللىيسى سىياسىي پرىنسىپچانلىق نۆل سەۋىيەدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئوخشاش ئۆلچەمنى ھەممىگە قوللىنايلى دېمەيمىز. ئەمەت سىيگەك بولسا، ئۇنى سىيگەك دېگۈلۈك، بۇنى ھەممە قوبۇل قىلىدۇ؛ ئەمما ئوخشاش ئەھۋالدا ئىشتانغا

سىيگەن سەمەتنى سىيگەك دېگىلى بولمايدۇ! بۇ قانداق ئادالەت، تەخسىر؟

«كادىر تەربىيىلەش» دەپ بىر ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. ئەمما بىزگە ئەڭ ئەڭ كېرەكلىك بولغان سىياسىي، دىپلوماتىيە، ئىستىخبارات ۋە سىياسىي هۇشيارلىق نۇقتىسىدىن ئەمەس، يۇۋاشلىقىمىز يەتمىگەندەك، يەنە «تېنچلىقچىلىق» ئۆگىتىۋاتىدىكەن! چۈنكى بۇ ئۆگەتكۈچىلەرنىڭ ئېهتىياجى. ئەمما بىزنىڭ ئېهتىياجىمىز نېمە؟ نېمىشكە ئۆزىمىز بۇ هەقتە ئويلانمايمىز؟ كىمىمىز كىمىمىزنى ئالداۋاتىمىز؟ زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ جىددىيراق ئويلۇنۇپ باقىدىغان ۋاقتىمىز تېخى كەلمىدىمۇ؟

ئىلگىرىكى بىر يازمىشىمدا، بىرەرسى هاياجان بىلەن قايناپ سۆزلەپ قويسىلا «ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر» دەۋېرىدىغىنىمىز، بىرەر فائىلى مەجهۇل شەخس تەشكىلاتلىرىمىزغا سېخىيلىقىنى ئىپادىلەپ تۆرت تەڭگە بېرىپلا قويسا، «ۋەتەنپەرۋەر باي» دەۋېرىدىغىنىمىز هەققىدە توختالغان ئىدىم. بۇمۇ دەل مۇشۇ تېمىدا دېيىلىۋاتقان سىياسىي هۇشيارلىقىمىزغا ئالاقىدار بولۇپ، ئىشلار بۇ قەدەر ئاددىي بولۇپ كەتسە، تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ مۇناپىقلارنىڭ قولىدىكى قونچاققا ئايلىنىشى بەك تەس ئەمەس. يەنە شۇنىمۇ پەرەز قىلىش تەس ئەمەسكى، بۈگۈنكى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ پالەچلىكى، مەجلىستىن باشقا «ئىش» دېيىشكە بولغۇدەك بىرەر هەركەتنىڭ بولماسلىقى؛ مۇسانىڭ مېتودىدىن ئاغرىنغان ئىسانىڭمۇ، ئاخىرى بېرىپ، مۇساغا ئوخشاش ئاپتونومىيەچى بولۇشى قاتارلىقلارنى بىر يەرگە ئەكىلىپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئاشۇنداق «سېخىيلارنىڭ رولى»دىنمىدۇر؟ دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمايمىز.

يا سىياسىي داۋا قىلايلى، ياكى تىجارەت قىلىپ پۇل تاپساقمۇ بولىدۇ. ئەمما، مىللەتنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنى دەسمىي قىلىپ، پۇل تاپلاش بەكمۇ شەرمەندىلىك. يەنە شۇنداقمۇ بىر شەرمەندىلىكنى مىسال قىلىشىمىز مۇمكىن: خىتاي كونسۇلخانا خادىملىرى بىلەن گىرەلىشىپ رەسىمگە چۈشكەنلەرنىڭ ئەسلىدە سالاهىيىتىنى ئاشكارىلاپ، خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىش ـــ كەلگۈسىدىكى ئىشلاردا مۇناپىقلارنى چەكلەش رولى ئوينايدىغان بولسىمۇ، پەقەت مىڭ دوللار بېرىپ قويغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئەپتى -

بەشىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ قوغدىسا بۇ قانداق تەشكىلات؟

يەنە تېخى بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا ئوتتۇرا ئاسىيادىن بىر مۇناپىق تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەن! ئۇ نەچچە مىڭ دوللارغا سودىلىشىپ، ئۇنىڭ نامىنى ئاقلايدىغانغا! نەقەدەر رەزىللىك بۇ! بۇ يەردە نېمىلەر قىلىنىۋاتىدۇ؟ سودىمۇ؟ داۋامۇ؟ هازىر يەنە بىر شەرمەندىلىكمۇ ئوتتۇرىدا كۆڭۈللەرنى ئېلىشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ: بابۇر مەخسۇت سەتچىلىكى! بۇنىڭ بىر سەتچىلىكلا ئەمەس، يەنە مۇناپىقلىق ئىكەنلىكىنى، سىياسىي جەھەتتىن ساۋاتسىزلىق ئىكەنلىكىنىمۇ تولۇق ئاڭقىرىپ كېتەلمەيۋاتقان ئادەملەرنىڭ قولىغا بىر مىللەت تەقدىرى تاشلاپ بېرىلسە، ئاقىۋەت نېمە بولار؟ يەنە مۇشۇ هالدىمۇ هېچ قىزارماستىن مىللەتنىڭ ۋەكىللىكىدىن گەپ ئېچىۋاتقانلار بىزنى قايسى مەنزىلگە باشلاپ بارار؟

بۇلارنىڭ هەممىسى ئىدىئولوگىيە قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى، زۆرۈرلۈكىنى، بۇنىڭسىز قىلغان ئىشنىڭ «چۈۋۈق چويلا» ئىش بولۇدۇغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

# يەنە تەشۋىقاتنىڭ قۇدرىتى توغرىسىدا

مەن تەشۋىقات ھەققىدە كۆپ توختالدىم. يەنە دەۋرمەي دېسەم ئۆزەمنى تۇتالمىدىم. سىياسىي پائالىيەت قىلىۋاتقان بىر گورۇھنىڭ تەشۋىقاتنىڭ قۇدرىتى ھەققىدىكى مۇجمەل تونۇشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئەنسىرىتىدۇ، شۇڭا يەنە بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا، تەكرار تەكىتلەشكە مەجبۇرىيەت ھېس قىلدىم.

تەشۋىقات ــ خاراكتېرى جەھەتتىن يېتەكلەش، كۆندۈرۈش تەشۋىقاتى؛ قايمۇقتۇرۇش تەشۋىقاتى؛ قورقۇتۇش تەشۋىقاتى؛... قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. مېتودى جەھەتتىن ئاشكارە تەشۋىقات (دۆلەت ئىچى ياكى سىرتىدىكى تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ــ گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرى ــ ئارقىلىق قىلىنىدىغان تەشۋىقات)؛ يوشۇرۇن ــ «سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈش» شەكلىدىكى تەشۋىقات (ئىستىخبارات ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلۇدۇغان ۋە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشۋىقات) قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

ھاكىمىيەتلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىشى مۇمكىن. تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدىكى سىياسىي كۈچلەر ئاساسلىقى يېتەكلەش، كۆندۈرۈش شەكلىدىكى تەشۋىقات بىلەن ئىش باشلىشى مۇمكىن. ھەتتا يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشۋىقات ماتېرىياللىرى يوشۇرۇن تارقىتىلىدىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئاشكارە تەشۋىقات تۈرىگە مەنسۇپ بولىدۇ. چۈنكى ئاشكارە- يوشۇرۇنلۇق كونكرېت ياكى مەۋھۇملۇق، يەنى، ۋاسىتىنىڭ كونكرېتلىقى ياكى مەۋھۇملۇق تەرىپىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئىستىخبارات تەشۋىقاتىدا ئەسلى يوشۇرۇن بولىدىغىنى تەشۋىقاتنىڭ ۋاسىتىسىدۇر. بۇ خىل تەشۋىقاتتا تەشۋىق ۋارىقى،

گېزىت ـ ژۇرنال قاتارلىق مەتبۇئات ۋاستىلىرى ئىشلىتىلمەيدۇ. پەقەت سۆز-چۆچەك تارقىتىش شەكلىدىكى مەۋھۇم ۋاستىلەر بىلەن ئىش كۆرۈلگەچكە، ئىنسانلار تۇيماستىنلا بەلگىلەنگەن يۆنۈلۈشكە توغرىلىنىدۇ.

ئىستىخباراتقا مەنسۇپ بولغان يوشۇرۇن تەشۋىقات ھەققىدە باشقا ماقالىدە توختالغان بولغاچقا، بۇ يەردە ئاشكارە تەشۋىقات ھەققىدە توختۇلۇمىز.

ئاشكارە تەشۋىقات ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن يەنە، ئۇزاق مەزگىللىك تەشۋىقات، قىسقا مۇددەتلىك (دەۋر خاراكتېرلىق) تەشۋىقاتقا بۆلۈنىدۇ.

**ئۇزۇن مۇددەتلىك تەشۋىقات** ــ كۆپ ھاللاردا بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىپ، يېڭىدىن شەكىللەندۈرۈش، يەنى پۈتۈن دۆلەت پۇخرالىرى ياكى پۈتۈن مىللەت ئەزالىرىنى تامامەن ئىسلاھ قىلىپ، مەڭگۈلۈك مىللىي مەنپەئەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، سۈپەتلىك يېڭى ئىنسانلاردىن قىلىپ يېتىلدۈرۈشنى ئۆزىگە غايە قىلغان تەشۋىقات بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئۆزگەرمەس پىرىنسىپلىرى (قىزىلتاشلىق كىتاپ)دا يەر ئالغان مەزمۇنلارنى ئۆزىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. پۈتۈن مىللىي مائارىپنىڭ بىر ۋەزىپىسى مۇشۇ تەشۋىقاتنى مائارىپ تەربىيىسى ئىچىگە سىڭدۈرگەن ھالدا ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ياپونىيەنىڭ ساماۋىي پادىشاسى ئەنە شۇنداق «سۈپەتلىك پۇخرا» بارلىققا كەلتۈرۈش ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان ئىكەنمىش. ئەمما ئۇ مائارىپ سىستېمى ئارقىلىق ئاستا-ئاستا بۇ نىشانغا يېتىشتىن بەك ئىچى پۇشۇپ كەتكەن، پاتراق نەتىجە كۆرۈشكە ئالدىرىغانمۇ، قانداق، ئىنتايىن قاتتىق قول ۋاستىلارنىمۇ قوللۇنۇپ، شۇ زامان ئۈچۈن ئىنتايىن ۋەھشى ئاتالغان. كېيىنكىلەر ساپالىق بىر مىللەتنى شەكىللەندۈرۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، رەھمەتتىن ئۇنىڭ روھىغا مىڭ تازىم قىلارمىش.

بۇ ھەقتە گىتلېر شۇنداق دېگەن: «ئورتاق بىر مىللىي تۇيغۇ ۋە مىللىي ھېسسىيات پەقەت مەكتەپلەردە مائارىپ ئارقىلىق، تەشۋىقات دولقۇنى ۋاستىسى بىلەن يارىتىلىشى مۇمكىن. بۇ نىشانغا ئون- يىگىرمە يىلدەك قىسقا بىر زاماندا يېتىش مۇمكىن ئەمەس. بەلكى يۈز يىللارنى نەزەرگە ئېلىش

كېرەك.»

ماھىر قايناق شۇنداق دەيدۇ:

«مائارىپ سىستېمى ئىنسانلارغا مەلۇم بىر خىل پىكىر قىلىش ئادىتى بېرىدۇ. دېمىسىمۇ، دەسلەپكى قەدەمدە مائارىپ سىستېمى ئىچىدە ئىنسانلارنى مۇئەييەن بىر قېلىپقا سېلىپ، ئاندىن كېيىن بۇ قېلىپ ئۈستىگە كۆندىلىك ھادىسىلەرگە كۆرە بىر يۆنۈلۈش بەرمەكتۇر.»

**دەۋر خاراكتېرلىق تەشۋىقات** — شۇ زامان، شۇ تارىخىي شارائىتتا ھاكىمىيەتكە كېرەكلىك بولغان بىر تۈرلۈك كەيپىياتنى ھازىرلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشۋىقات بولۇپ، مەلۇم تاجاۋۇزچىلىق پىلانىنى نىقاپلاش، مەلۇم يولغا قويۇلۇش ئالدىدا تۇرغان يېڭى سىياسەتكە كىشىلەرنىڭ قارشى چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن، كىشىلەرنى كۆندۈرۈش، مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە كىشىلەرنى كۈشكۈرتۈش، تەرەپتار تويلاش،... قاتارلىق مەخسەتلەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

«سوغۇق مۇناسىۋەت ئۇرۇشى دەۋرىدە ھېچكىم دىنىي سەۋەپلەر بىلەن سوقۇشمايتى. تەرەپلەرنى بەلگىلىگەن ئامىل ئىدىئولوگىك مەيدانى ئىدى ۋە كوممۇنىزىم بىلەن ئەركىن ئىدىيە ئارىسىدا بولىۋاتقانلىقى سۆزلىنەتتى. ئەمدى بولسا، مىڭلارچە يىل بۇرۇنقى پەرقلەر ئوتتۇرىغا چىقىرىلىۋاتىدۇ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ دۇنيانى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش غەرىزىدە بولۇۋاتقانلىقى سۆزلەنمەكتە....بۈگۈنكى سۈركۈلۈشلەر دىنىي ۋە ئېتنىك ئاساسلارغا كۆرە بولۇۋاتامدۇ ياكى بۇلار بىرەر چۈمپەردىمىدۇر؟ ئەگەر ئۇنداق بولسا، ئەسلى سەۋەپ نېمىدۇر؟»[1] بۇ قۇرلاردىن دەۋر خاراكتېرلىق تەشۋىقاتنىڭ بىر يۈزىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن. بۇندىن باشقا، «مەتبۇئات — بىر تەرەپتىن ئۆز قاراشلىرىنى يايسا، يەنە بىر تەرەپتىن قارشى پىكىرلەرنى توسۇشى كېرەك. يەنى، مەتبۇئاتنى كونترول قىلىدىغانلارنىڭ رولى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى

[1] ماھىر قايناق: «ئىستراتېگىيىلىك ئانالىزلەر» تۈركچە نەشرى، — ئا.

خالىغانلىرىنى سۆزلەتمەك؛ ئىككىنچىسى، خالىمىغانلىرىنى توسماق.»[1]
دېمەك، ئەڭ ئەركىن ھېساپلانغان سىياسىي تۈزۈملەردىمۇ مەتبۇئات تامامەن ئەركىن بولمايدۇ. ئەكسىچە، ھۆكۈمران گورۇھنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئىش تۇتىدۇ. بەزەن مۇخالىپ ئىدىيىلەردىكى يازمىلارغىمۇ ئورۇن بېرىلىشى مۇمكىن. بۇ پەقەت «رەڭ پەرقى ئارقىلىق» ئىستەلگەن رەڭنى تېخىمۇ يارقىن كۆرسەتمەك ئۈچۈن. يەنى، ئوخشاش بىر ئىدىيەنىڭ پۈتۈن مەتبۇئاتنى قاپلاپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسىنى چۈشۈرۈدىغان بولغاچقا، چەكلىك دائىرىدە مۇخالىپ پىكىر ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ تىزگىنىدىن سىرت ئىش ئەمەس، كونتروللۇق ئاستىدىكى، پىلانلىق ئىش.

باشقا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلىرىمدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئىنسانلارنى تەشۋىقات ئارقىلىق تامامەن باشقا تۈرلۈك شەكىللەندۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. يوۋاش بىر خەلقنى شىردەك ھۆكۈرەيدىغان جەڭگىۋار قىلغىلى، زەئىپ مىللىي روھتىكى، تەسلىمچى بىر مىللەتنى قىزغىن مىللەتچىلەرگە ئايلاندۇرغىلى؛ ئىستىخبىلىك تۈيغۇ بىلەن، دوگما شەكىلدە ئىبادەت قىلىپ يۈرگەن بىر مۇسۇلمان جامائەتنىنى ئاللاھ يولىدا خوشاللىق بىلەن شېھىت بولۇشقا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان ساپ ئېتىقادلىق مۆمىنلەرگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

گىتلېر مۇنداق دەيدۇ: « تەشۋىقاتنىڭ ۋەزىپىسى تەرەپدار توپلاشتۇر. تەشكىلاتنىڭ ۋەزىپىسى بولسا پارتىيىگە ئەزا تىزىملاشتۇر. ئەگەر بىر ھەركەت بىر دۆلەتنى، كېيىنچە بۇ دۇنيانى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلماقچى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر دۆلەت ۋەياكى يېڭى بىر دۇنيا قۇرماقچى بولىدىغان بولسا ھەمدە ئۆزىگە بىر مىقدار تەرەپدار توپلىغان بولسا، بۇ پىرىنسىپتىن ھېچبىر ۋاقت ئايرىلماسلىقى كېرەك.»

«تەرەپدارلارنى تەشۋىقات تاپىدۇ ۋە ئۇنى ھەركەتكە جەلپ قىلىدۇ. ئەزا بولسا تەشكىلات تەرىپىدىن توپلىنىدۇ. تەرەپدار بولماق بىر ئىدىيىنى پاسسىپ شەكىلدە قوبۇل قىلماقنى شەرت قىلىدۇ. ئەزا بولماق بولسا ئىدىيىنىڭ

[1] ماھىر قايناق: «دۇنيانى كىملەر باشقۇرىدۇ؟»

ئاكتىپ شەكىلدە ۋەكىلى بولۇش ۋە مۇداپىئە قىلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇن تەرەپدار ئارىسىدىن ئىككى ئەزا چىقىشى مۇمكىن.»[1]

بىز يەنە تەشۋىقاتنىڭ قۇدرىتىنى يېقىن كەچمىشىمىزدىكى (1996 ـــ 1999 ـ يىللار) تەشۋىقات دولقۇنىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلىشىمىز مۇمكىن. ئەسلىدە ئاڭسىز بىر تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان دېھقاندىن كېلىپ چىققان ئۇششاق تىجارەتچىلەر بىردىنلا ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلۈشكە ھازىر روھى ھالەتكە كەلگەن ۋە يېنىدىكى پۇل ـ مېلىنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمايدىغان سېخىلارغا ئايلانغان ئىدى.

بىزنىڭ ۋەتەنگە ئاۋازىمىزنى يەتكۈزۈشتىكى بىردىن بىر ۋاستە بولغان رادىئو ھەققىدە ئاغرىنىشلىرىمىزمۇ، ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنالمايۋاتقانلىقتىندۇر. مەسىلەن، كېيىنكى مەزگىللەردە رادىئودا ئىشلەشكە باشلىغان شۆھرەتنىڭ تاللىغان تېمىلىرى، ئەھمىيىتى، جانلىقلىقى بىلەن دىققەت چېكىپ، رادىئودا ھەقىقەتەنمۇ زور ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەمما قىلاي دېگەن نىيەتتىكىلەرنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تېخىمۇ بىلىندۈردى.

بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا تەشۋىقاتنىڭ رولىنى زىيالىلار ۋە باشقا بارلىق جامائىتىمىزدىن كۆرە دىنىي ساھەمىزدىكىلەر ئوبدانراق چۈشىنىدۇ. بۇ دىنىي ئەقىدىدىن كەلگەن ئۇدۇم بولۇپ، «دائىم تەبلىغ ئاڭلاپ تۇرمىغان مۇسۇلماننىڭ ئىمانى سۇسلىشىپ كېتىدىغانلىقى، دىلىنىڭ قاتاۋتلىشىپ، ئۇششاق گۇناھ ئىشلارغا ئېتىۋارسىز مۇئامىلە قىلىدىغان، تەدرىجىي چوڭ گۇناھلارغىمۇ پېتىپ كېتىدىغانلىقى» تەكىتلىنىدۇ. شۇڭا، بىلگەنلەر ئارىسىدىمۇ دىنىي تەبلىغ تەكرارلىنىپ تۇرۇلىدۇ.

دىنىي زاتلارنىڭ قارىشى ئىنتايىن توغرا. ئىنسان خۇددى تاماققا ئېھتىياجلىق بولغاندەك، ئىدىئولوگىيىگىمۇ مۇھتاج. ئۇنىڭ مەنەۋىي ئاچلىقىغا سەن ھالال بىر نەرسە تەييارلاپ بەرمىسەڭ، دۈشمەن ئۇنىڭ

---

[1] ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم» (تۈركچە نەشرى)

مەنەۋىيىتى ئۈچۈن پوق يېگۈزىدۇ.

كوممۇنىستلاردا تەشۋىقات ئاشكارە تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق تويۇندۇرغۇچى دەرىجىدە (ئىستىخباراتتىكى تەشۋىقات تېمىلىرىغا قاراڭ)، بىزار قىلغۇچى شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئۇنىڭ ئىشەندۈرۈش كۈچى ئاجىز بولسىمۇ، بىرەر ھەقىقىي خەۋەرگە، ئىدىيىگە، پىكىرگە... ئومۇمەن مەنىۋىيەتكە كېرەكلىك ئوزۇققا تەشنا بولغان جامائەت يوشۇرۇن تارقىتىلغان ئىستىخبارات تەشۋىقاتىغا (مىش - مىش پاراڭلار، سۆز - چۆچەكلەرگە) ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدۇ. ئەمما شۇنى ئېتىراپ قىلماي ئامالىمىز يوقكى، ئىشەندۈرۈش كۈچى يوق دېيىلسىمۇ، كوممۇنىستلار ئۆز يالغانلىرىنى ھارماي- تالماي تەكرارلاۋەرگەچكە، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنسانلار يەنىلا ئازدۇر - كۆپتۇر بىر نەرسىلەرنى يۇقتۇرىۋېلىشتىن، كوممۇنىستلار كۆزلىگەن شەكىلگە كېلىپ قېلىشتىن ساقلىنالمايدۇ. مانا بۇ تەشۋىقاتنىڭ ئىزچىللىقى نېمىلەرگە قادىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ھەقتە ئۆزەمنىڭ بىۋاستە تەسىراتىمنى دەپ ئۆتكەنلىكىم يادىمدا. شۇنداق بولسىمۇ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن تەكرارلىشىم ئەيىپكە بۇيرۇلماس. كوممۇنىستلار بىزگە ئۆزلىرىنىڭ «جەننەت» بەرپا قىلىپ بەرگەنلىكىنى، دۇنيادا ئاجايىپ خار ۋە زەبۇن خەلقلەرنىڭ بارلىقىنى توختىماستىن تەلقىن قىلىپ، دۇنيادا ئافرىقا ۋە ئامېرىكىدا ياشايدىغان نېگىرلاردىنمۇ خار ئىنسان يوق دەيدىغان تۇيغۇغا كەلتۈرۈشكەن ئىدى. مەن غەرپكە كەلگەن ۋاقتىمدا (گەرچە كوممۇنىستلارغا ئەڭ ئىشەنمەيدىغان بولۇشۇمغا قارىماي) يەنىلا ئاشۇ نېگىرلار ھەققىدىكى تونۇشتا كوممۇنىستلارنىڭ ئارزۇسىغا كۆرە ئىدىيە، تونۇش ۋە روھىي ھالەت شەكىللەندۈرۈپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. تۇنجى ئۇچراتقان نېگىرنى كۈزەتتىم؛ ئۇمۇ مەندەك پاناھلىق تىلەپ كەلگەن ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك ئەركىن تۇتاتتىكى، ئەسلى مېنىڭ چۈشەنچەم بويىچە بولغاندا ئۇلار ھەريەردە كەمسىتىلىپ، مەسخىرە قىلىنىپ، دەككە بېرىلىپ، زېدىكەپ كەتكەچكە، ھەر يەردە، ھەر ئىشتا تارتىنىپ، پېتىنماستىن، سۆز-ھەركىتىدە بىچارىلىك، تۆۋەنلىك ھېس قىلىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما

ئۇ ئۇنداق قىلمايتى. ھېچ تارتىنمايتى، دادىل تەلەپلەردە بولاتتى؛ چۈنكى ئۇ بۇنچىلىك تەلەپلەرنىڭ ئەقەللىي ھەققى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۆڭگەندەك ئىپادىدە ئىدى. دەل ئەكسىچە، مەن ــ كوممۇنىستلارنىڭ «جەننىتى» دە ئۆسكەن «بەختىيار» ــ ئاشۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى نېگىرنىڭ ئورنىدا ئىدىم. ھەر ئىشتىن تارتىنىپ، «دېسەم بولامدىغاندۇ، بولمامدىغاندۇ؟ بۇ ئىشنى قىلسام ۋارقىراپ كېتەرمۇ، بولارمۇ؟» دېگەندەك ئىككىلىنىشلەردە دولامنى قوروۇپ، ھەر كىچىك ئىشتىنمۇ قورۇنۇپ تۇرغىنىم بىلىندى. مەن ئۇلار بىلەن غەرپ دۇنياسىغا كېلىشتىن بۇرۇنقى ــ ئافرىقا ھاياتى ھەققىدىمۇ گەپ تاتىلاپ باقتىم. بەزىلىرى ئىقتىسادىي نامراتلىق ھەققىدە داتلىسىمۇ، سىياسىي زۇلۇم، ئەركىنلىك چەكلىمىسى ھەققىدە بىرەر شىكايىتىنى ئاڭلىمىدىم. ھەتتا كۆپلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ بىزدىن ياخشىراق ئىكەنلىكى، پەقەت ئۆز ئىستەكلىرىگە باقانىدا تۆۋەن دەپ قاراپ رازى ئەمەسلىكىنى بىلدىم. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئامېرىكىدا كەمسىتىلىپ كەتكىنىمۇ، ئەڭ كەمسىتىلگەن چاغدىمۇ بىزدىن تۈزۈكرەك كۈن كۆرگەنلىكىمۇ مەلۇم بولدى. ئۇلار ھەتتا غەرپتە «نېگىر» دەپ ئاتالمايدىكەن، چۈنكى بۇ كەمسىتىش مەنىسىدىكى سۆز بولغاچقا، بۇنداق ئاتاش چەكلەنگەن ئىكەن. پەقەت كوممۇنىست تۈزۈملەردىن كەلگەنلەرنىڭ تىلىدىلا «نېگىر» ئاتالغۇسى ساقلىنىپ قالغان. مانا بۇ پاكىتلار تەشۋىقاتنىڭ ئىنسان روھىيىتىگە قانداق سىڭىپ كېتىدىغانلىقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كوممۇنىستلار يېقىندا يولغا قويماقچى بولغان سىياسىتى ھەققىدىمۇ يوشۇرۇن خەۋەر تارقىتىپ، «بىسىنى سىناپ بېقىش»، يوشۇرۇن كۆندۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ.

غەرپتە تويۇندۇرغۇچى تەشۋىقات بىلەن كىشىلەر بىزار قىلىنمايدۇ. پەقەت ئاشكارە ۋاستىلار ئىچىدە يۇنىلەندۈرۈش مەۋجۇت بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىختىيارسىز يوسۇندا ئىدىيىۋى بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئىككى مىليون ئايالنىڭ تۇل قالغانلىقى، ئۈچ مىليون بالىنىڭ يېتىم قالغانلىقى ھېچ تىلغا ئېلىنماستىن، ئامېرىكىلىق بىر ئەسكەرنىڭ ئىراقتىكى تېرورىست

كۆچلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق كۆز ياشلىرى ۋە مەملىكەتكە ماتەم كەيپىياتى ئىچىدە ئېلىپ كېلىنگەن جەسەتنى ئاخىرەتكە ئۇزۇتۇپ مېڭىشلار ئادەتتىكىچە خەۋەر قىلىنغاندەك قىلىسىمۇ، بۇنداق داۋاملىشىش ئاجايىپ قورقۇنۇچلۇق ئۇنۇم يارىتىدىغانلىقى مۇقەررەر. بۇ خىل ئادەتلىنىش نەتىجىسىدە مەكتەپلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ئونلارچە ئوقۇغۇچىنى ئېتىۋەتكەن غەرپلىك تېرورىستلار «قورالىلىق كىشىلەر» دېگەن ئىسىمدا خەۋەر قىلىنىدىغان (مۇسۇلمان بولمىغاچقا)، نورمال بىر جىدەلگە ئارىلىشىپ قالغان بىرى مۇسۇلمان بولسا «تېرورىست» دەپ ئاتىلىپ خەۋەر قىلىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، توپلۇمغا مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىن بىر تېنچلىقنى بۇزغۇچى خەتەرلىك دۈشمەن ئىكەنلىكى ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلۈدۇ.

تەشۋىقاتنىڭ كۈچىدىن تاجاۋۇزچىلار تېنچلىق قوغدىغۇچى، ئازاد قىلغۇچى، ھۆرلۈك ئەكەلگۈچى دەپ تونۇتۇلسا، ئۆز ۋەتىنىدە تاجاۋۇزغا قارشى تۇرغۇچىلار تېرورچى، بۆلگۈنچى، تېچلىققا خەۋپ تۇغدۇرچى،... دەپ تونۇتۇلۇدۇ.

سىياسىنىڭ ئوبېكتى — ئاممە، قورالى — ئاممە؛ مەخسىدى — ئاممە. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، تەشۋىقات ئارقىلىق ئاممە كولدۇرلۇتۇلۇدۇ؛ تەشۋىقات ئارقىلىق ئاممە يېتەكلىنىدۇ؛ تەشۋىقات ئارقىلىق ئاممە تەربىيىلىنىدۇ؛ تەشۋىقات ئارقىلىق ئاممە ھەركەتكە كەلتۈرىلىدۇ، قوزغۇتۇلۇدۇ. ئاممىنىڭ پىكرىنى ئۇتۇش، ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش ھەرقانداق سىياسىي ھەركەتنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، سىياسىي مەخسەتنىڭ ئىشقا ئېشىش ئاشماسلىقىدىمۇ بەلگىلىگۈچى ئامىلدۇر. سىياسىي مەخسەتلەر ھەرقاچان بىرەر دەبدەبىلىك شۇئار ئارقىلىق يا يوشۇرۇلۇدۇ؛ يا پەدازلىنىدۇ؛ يا بۇرمىلاپ كۆرسۈتۈلۈدۇ: ياپونلار تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتىنى «شەرقىي ئاسىيانى ئورتاق گۈللەندۈرۈش»؛ خىتايلار ۋەتىنىمىزگە سىڭىپ كىرىشنى «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش»، ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرق تاجاۋۇزىنى «ئاممىۋي قەتلىئام قوراللىرىنى ۋە تېرورنى چەكلەش» شۇئارى بىلەن پەردىلىدى.

كوممۇنىستلار ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت قارا نىيىتىنى

يوقسۇللارنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزىۋېلىش، زالىملاردىن ئازاد قىلىش دەپ پەدەزلەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئالدىدى ۋە مەخسىدى يولىدا پايدىلاندى. يۈزلەرچە، مىڭلارچە قېتىم ئالدانغانلىق تەجرىبىسى بولۇشىغا قارىماي، ئىزچىل داۋام قىلغان تەشۋىقاتنىڭ رولى تۇپەيلى، يەنە داۋاملىق ئالدىنىپ كەلمەكتە.

بۇنداق ئەمەلىي پاكىتلارنى ھەركىم ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرساقمۇ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقاندەك كۆرۈنگەن لېدىر ۋە تەشكىلاتلارنىڭ خەلقنى ئويغۇتۇش، سەپەرۋەر قىلىش، يېتەكلەش جەھەتتە نېمىلەر قىلغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمەيلا، «ھېچنېمە كۆرمىگەن سەھرالىق»تەك، بىرەر يىغىن، قۇرۇلتاي ئېچىشلار، بىرەر باشقا تەشكىلات بىلەن ياكى بىرەر مىنىستېر بىلەن كۆرۈشۈشلەرنى قالتىس ئىش بىلىۋاتىمىز. سالماق بىلەن ئويلاپ كۆرۈلسە ۋە بۇ كۆرۈشۈشلەردىن بىزنىڭ خەلقىمىزگە نېمە پايدا؟ كۈرىشىمىزگە نېمە پايدا؟ دەپ سورالسا مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئېچىلىدۇ.

شۇنى قايتا ـقايتا دەۋاتىمەنكى، بۇ كۈرەش ھەرقانچە ئابدال بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ خەلقى بىلەن بولۇدۇ؛ چەتئەللىك جاناپلار بىز ئۈچۈن قۇربان بېرىپ ساراڭ ئەمەس. ئۇنداقكەن ئۆز خەلقىمىزگە قارىتىلىدىغان تەشۋىقاتنى — تەربىيىلەش، يېتەكلەشنى مەخسەت قىلغان تەشۋىقاتنى چىڭ تۇتۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھىسسىياتى، مىللەتچىلىك تۇيغۇسى ۋە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان نەپرەت ئويغۇتۇش ۋە بۇ تۇيغۇلارنى داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرۇشنى ئەڭ موھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتمىسا، خەلق تاشلىۋېتىلسە، خەلق تەرىپىدىن لېدىرمۇ تاشلىۋېتىلىدۇ. خەلق تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن لېدىر ئۆزى يالغۇز ۋەتەننى ئازاد قىلامدۇ؟

رەگەئ بىزنىڭ ئازاتلىقىمىز بەزىلىرىمىزنىڭ دەۋاتقىنىدەك خەلقارانىڭ بېسىمى، توغرىسى غەرپ دېموكراتىيىسىنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا مەيدانغا كېلىدۇ دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ئىشنىڭ تەرتىپى شۇ يوسۇندا بولۇشى مۇمكىن: ب م ت ياكى غەرپ كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بىر گورۇپپا تەشكىللەپ شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىشى مۇمكىن. ھېچقانداق بىر تەرەپنىڭ بېسىمى

بولمىغان ئەركىن بىر راي سىناش ئارقىلىق، خەلقنىڭ ئارزۇسى ئېنىقلىنىپ، ئاندىن نېمە قىلىش بېكىتىلىدۇ، دېيىلىشى مۇمكىن.

چۈنكى بۇلارنىمۇ ھېساپقا ئالغان خىتايلارنىڭ ئاللىقاچاندىن بېرى بۇنىڭغىمۇ تەييارلىقى بولماي قالمايدۇ. شۇڭا ئۇ دايىم دەپ كېلىۋاتقىنىدەك، «بۇلارنىڭ ھەممىسى تاشقىي قۇتراتقۇلۇقتىن مەنبەلەنگەن، خەلقنىڭ ئارزۇسى ‹جوڭخۇا چوڭ ئائىلىسى ئىچىدە بولۇش›» دېگەن سەپسەتىسىدە چىڭ تۇرۇشى تەبىئىي. ئۇ ھالدا «ھەقىقەتەن خەلق سەندىن ئايرىلماسلىقنى تاللايدىغان بولسا، كۆرۈپ باقايلى» دېيىلىشى نورمال. ئۇ ھالدا ھەركىم ئىدىئولوگىيىلىك ئۆزگەرتىشكە ئۇچراۋاتقان، ھەركىم پىسخىك تەرەپتىن بۇزۇلۇۋاتقان، ھەركىم مىللىي روھى نابۇت بولۇۋاتقان بۇ مىللەتنىڭ ئاڭسىزلاشتۇرۇلغان زور كۆپچۈلۈك ئاھالىسى نېمىنى تاللار؟ چوقۇمكى بۇ راي سىناشنىڭ نەتىجىسى بىزنىڭ ئارزۇ قىلغىنىمىزدەك چىقماي قېلىشى مۇمكىن.

چۈنكى، بىر تەرەپ خەلققە ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىۋاتقان ئىدىئولوگىيە ھۇجۇمى قىلىپ، خەلقنى زەھەرلەشتىن، مىللىي روھىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشتىن بىر مىنۇتمۇ توختىمايۋاتسا، يەنە بىر تەرەپ، خەلقنىڭ مىللىي روھىنى ئويغۇتۇش، مۇستەقىللىق ئىدىيىسى يېتىلدۈرۈش خۇسۇسىدا ھېچقانداق ئەمەلىي قەدەم ئالمايۋاتسا، شۇنداق نەتىجە يۈز بەرمەي، يەنە قانداق بولماقچىدى؟ مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يەنىلا تەشۋىقات (ئۆز خەلقىمىزگە قارىتىلىدىغان تەشۋىقات ــ ئىدىئولوگىيە قۇرۇلۇشى) بىرىنچى ئورۇندىكى خىزمەت بولۇشى زۆرۈر! خەلق ئاڭلىق شەكىلدە ئەمەس، ئاڭسىزلىقىدىمۇ (يوشۇرۇن ئېڭىدىمۇ) ئازاتلىقنى ئىستەيدىغان، ئىنتىلىدىغان ئىدىيىۋىي سەپەرۋەرلىك ھالىتىدە بولۇشى كېرەك.

«تەشۋىقات بىر دۆلەتنىڭ جىمى يېرىنى بىر پىكىر بىلەن تولدۇرغان بولسا، تەشكىلات بىر ئۈچۈم ئادەم بىلەن بارلىق ئىجابىي نەتىجىلەرنى ئېلىشى مۇمكىن.»[1] بۇ دېگەنلىك، تەشۋىقات ئارقىلىق ئومۇمىي بىر مەنەۋىي

---

[1] ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم» (تۈركچە نەشرى)

ئاتموسفىرا يارىتىلغان ئەھۋال ئاستىدا، بىر تەشكىلات ئازراق ئادىمى بىلەنمۇ غەلىبىلىك ھەركەت ئېلىپ بارالايدۇ دېگەنلىكتۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا خىتايىنىڭ يېڭىلىشتۇرغۇچى تەشۋىقاتى قارشىسىدا خەلقنى ئۇيغۇتۇش، چۆچۈتۇش، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە توغرىغا يېتەكلەش تەشۋىقاتى بولمايدىكەن، خىتايلارنىڭ تەدرىجىي مىللىي كىملىكىمىزنى يۇرۇش، ئۇنتۇلدۇرۇش، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ، ئاخىرىدا پۈتۈنلەي يوق قىلىش قارا نىيىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى قولاي بولىدۇ. قارشى تەشۋىقاتىمىز كۆلەم، ئومۇملۇشۇش، ئوبيېكتقا يېتىپ بېرىش جەھەتلەردە خىتاي تەشۋىقاتى ئالدىدا ناھايىتى زەئىپ ئورۇندا بولىدۇ دېيىلسىمۇ، يەنىلا خەلقنىڭ يوقالماسلىق يولىدىكى تىرەجىشىنىڭ ئۇزاقىراق سوزۇلۇشىدا ئۇزۇقلۇق ياكى ئېنىرگىيە بولۇپ رول ئوينىيالايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، خىتاي شەرت-شارائىتى تولۇق ھالدا كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ بارالايدىغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ قەلب مايىللىقى ھامان بىز تەرەپتە بولۇدىغان بولغاچقا، بىزنىڭ تەشۋىقاتىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى مانا بۇ مايىللىق تولدۇرۇدىغان بولغاچقا، بىز يەنىلا ئۈتۈشۈمىزدىن ئۈمىتۋار بولساق بولىدۇ.

سىستېمىلىق، ئېنىق مەخسەتلەرگە كۆرە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشۋىقات، چەتئەللەردە، ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە، شۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىغا سىڭىشىپ يوقۇلۇپ كېتىش؛ ياخشى كۈنگە ئېرىشكەندە (ياغاق چاقانقاندا) پادا باقان چاغدىكى دوست (ۋەتەن مىللەت)نى ئۇنۇتۇشتەك، ئاسىي قىلمىشتىن توسۇشى مۇمكىن. بۇنداق بىر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقاتى، مىللىي كىملىك تەشۋىقاتى، سىياسىي غايە تەشۋىقاتى بولمىسا، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاينىپ، كۆنسېرى ئۆزلىرىنى «شەرقىي تۈركىستان بىلەن ئالاقىسىز» ھېس قىلىش خاھىشى ئېغىرلىشىپ بارىدۇ. بۇ ھالدا ھەتتا لىدىرلار كۈتكەن «ئىئانە توپلاش»مۇ سۇسلىشىپ، بارا- بارا ئون تىيىن پۇل تېپىشمۇ يوققا چىقىدۇ. (چۈنكى بەزى لىدىرلەر: «سىلەر پۇل بەرسەڭلارلا بولدى، ئىشنى مەن قىلىمەن» دەيمىش. بۇ دېگەنلىك، سىلەر پۇلنىلا بېرىپ، ئۆز ئىشىڭلار بىلەن بولىۋەرسەڭلارمۇ بولىدۇ، ۋەتەننى ئازاد قىلىدىغان ئىشنى ئۆزەملا كۆپكە

ۋاكالىتەن پۈتتۈرىۋېتىمەن، دېگەنلىك بولۇپ، بۇ پوزىتسىيەدىن ۋەتەن داۋاسىدەك بۈنداق بىر چوڭ ئىش ئۈچۈن ئومۇمىيخەلقنى سەپەرۋەر قىلىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەن ياكى بۇنى چۈشەنگۈچىلىكى يوق ئىكەنلىكى كۆرۈلۈدۇ.)

ئەمما، «دۇنيانى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان قۇۋۋەتتىكى ھەرقانداق ھەركەتتە تەشۋىقات ئالدى بىلەن بۇ ھەركەتنىڭ ئىدىيىسىنى يېيىشى كېرەك.»①

ئەگەر تەشۋىقاتنىڭ رولى، تېخىمۇ موھىمى زۆرۈرىيىتى تونۇپ يېتىلسە چەتئەللەردە ئۇزۇن مۇددەتلىك تەشۋىقات تېپىغا كىرىدىغان، مائارىپ ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان تەشۋىقات لايىھىسى (دەرسلىك پروگرامى) تۈزۈپ چىقىلىش بىلەن بىرگە، چوڭلار ئۈچۈن ھەرقاچان ئىزچىللىقنى يوقاتمايدىغان، ئەڭ ئاز مەزمۇن تۈرىدە، ئەڭ كۆپ خىل شەكىلدە تەكرارلىنىدىغان يەنە بىر خىل لايىھە بولۇشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك، دۈشمەن ئۇقۇمى جەھەتتە، دۈشمەننىڭ كۆپخىل ۋە مۇرەككەپلىكى ئەمەس، ئاددىيلاشتۇرۇلغان ۋە بىرگە قىسقارتىلغان دۈشمەن ئۇقۇمى — بىرلا دۈشمەن ئۇقۇمى بولۇشى كېرەك؛ سىياسىي غايە جەھەتتىمۇ، قىسقارتىلغان، ئاددىيلاشتۇرۇلغان، بىرلا غايە ئۇقۇمى سۆزلىنىشى كېرەك.

«تەشۋىقات غايەت چەكلىك تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ۋە بۇنى دائىم تەكرارلىشى كېرەك. دۇنيانىڭ باشقا مەسىلىلىرىدە بولغىنىدەك، بۇنىڭدىمۇ تەۋرەنمەس ئىزچىللىق مۇۋەپپىقىيەتنىڭ ئەڭ موھىم شەرتىدۇر.»

بۇ ھەقتە گىتلېر يەنە شۇنداق دېگەن: «تامامەن خىلمۇ ـ خىل دۈشمەنلەرنىڭ بىرلا سىنىپقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك چۈشەندۈرۈش — ئۇلۇغ لىدېرلارغا خاس تالانتتۇر. ئەكسىچە دۈشمەنلەرنىڭ كۆپ خىللىقى توغرىسىدىكى چۈشەنچە ئاجىز ۋە ئىككىلىنىش ئىلكىدىكى خىياللار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۆرەش نىشانىغا قارىتا شۈبھە تۇغدۇرۇشقا سەۋەپ بولۇدۇ.» ②

---

① ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم» (تۈركچە نەشرى)، — ئا.

② ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم» (تۈركچە نەشرى)، — ئا.

بۇ نۇقتا شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، دۈشمەننىڭ كۆپ خىللىقى ھەققىدىكى خاپىلىقلارنى بىز ھاياتىمىزدا كۆپ تارتتۇق. ئالدىمىزدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن ئىبارەت بىرلا دۈشمەن بار، بىر خىللا دۈشمەن بار! بۇ قاراش ئۆزۈلكىسىل ئېنىق بولۇشى كېرەك. ئۆزىمىز تەۋە بولغان كۆز قاراش، جامائەت، دىنىي ياكى ئىجتىمائىي توپلارنىڭ غايىسىنى مېنىڭسىگەن ھالدا ئۇلار سىڭدۈرگەن «دۈشمەن» قارىشىنى سىياسىي غايىمىزگە قوشۇۋالساق، ئەڭ بۈيۈك سىياسىي غايىمىز يولىدىكى «دۈشمەن» قارىشىمىز مۇرەككەپلىشىپ كېتىپ، يەنە خاتالىششقا ئېلىپ بارىدۇ. خىتايدىن باشقا دۈشمىنىمىز يوق! باشقىلارنىڭ ھەرقاندىقى ئىتتىپاقلىششقا بولۇدۇغان كۈچلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگىنى ياخشى.

# ۋەزىيىتىمىز ھەققىدە تەھلىل ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

ۋەزىيىتىمىزنى جىددىي تەھلىل قىلىش ۋە چۈشىنىش، نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بەلگىلىۋېلىشىمىزدا ئىنتايىن زۆرۈر بولغان ئىشلارنىڭ ئالدىنقىسى. بۈگۈن ئېتىبارى بىلەن نېمە قىلىش، ئەتە نېمە قىلىش؛ يېقىن كەلگۈسىدە نېمە قىلىش؛ ئۇزاق كەلگۈسىدە نېمە قىلىش مەسىلىلىرىنى ئايرىۋېلىش بىلەن بىرگە، بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ،... يىراق كەلگۈسىدىمۇ ئۆزگەرمەيدىغان كۈنتەرتىپنىمۇ ئېنىقلىۋېلىش، ھەركەتنىڭ پىلانلىق، سىستېمىلىق، نىشان ئېنىق بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىشىنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

نۆۋەتتە بىز نېمە قىلىۋاتىمىز؟ قىلىۋاتقانلىرىمىز زادى قايسى نىشاننىڭ قەدەم باسقۇچلىرى؟ مۇستەقىللىق ھەركىتىنىڭمۇ؟ ئۆزىمىزنى تونۇتۇشنىڭمۇ؟ ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىشنىڭمۇ؟ بۇ ئىشلاردىن خەلقارا جامائەتكە قارىتىلغان تۈردە مەلۇم ئىشلار قىلىنىۋاتقاندەك بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىمىزنىڭ خەلققە قارىتا نېمە قىلىۋاتىمىز؟ دۈشمىنىمىزگە قارشى نېمە قىلىۋاتىمىز؟ بۇلار مېنىڭچە تېخى ئېنىق ئەمەس!

مۇستەقىللىق ھەركىتى دېگەندە، بۇ ھەركەت چوقۇم مۇستەقىل بولۇشى كېرەك بولغان خەلق ۋە تۇپراققا بىۋاستە ئالاقىدار بولۇشى كېرەك بولۇدۇ ياكى شۇنداق بولغانلىرىنىلا مۇستەقىلللىق ھەركىتى دېگىلى بولۇدۇ.

ئەگەر ۋەتەن سىرتىدىكى ئىشلارنىڭ ۋەتەن ئىچى بىلەن ئالاقىسى بولدى دېيىلسە (ۋەتەن سىرتىدا شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ھەركىتى ئېلىپ بېرىلدى دېيىلسە) پەقەت ۋە پەقەتلا 1997ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلىنىڭ

باشلىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا يوقۇرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقات ھەركىتىنىلا كۆرسۈتۈشكە بولىدۇ. بۇ ھەركەتنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇۋالغانلارنىڭ مەجھۇل شەخسلەر بولۇشىغا قارىماي، تۆۋەندە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر تەشۋىقات دولقۇنى، سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىلغانلىكى، ھاياتىدا ۋەتەن، مىللەت، ئەركىنلىك،... دېگەندەكلەرنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان نۇرغۇن شەرقىي تۈركىستانلىقلار بۇ ئارقىلىق تۇنجى قېتىم كۆزىنى ئاچقان ئىدى. شۇنداقلا بۇ ھەركەتنىڭ ۋەتەن ئىچىگە بولغان تەسىرىمۇ ئاجايىپ بولغان بولۇپ، خىتايلارنىڭ ئەللىك يىللىق ئىدىئولوگىيە ھۇجۇملىرىدىن ھاسىل بولغان مۇجمەل ئاتموسفىرانى تارقىتىۋەتكەن، خىتايلارنى ھەممىنى يېڭىدىن باشلاشقا مەجبۇر قىلالىغان ئىدى. مانا مۇشۇنداق تۈستىكى ئىشلارلا شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەركىتى ھىساپلىنىدۇ.

تۇغرا، ئومۇمەن چەتئەلدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بارلىق سۆز- ھەركەت، يىغىلىش،...لىرىمىزنى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەركىتىگە مۇناسىۋەتسىز دېيەلمەيمىز. ئەمما بۇ مۇناسىۋەت خۇددى بۇگۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تېگى- تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە ئادەم ئاتىنىڭ بالىلىرى بولۇپ چىققاندەك مۇناسىۋەتتۇر. بۇ ھالەتتە قايسى ئىشنىڭ قايسى ئىشقا ئالاقىسى يوق؟ ئاڭلىشىلىدۇكى، دېمەكچى بولغىنىمىز، ئازاد بولۇشى كېرەك بولغان خەلق ۋە مۇستەقىل بولۇشى كېرەك بولغان تۇپراققا بىۋاستە تەسىرى بولمىغان ھەركەتلەرنى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەركىتى دېگىلى بولمايدۇ.

ھازىر ئوتتۇردا بوي كۆرسىتىپ يۈرگەن «داۋا» پائالىيىتىنىڭ ئۇيغۇرغا بولۇدىغان پايدىسى توغرىسىدا مەندىن سورالسا، مەنفىي جاۋاپ بەرسەم ھەممە مېنى تىللايدۇ؛ ئەمما مەن مەنفىي جاۋاپ بېرىشتىن ئۆزەمنى قاچۇرماقچى بولسام، پەقەت: خىتاي تىبابىتىدىكى ئۈسۈملۈك دورىدەك پايدىسى بولمىسىمۇ زىيىنى بولماس، دېيىشىم مۇمكىن. ئەپسۇسكى، يېقىندىن بۇيان كۆنتەرتىپكە كەلتۈرۈلۈپ، بازارغا سېلىنىۋاتقان «ئاپتونومىيە» داۋاسى ئۇنداق جاۋاپنىمۇ بولۇمسىز تەسىرگە ئۇچرۇتۇپ قويىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۈسۈملۈك دورا زىيان قىلمايدۇ دېگەن بىلەنمۇ، تاغىرى بىلەن سامان قايىنتىپ ئىچسە ئادەمگە پايدا قىلامدۇ؟

كۆرۈلۈۋاتىدۇكى، ئىش- ھەركىتىمىزنى سىنىپلاندۇرۇشىمىز، زادى قايسى ئىشنىڭ قايسى باسقۇچىدا كېتىۋاتقىنىمىزنى روشەن بىلىشىمىز كېرەك. قىلىنىدىغان ئىشلارنى بۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەركىتى؛ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى خەلقارا جامائەتچىلىككە تونۇتۇش ھەركىتى، ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سەپەرۋەرلىك تەشۋىقاتى، تەربىيىلەش تەشۋىقاتى. بۇنىڭ ئىككىسى خەلقنىڭ ئومۇمىي سەپەرۋەرلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ، شەرت قىلىدۇ؛ ھېچ بولمىغاندىمۇ خەلقنىڭ مۇئەييەن بىر قىسمىنى تەسىرىگە ئۇچرىتالايدۇ. بىرسى خەلقنىڭ ھېچ خەۋىرى بولمىسىمۇ، بىر گورۇپپا كىشى تەرىپىدىن خەلقئارا سەھنىلەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان ھەركەتتۇر.

بەزىلەرنىڭ ماڭا «ئۈمىدسىزلىك تەرغىباتى قىلىدى» دېگەن قالپاقنى لايىق كۆرگەنلىرىدە تەشەببۇس قىلماقچى بولغان ئۈمىدۋارلىق، «تونۇتۇش ھەركىتى»نى ئاساس قىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈلمەيدۇ ياكى بۇنداق بىر ھەركەتنى «ئازاتلىق ھەركىتى» سۈپىتىدە كۆرسىتىپ تۇغدۇرۇلغان ئۈمىد بەكمۇ تۇترۇقسىز بولۇپ قالىدۇ. ئەكسى ھالدا، ئۈمىد كىشىلەردە بىر مۇستەقىللىق ئېڭى يېتىلدۈرۈش، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، ئېتىقادنى جانلاندۇرۇش، ھۆرلۈك ئەقىدىسى تىكلەش ئاساسىدا بولسا ئاندىن بۇ «ئۈمىدۋارلىق»قا ئىشەنچ قىلغىلى بولىدۇ. يەنى كۈچلۈك بىر مەنىۋىيەت — ئىچكىي ئاساس بەرپا قىلماي، ھېچقانداق بەلگۈلىگۈچى كۈچى ۋە تەسىرى بولمىغان تاشقىي ھادىسىلەرگە باغلاپ قويۇلسا، قايسى ئەقىل بۇنى «ئۈمىد» دەپ ئىشەنچ قىلالايدۇ؟

قىلىۋاتقان ئىشىمىزنىڭ «سىناق تېشى» بولىشى كېرەك ۋە توغرا قىلىۋاتقان، قىلمايۋاتقىنىمىزنى دەڭسەپ تۇرۇشىمىز، شۇنىڭغا كۆرە پەدە ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

قىلىۋاتقان ئىش نەتىجىگە قاراپ ئۈنۈملۈك ياكى ئۈنۈمسىز دەپ ئايرىۋاشلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ ھالدا خىتاينىڭ ۋەھشىيانە سىياسىتىدە يۇمشاش بولمىغان ئىكەن، دۈشمەنگە قارشى ھېچنېمە قىلىنمىغان بولىدۇ ياكى

قىلىنغانىدەك تۈيۈلگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە نۆلگە تەڭ بولغان بولىدۇ. بۇ دېمەك، دۈشمەنگە قارشى كۆرەش مېتودىنى ئۆزگەرتىپ بېقىش كېرەكمۇ-يا؟ دېگەن سوئالنى تۇغدۇرىدۇ. خەلقتە ئازاتلىق، مۇستەقىللىق ئېڭى، زۇلۇمغا قارشى تىرەجەش روھى يېتىلدۈرۈلمىگەن بولسا، يەنى، مەيلى ئاگاھلىق ياكى ئاگاھسىز هالدا خىتاينى ئۆچ كۆرىدىغان كەيپىيات يارىتىلمىغان بولسا، دېمەك، خەلققە قارىتامۇ هېچ ئىش قىلىنمىغان بولىدۇ. قىلىندى دېگەن تەقدىردە، قىلىنغان ئىشنىڭ ئۇسۇلى، مەزمۇنى توغرا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كۈتكەن نەتىجە قازىنىلمىدى، دېگەن گەپ. بۇ ماهىيەتتە نۆل دېگەن بىلەن ئوخشاش.

ئەمدى، خەلقارا جامائەتچىلىككە قارىتىلغان تونۇتۇش مەزمۇنىدىكى ئىشلارنى — گەرچە بەك ئىپتىدائىي سەۋىيەدە ياكى قارىغۇلارچە بولسىمۇ — ئاز- تولا قىلىنىۋاتىدۇ، دېيىش مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭ ئازادلىقىمىز ئۈچۈن قانچىلىك بىۋاستە پايدىسى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىگىمۇ نەتىجە ئارقىلىق هۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. ئالدىمىزدا بىر ئۆلگە بار: بىزدىن بۇرۇن تونۇلغان، ئېتىراپقا ئېرىشكەن بىر داۋا — تىبەت داۋاسى. تىبەتلىكلەر بۇ تونۇتۇشلاردىن نېمىگە ئېرىشتى؟ تىبەتتە بىرەر ئىجابىي ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلدىمۇ؟ بۇنى هەركىم بىلىدىغان ئىش. نەتىجە مەيداندا!

بۇلارغا قاراپ بۇ ئىشنىڭ پايدىسى يوقكەن، بۇنداق قىلىپ ۋەتەننى ئازات قىلغىلى بولمايدىكەن، دەپلا قول ئۈزۈش كېرەكمۇ؟

كاۋا تېرىپ، قوغۇن كۈتكىلى بولمايدۇ! شۇڭا قىلىۋاتقان ئىشىمىزنىڭ زادى قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى مەنتىقىي نۇقتىدىن بىلىپ قىلىشىمىز كېرەك. يەنى، بىز كاۋا تېرىۋاتامدۇق؟ ياكى قوغۇنمۇ؟ ئەگەر كاۋا تېرىۋاتقانلىقىمىزنى ئېنىق بىلسەك ۋە نەتىجىدە كاۋا مەهسۇلاتى ئالغان بولساق، دېمەك، ياخشى ئىش قىلغان، توغرا ئىش قىلغان بولىمىز، نەتىجىگە ئېرىشكەن بولىمىز. دالاي لامانىڭ قىلىۋاتقىنى قانداق هەركەت؟ ئازادلىق هەركىتىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئەمەس! شۇڭا ئۇنىڭ نەتىجىسى مەڭگۈ ئازادلىق بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ هەركىتى تىبەت داۋاسىنى خەلقارادا تونۇتۇش هەركىتى بولۇشى بىلەن پارلاق نەتىجىلەرنى بەردى ۋە بېرىۋاتىدۇ. بۈگۈن هەركىم تىبەتنى بىلىدۇ. بىزنىڭ ۋەتەن سىرتىدا يېرىم ئەسىردىن بېرى شۇغۇللانغىنىمىزمۇ خاراكتېرى

جەھەتتىن تىبەت ھەركىتىگە ئوخشاش. ئەڭ يۇكسەك سەۋىيەلەرگە يەتكەندە پەقەت تىبەتنى بىلگەندەك، دۇنيا جامائەتى بىزنى بىلىدىغان بولۇدۇ، ئەمما بۇنىڭ نەتىجىسى ھېچ زامان ئازاتلىق بولمايدۇ.

تونۇتۇش خىزمىتىدىن داۋاگەرلەرنىڭ كۈتىدىغىنى نېمە؟ نورمالدا، داۋانىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىپتىراپ قىلدۇرغاندىن كېيىن، بىرەر ھىسداشلىق قىلغۇچىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش. بۇ ياردەم قانداق ياردەم بولۇشى مۇمكىن؟ بىزگە ئېچىنغان، بەك كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتكەن بىر دۆلەت بار دەيلى، ئۇ بىزنى پارتىزانلىقتا تەربىيلەپ، تەگرىتاغلىرىغا پاراشۇت بىلەن تاشلايدۇ؛ ئۆزلىرىمۇ بىزگە ياردەملىشىپ ھەربىي مۇداخىلە قىلىدۇ؛ بىزگە ھەربىي مۇتىخەسسىلەر بېرىدۇ؛ بىزدىنمۇ ھەربىي، ئىستىخبارات، سىياسىي، ئىستراتېگىيە،... ساھەلىرىدە مۇتىخەسسىلەر يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ؛... مانا بۇلار ئەڭ زور، ئەڭ زور بەدەللىك تاشقىي ياردەملەر بولۇشى مۇمكىنكى، ئەگەر ئازاد بولۇشى كېرەك بولغان خەلقنىڭ زور كۆپچۈلۈكى (ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئىدىيە جەھەتتىن) سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلمەي تۇرۇپ، ھېچقانداق ئەخمەق دۆلەت بۇنداق بىر خەتەرلىك ياردەمنى قىلىشى تەسەۋۋۇردىن يىراق!

ئەمما، ئەپسۇسلىنارلىقى، بۈگۈنكى كۈندە بۇ قەدەر تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ، بۇ تۈردىكى ياردەملەرنى بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھېچقانداق دۆلەت يوق! قالدىكى، كىشىلىك ھوقۇق، خەلقارا قانۇن، بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى پىرىنسىپلىرى ئاساسىدىكى ئەيىپلەشلەر، ھەتتا ئىمبارگو قويۇشلار (بۇنىسىنى تېخى بىزنى دەپ قىلىپ باقمىدى، تاشقىي خىتايلار ياكى تىبەتلىكلەر ئۈچۈن قىلىنغان بولسا بولىدى) نىڭ ھېچ تو يىمەيۋاتقانلىقىمۇ كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرغان ئەمەلىيەت. ئۇ قەدەر نارازىلىقلارغا قارىماي، ئولىمپىك يەنىلا خىتايدا ئېچىلىدىغانلىقى كەسكىن[1]. چۈنكى ھازىرغىچە ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىش ھەققىدە ھېچقانداق گەپ بولۇنۇۋاتقىنى يوق.

ھەتتا، 60ـ يىللاردا تىبەتلىكلەرنى تەربىيلەپ، پاراشۇت بىلەن ھىمالاياغا

---

[1] بۇ ماقالە يېزىلغان چاغلاردا ئولىمپىك تەنھەركەت يىغىنى تېخى ئېچىلمىغان، ئېچىلىش ھارپىسىدا ئىدى، ــ ئا.

تاشلاشقىچە بىرىپ يەتكەن ئامېرىكا، بۈگۈن بىزگە ئەمەس، تىبەتلىكلەرگىمۇ بۇنداق قاراملارچە ياردەملەردىن قولىنى تارتقان يەردە، بىزگە بۇنى كىم قىلار؟ تىبەتلىكلەرنىڭ يېتىشكەن بىر لىدىرلار قوشۇنى بار، مۇكەممەل بىر دۆلەت ئاپپاراتى بارىكەن، بىزنىڭ بىرەر چەتئەللىك دىپلومات بىلەن كۆلكىگە قالمۇغۇدەك سۆزلىششكە يارايدىغان ئادىمىمىز يوق تۇرسا، بۇ قەدەر تۆۋەن سەۋىيىدىكى «گالۋاڭ»غا كىم قورقماي بۇنداق ياردەمنى قىلىشى مۇمكىن؟

رىئاللىقىمىزنى پەدازسىز شەكىلدە باھالاش، خەلقارا ۋەزىيەتنىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنىمۇ بارابەر ئويلاپ، ئاندىن خۇلاسە چىقىرىش ناھايىتى زۆرۈر بولسىمۇ، دەل ئاشۇنداق سەۋىيە تۆۋەنلىكى سەۋەپتىن، ھامان مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈنگەن شەكلىگە قاراپلا باھا بېرىشكە ئالدىراش، ھەتتا ھەر بىر ئۆيغۇر بەك يوغۇن ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەرگە باھا بەرگىلى تۇرۇدۇغان؛ بىرەرسى لىللا بىر گەپ قىلغان تەقدىردە پايدا ـ زىيىنىنى ئويلاپ كۆرەي دېمەستىنلا بىر قىلىچتا كېسىپ: «پالانىغا قارشى تۇرۇپتۇ، پالانىنى قوللاپتۇ،...» شەكىلدە باھا بېرىش بىلەن، ئۆزىمىزگە كېرەكلىك دورىنىمۇ تەرسالىق بىلەن قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماي كېتىۋاتىمىز.

ئەڭ قىممەتلىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىزدەنگۈچىلىرىمىزدىن ئىزچىمەن ئەپەندى، «مۇستەقىللىقىمىزدىن ئۈمىد بارمۇ؟» دېگەن ئەسىرىدە مەسىلىنى ئەنە شۇ جىددىي ۋە قورقۇنۇچلۇق سوئال بىلەن قويغان ۋە بىزگە خىتايدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئەقىلغە ئۇيغۇن، بىزنىڭ ھالىمىزغىمۇ ئۇيغۇن، تاشقى ياردەمگە مۇھتاج قىلمايدىغان، تەنەرقى تۆۋەن، ... ئومۇمەن بىزگە باپ كېلىدىغان يولنى كۆرسەتكەن ۋە بۇنىڭسىز بۇ ئىشىمىزنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بىزنىڭ تېنچلىقچىلار ھەتتا بۇ كىتاپنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتىنمۇ قورقۇپ تۇرۇشاتتى. چۈنكى، ئاران كېلىۋالغان غەرپ دۆلەتلىرىدىن قوغلىۋەتمىگىيدى، دەپ ئەنسىرەيتى. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە بۇ كىتاپتا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيە ۋە مېتود ئۇ قەدەر خەتەرلىك بولۇپ، مۇئەللىپ بىلەن ئوخشاش قاراشتامىكىن دېگەن گۇمانغا قېلىشتىن، ھازىرقى خاتىرجەم تۇرمۇشىدىن مەھرۇم بولۇشتىن قورقۇشاتتى.

مەن بۇ سوئالنى قايتا سوراشنى، تەكرار سوراشنى، ھەركىمنىڭ ئۆز-

ئۆزىدىن، يېنىدىكىلەردىن سوراپ، غۇلغۇلا قىلىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن: **مۇستەقىللىقىمىزدىن ئۈمىد بارمۇ؟**

ئەلۋەتتە بار ئىدى، ئەمما، خەلقنى بۇنداق ئىدىيىگە سەپەرۋەر قىلالمىدۇق. ئەگەر بۇ ئۇسۇل ئېتىراپ قىلىنمايدىكەن، ئۇ ھالدا شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولۇمىز: بىزنىڭ ئىشىمىز ئاللاھنىڭ ھىممىتىگە قالدى! يەنى، كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار بىر خەلقارا ۋەزىيەت ـــ يەنە بىر قېتىملىق تارىخىي پۇرسەتكە قالدى! ئۇ ھالدا بۇ غۇۋا چۈشتەك ئوتتۇپىيەدىن يەنىلا ئۈمىد كۈتۈشكە بولارمۇ؟ ئەلۋەتتە بولىدۇ! بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن كەسكىنكى، دىنىي نۇقتىدىن، ئاللاھنىڭ ھىممىتىدىن ئۈمىدسىز بولۇش، ئىماندىن چىقىرىدۇ!

تارىخىي ئەمەلىيەتلەرنى كۆزىتىدىغان بولساق، بۇ قەدەر ئۇزاق بىر زاماندىن كېيىنمۇ، ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنلەر يەنە مەخسەتلىرىگە يېتىدۇ. بىر ئۆلگە بار: ئىسرائىلىيە! ئىككى مىڭ يىللىق سەرگەردانلىقتىن كېيىن، قايتىدىن دۆلىتىنى قۇردى. ئۇلاردا دىنىي ئەنئەنىدىن كەلگەن بىر ئۈمىد بار ئىدى: «ۋەتىنىمىز ئاخىرى پەلەستىندە بولۇدۇ!»

بىزنىڭ قىسمەتلىرىمىزنىڭ بىرمۇنچە تەرەپلىرى، بېشىمىزغا كەلگەنلەرنىڭ بىرمۇنچىسى، كېلىدىغانلىرىمۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما ئوخشىمايدىغان بىر يېرى بار: يەھۇدىيلار ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان؛ خىتايلار بىزنى ۋەتىنىمىزنى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە ئايلاندۇرۇپ، شۇ يەرگە قاماپ نەسلىمىزنى قۇرۇتماقچى! يەنە بىر مۆجىمەللىكىمىزمۇ بار: يەھۇدىيلار ئاخىرى بىركۈن ۋەتىنىمىز بولىدۇ، دېگەن ئۈمىدىنى ھېچ يوقاتمىغان ئىدى، ئەمەلىيەتتە بۇ روھ ئۇلارنى قۇتقۇزغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما بىزدە تېخى مىللەت پۈتۈنسۈرۈك مەۋجۇت تۇرۇپلا، ئەتە بېشىمىزغا كېلىشى مۆلچەرلىنىۋاتقان بالايى ـ ئاپەتنى ھېساپقا ئالمايلا ئۈمىد كېسىۋاتقانلار خېلى بار. بۇ سەۋەپتىنمۇ ئۇلار، «ئاقمىغان ئىشنىڭ كەينىگە كىرگەندىن كۆرە، ئۇنى سېتىپ كۈنۈمنى ئالمايمۇ»، دېگەن ئوي بىلەن، دۈشمەنگە ياردەملىشىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى تۈگۈتۈشۈپ بېرىۋاتىدۇ.

«يەھۇدىيلار تەرەققىيات ئەندىزىسى بىلەن قايتا قۇرۇش روھى بىر خىل ئېچىۋېتىلگەن، ھەرقانداق شەكىلدىكى رىقابەتنى كۈتۈۋېلىشقا تەييار

تۇرىدىغان جەڭگىۋار ھالەتتىكى مەڭگۈ ئويغاق قۇرۇلمىدۇر. يەنە كېلىپ بۇ خىل قۇرۇلما ئۆزىنىڭ ئىچكى مۇۋازىنىتىنى ھەرۋاقىت مۇۋاپىق ئۆلچەمدە تەڭشەپ تۇرىدىغان، رىقابەتكە ئاكتىپ قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى تەرەققىياتتىن ئىزدەيدىغان جانلىق فورمىنى ھاسىل قىلغان.»[1] بىزنىڭ مىللىي ئاڭ قۇرۇلمىمىز قانداق؟ بۇنى چۈشىنىشىمىز، «كېسەلگە كۆرە دورا تەييارلىشىمىز» كېرەك.

ئەمدى قالدىكى، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە، ئەڭ ئاساسلىق مەسىلىمىز «مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن كۆرەش قىلىش»مۇ ياكى «مىللىي مەۋجۇتلىقىمىزنى قانداق ساقلاپ قېلىش»مۇ؟ چۈنكى، ئىزچىمەن ئەپەندى تەشەببۇس قىلغان كۆرەش شەكلى قوبۇل قىلىنمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بارلىق ئۇرۇنۇشلارنىڭ ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىكەن؛ ئازاتلىق ئىشىمىز بەلگىسىز كەلگۈسىگە ــ يەنە بىر تارىخىي پۇرسەتكە قالغان ئىكەن (توغرىسى ئاللاھنىڭ ھىممىتىگە، خۇددى «فىل سۈرىسى»دە زىكرى قىلىنغان ئەبرەھەنىڭ پىل قوشۇنلىرىغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئابابىل قۇشلىرىنىڭ ساپال تاشلارنى ئېتىپ، ئۇلارنى «خۇددى چاينىۋېتىلگەن سامانده‌ك» قىلىۋەتكەنگە ئوخشاش بىرەر مۆجىزە مەيدانغا كېلىشىگە)، ئۇ ھالدا «مىللىي مەۋجۇتلۇقۇمىزنى ساقلاپ قېلىش» مەسىلىسى نۆۋەتتىكى تېخىمۇ رېئال ۋەزىپە بولۇپ قالامدۇ ـ قانداق؟ چۈنكى، مىللىي مەۋجۇتلۇق يوقالسا، تارىخىي پۇرسەت كەلگەن تەقدىردىمۇ، داۋانىڭ ئىگىسى بولمىسا، نېمە پايدىسى؟

يەھۇدىيلارنىڭ ئىككى مىڭ يىل ئۆتكەندە ۋەتىنىنى پەلەستىندە قۇرالىشىنىڭ ئاساسى ــ مىللىي كىملىكىنى يوقاتمىغانلىقى ئىدى.

مىللىي مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش دېگەنلىك ــ مىللىي ئالاھىدىلىكىمىزنى قوغداش دېگەنلىكتۇر، يەنى مىللىي پەرقنى ساقلاش دېمەكتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي پەرقلىرىمىزنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىشىمىز لازىم. كېسەلنى ساقايتىش ئۈچۈن

[1] ئەسئەت سۇلايمان: «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» 2002ـ يىل خەلق نەشرىياتى نەشرى ــ ئا.

كېسەلنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى بىلىش زۆرۈر بولغىنىدەك، مىللىي خاراكتېرىمىزدا شەكىللەنگەن بۇگۇنكى ئىللەتلەرنىڭ تارىخىي يىلتىزى ئىلمىي ئېچىپ بېرىلىدىغان ئىلمىي تەتقىقاتلار قانات يېيىشى زۆرۈر. بۇنى تەھلىل قىلىش تەتقىق قىلىش مىللەتسۆيەر تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىشى ئەلۋەتتە. تەتقىقات نەتىجىلىرىنى شەرھىيلەش، تونۇشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش قاتارلىقلار تەشكىلىي سىستېمىنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلانى غەرەزلىك هالدا مەلۇم نىشانغا يۆنىلەندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى جامائە سۈپىتىدە مەلۇم ئىدىئولوگىيىلىك تەربىيە بىلەن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇنداقتا، مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، خەلققە قارىتىلغان تەشۋىقات خىزمىتى ــ تەربىيىلەش، يېتەكلەش ــ بىرىنچى ئورۇنغا چىقىشى كېرەك. قانداق قىلغاندا ئاشۇ بەلگىسىز زاماندا كېلىدىغان تارىخىي پۇرسەتكىچە مەۋجۇتلۇقۇمىزنى ساقلاپ قالالايمىز؟ بۇ تېما جىددىي ئىزدىنىش تېمىسى بولۇش بىلەن بىرگە، ھەر زامان كۈنتەرتىپتە تۇتۇلۇشى كېرەك بولغان موھىم خىزمەتتۇر. بۇ يەنە ئەينى ۋاقىتتا، ھازىردىنلا ئازاتلىقىمىز ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنىڭمۇ مەنەۋىي ئاساسى. چۈنكى، مەيلى قايسى زامان، قايسى ماكاندا شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەركىتى ئېلىپ بېرىلىدىكەن، بۇنى ئاشۇ «گالۋاڭ خەلقىمىز» بىلەن قىلىمىز. چەتئەللىك جاناپلار بىلەن قىلمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆز خەلقىمىزگە قارىتىلىدىغان تەشۋىقات، تەربىيىلەش، يېتەكلەش ــ خىزمەتنىڭ جانتومۇرى.

تەشۋىقات ھەققىدىكى مەسىلىھەتلىرىمىزگە بەزى لېدىرلاردىن كەلگەن جاۋاپ شۇ بولدىكى، «ئۇنداق ئۇششاق ئىشلارغا ۋاقتىم يوق، ئۇنى باشقىلار قىلسۇن،...». دېمەك بۇنداق تونۇش ئارقىسىدىكى ئىدىيە ئىنتايىن مۇجىمەل ئىدىيە بولۇپ، بۇنداق ئاڭ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق ھەركەتنىڭ خەلققە پايدىسى بولمايدۇ.

«چوڭ ئىش» پەقەت ۋە پەقەتلا خەلقنىڭ زور كۆپچىلىكىنى سەپەرۋەر قىلالىغاندا ئاندىن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ! خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش ئىزچىل تەشۋىقات ئارقىلىق بولۇدۇ. بىرەر قېتىملىق چاقىرىق بىلەن ئەمەس! ئۇ ھالدا، بىر ياكى بىر نەچچە لېدىرنىڭ خەلقئارادىكى شەخسىي پالاقشىپ يۈرۈشلىرى

ھېچ ۋە ھېچ «چوڭ ئىش» بولالمايدۇ!

ئۇ ھالدا «شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىش»تىن ئىبارەت ئاداققى مەخسەت ۋە شۇئارىمىزدىن ۋاز كېچىمىزمۇ؟ ئەلۋەتتە ياق! قىلىنىدىغان تەشۋىقاتىمىز ئەلۋەتتە ئاخىرقى ھېساپتا ئەنە شۇ مەخسەت ئۈچۈندۇر. ئەمما بۇگۈن، قان تۆكۈشكە يارىمىغىنىمىز ئۈچۈن، ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئالداش خاراكتېرىدىكى، قۇرۇق شۇئاردىن قول ئۈزۈپ، ئۇنۇمى بولۇشىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولۇدۇغان، ئېلىپ بېرىشقا جان كەتمەيدىغان بۇ ئىشنى بىر ئاچچىق رېئاللىق سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش، بۇ ھەقتە كونكرېت چارە ـ تەدبىر، پىلان ۋە تەرتىپ تۈزۈپ چىقىپ ئىشقا كىرىشىش كېرەك.

بۇ ئىزچىل تەشۋىقات خەلقتە ئۆڭمەس ۋە ئۆلمەس ئەقىدە تىكلىشى، بۇ ئىچكىي مەنىۋىي قۇۋۋەت ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىش ھەم دۈشمەنگە قارشى تىرەجەش كېرەك. مۇشۇنداق بىر مەنىۋىي ئاتموسفىرا يارىتىشلا بىزنى قۇتقۇزالايدۇ. بۇ مەنەۋىي ئەقىدە مۇتلەق تۈردە دىنىي ئېتىقادىمىزنىڭ سېھرىي قۇدرىتى بىلەن كۈچەيتىلگەن بولۇشى كېرەككى، ئەگەر بۇنى مۇتىئەسسىپلىك بىلەن بىر تەرەپنى تەكىتلەپ، مىللىيلىك تەرىپىنى ئىنكار قىلىش: «ئاڭلىقلىشىپ كېتىش» ياكى غەرپ قۇلچىلىقى بىلەن مىللىيلىك تەرىپىنى تەكىتلەپ، دىنىي ئېتىقاد تەرىپىنى رەت قىلىش ئارقىلىق مەيدانغا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس!

دىنىنىڭ چاقىرىق كۈچىنى ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيەت قۇرۇش تەجرىبىسىدە كۆرگەن تۇرۇقلۇق، بۇگۈن «ئاڭلىق» تەبىقىمىز غەرپ قۇلچىلىقىدىن مەنبەلەنگەن خاھىشى تۈپەيلى كۆرمەسكە سېلىۋاتىدۇ ياكى كىچىك كۆرۈۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە مەن ئۇلار چوقۇنۇدۇغان غەرپ ئىدىئولوگلىرىدىن نەقىل قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:

«مەدەنىيەتنى بەلگىلەيدىغان بارلىق ئوبېكتىپ ئامىللار ئىچىدە ئەڭ موھىمى — دىن.

«ھەرقانداق كۇلتۇر ياكى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىق ئاملى تىل ۋە دىن.

«ھازىرقى زامان دۇنياسىدا ئېھتىمال دىن كىشلەرنى ھەركەتلەندۈرىدىغان ئاساسلىق، بىردىن بىر كۈچ بولۇشى مۇمكىن.

«ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى دىننىڭ بىر ‹كىچىك پەرق› ئەمەس، بەلكى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇدۇغان ئەڭ تۈپكى پەرق بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلىدى.»[1]

تەشۋىقات ھەر بىر دۆلەتتە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شۇ يەردىكى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن، ئەمما دۇنيا بويىچە ئورتاق مەزمۇن، ئورتاق تەرتىپتە تۈزۈلگەن تەشۋىقات مىزانىغا ئۇيغۇن بولۇشى، ئەھۋالغا قاراپ، ياش پەرقى، جىنس پەرقى، قاتارلىقلار بىلەن گورۇپپىلاش. گورۇپپىلار ئارا زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، دۇنيا بويىچە مۇسابىقە قاتارلىق ۋاسىتىلار ئارقىلىق قىزغىنلىق ئۇرغۇتۇش،...لازىم.

بۈگۈنكى كۈندە خەلقئە قارىتىلغان خىزمەتنى بىلەن بىرلا تەشكىلاتنى كۆرسۈتۈش مۇمكىن: تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيتى. قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا ئېسىلماي، ئۆزلىرى قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلغان چاغلىرىدا ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل نەتىجىلىك بولۇۋاتىدۇ. بۇ جەمئىيەت خىلمۇ ـ خىل كۇرسلارنى ئېچىپ، دىنىي ۋە مىللىي كىملىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، يەنە تەشۋىقات فىلىملىرى ئىشلەپچىقىرىپ، كۇرسقا كېلەلمەيدىغانلارغىمۇ يورۇقلۇق يەتكۈزۈۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ بارات ھاجىنىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان ھۆججەتلىك فىلىمى ئىنتايىن تەسىرلىك بولغان. قەھرىمانلىق روھى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن ھەرزامان قەھرىمان بىر ئۈلگە تەشۋىق قىلىنىدۇ. مانا بۇ ئۇسۇل كېڭەيتىلسە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي كوممۇنىست ئىستىلاسىغا قارشى كۆرەش قىلىپ شېھىت بولغان ھازىرقى زامان قەھرىمانلىرىنىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلسا، خىتاينىڭ زۇلۇملىرى، خەلقنىڭ پاجىئەلىرى كۆرسۈتۈلسە، بۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ئۆستۈرۈشكە، مىللىي كىملىك مۇھەببىتى

[1] سەيمىل خانتىڭتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋىي تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»

يېتىلدۈرۈشكە، خىتايغا قارشى ئۆچمەنلىك يارىتىشقا زور پايدىسى بار.

مائارىپ جەمىيىتىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى دەل ئۈزۈلۈپ قالغان بىرى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىدىن كۈتۈلگەن، ئەمما ھېچبىرى قىلىپ باقمىغان، قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم بولمىغان مۇھىم ئىش. مانا شۇنداق خىزمەتلەر ئارقىلىقلا مىللىي مۇستەقىللىق غايىمىزگە ئۇيغۇن ئىدىيىۋى قاتلام شەكىللەندۈرگىلى، مىللىي ئويغىنىش كەيپىياتى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مىللىي ئويغىنىش بولغاندىلا مىللىي مۇستەقىللىق ھەركىتى جانلىنىدۇ، پىداكارلار بارلىققا كېلىدۇ.

تۈرك مىللەتچىلىرىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «بىر تۇپراقنىڭ جان پىدا قىلغۇچىلىرى بولغاندىلا ئۇ تۇپراق ‹ۋەتەن› بولىدۇ». جان پىدا قىلغۇچىلار بولسا ئىنچىل تەشۋىقاتنىڭ مەھسۇلىدۇر.

يوقۇرىدا بىز تىبەت ئۆرنىكى ئارقىلىق بەزى نۇقتىلارنى شەرھىلەشكە ئۇرۇنغان ئىدۇق. ئەمدى شۇنى قىستۇرۇپ قويۇشنى زۆرۈر ھېساپلايمەنكى، تىبەت ھەركىتى ھەرگىزمۇ تاق قۇتۇپلۇق، يەككە لىدىرلىق تىپىدىكى ئاددىي ھەركەت ئەمەس. ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق تەرەپدارلىرىمۇ، جەڭگىۋار ياشلار تەشكىلاتىمۇ بار بولۇپ، كۆپ قاتلاملىق، ھەر خىل مېتودنى تەڭ تۇتقان مۇكەممەل بىر سىستېما. دالاي لامادا بىزدە كۆرۈلۈۋاتقىنىدەك، يەككىلەشتۈرۈش، بىرلا قاپقا سولاش ئۇرۇنۇشى، بىرلا قولدىن باشقۇرۇش ئۇرۇنۇشى يوق. چۈنكى بۇنداق ئۇرۇنۇش، خىتايلارنىڭ بىر قوللۇق كونترول قىلىش سىيەقەستىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇشتىن باشقىغا يارىمايدۇ!

ئورنى كەلگەندە يەنە شۇنىمۇ قوشۇپ قويۇشنى ئارتۇق كۆرمەيمەن: تىبەت تەقلىتچىلىكى، بەزىلەرنىڭ تىبەت ھەركىتىنى ئەسلى ماھىيىتى، ئەسلى كۆلىمى بويىچە كۆرەلمىگەنلىكىنىڭ، پەقەت تاشقىي كۆرۈنۈشتىكى بەزى ئىپادىلىرىنىلا دوگماتىك دوراشنىڭ مەھسۇلى. مەسىلەن: تىبەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان سۆھبىتى ئۇلارنىڭ كۆپ قاتلاملىق مېتودلىرى ئىچىدىكى پەقەت بىرسى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىگە چۈشلۇق يېتىشكەن لىدىرلار قوشۇنى بار؛ قانداق سورۇندا نېمە دېيىش، كىمگە نېمە دېيىشنى بىلىدۇ. ئەمما بىزنىڭكىلەرنىڭ

«خىتاي بىلەن سۆھبەت» تىپىدىكى ئەخمىقانە ئۇرۇنۇشلىرى بىر خىل «مودا قوغلۇشۇش» بولۇپ، دالاي لاماغا ئۆزلىرىنى تەققاس قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس! دالاي سۆھبەت قىلىۋاتىدۇ، دېمەك، «چوڭ» ئادەملەر سۆھبەت قىلىدىكەن؛ ياكى، سۆھبەت قىلىش «چوڭ»لۇقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولسا كېرەك، «كاتتا»لىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئەنە شۇنداق «كاتتا ئادەم» ئوبرازىدا كۆرۈنۈشكە بېرىلىشنىڭ مەھسۇلى! ھەرگىزمۇ ئاڭلىق بىر پىلانلىق ھەركەت ئەمەس! بۇنداق «قىسقا يولدىن ئۇلۇغ بولۇش» ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ نەتىجىسى پەقەت شەرمەندىچىلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

# ئولىمپىك غەۋغاسىنىڭ ئىلھامى

نورمالدا سىياسىي مەخسەتلەر ئۈچۈن مەلۇم شۇئار ۋاستە قىلىنىدىغان بولسىمۇ، شۇئار بىلەن غايە ئارىسىدا مەلۇم پەرق بولۇدۇ؛ ھەتتا تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. يەنى بۇ دېگەنلىك، شۇئار كۆپ ھاللاردا سۇئىستېمال شەكلىدە قوللۇنۇلۇدىغان، جامائەت پىكرىنى يۆنىلەندۈرۈش، جامائەتنى ئۆز غايىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەخسەتكە ئۇيغۇن يېتەكلەش، تەربىيىلەش ياكى قوزغۇتۇش قاتارلىق ئېھتىياجلار ئۈچۈن كۆتۈرۈۋېلىنىدىغان، ئەمما، مەخسەتكە يەتكەن ھامانلا ئۇنتۇپ قېلىپ (ياكى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي) تاشلىۋېتىلىدىغان ۋاستە، خالاس.

تۈركىيەدە قارشى پارتىيىلەر بىر- بىرىنى ئەيىپلەشتە كۆپ ھاللاردا ئاتا تۈركنىڭ يولىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى داپ ئېتىپ چالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەخسىتى ھاكىمىيەت بولسىمۇ، كامالىزىم، «ئىرتىجا» دېگەندەك شۇئارلار بىلەن سۇنى لېيتسىمۇ، ئۆزى ھەم ئۇنىڭدىن باشقىچە قىلالمايدۇ. كوممۇنىستلارنىڭ ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئېزىشىدىن ئېزىلگۈچىلەرنى قۇتقۇزۇش شۇئارى پەقەت كەڭ ئاممىنى ئالداپ، ئۆز سېپىگە قوشۇۋېلىش، ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈش ئۈچۈنلا بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن «ئازادلىق»ى، ئىلگىرىكى زۇلۇملارنى مىڭ كىلومېتىر ئۇزاقتا قالدۇرۇپ، زالىملىقنىڭ، رەھىمسىزلىكنىڭ، ۋەھشىيلىكنىڭ ئەڭ يۇقۇرى رېكوردى بولۇپ قالدى.

دېمەك، شۇئار ــ مەخسەتنى پەردىلەش، پەردازلاش رولىنى ئوينايدىغان تۈتەك پەردە بولۇپ كەلدى.

خۇددى شۇنىڭدەك، بۈگۈن دۇنيادا مودا بولۇۋاتقان «كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە» قاتارلىق شۇئارلارمۇ ئوخشاشلا، مەلۇم دۆلەت، مەلۇم گورۇھلارنىڭ

ياكى غەرب كۇلتۇر توپىنىڭ ئەسلى مەخسەتلىرىنى يوشۇرۇپ، ئادەم قايمۇقتۇرۇشتىكى ۋاستە ئىكەنلىكى، دۇنيادا يۇز بېرىۋاتقان نۇرغۇن ناھەق ئىشلاردىن ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ.

بۇ قېتىمقى خىتايدا ئۆتكۈزۈلۈدۇغان ئولىمپىككە قارشى نارازىلىقلار ۋە شۇنچىۋالا نارازىلىقلارغا قارىماي ھېچنەرسىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى؛ يەنى، تىبەتنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۇرۇپ قويۇشلىرىنى تىلغا ئالمايلا قويايلى، ئولىمپىكنىڭ خىتايدا ئۆتكۈزۈلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشمۇ نېرى تۇرۇپ تۇرسۇن، ئېچىلىش مۇراسىمىنى بايقۇت قىلىش ئىشىغىمۇ تىلچايناشلار كۆرسەتتىكى، دېمەك، «كىشىلىك ھوقۇق سەپسەتىسى» پەقەت غەربلىكلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، غەربنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغاندا كۆز يۇمۇلۇدىغان قۇرۇق گەپ.

دۇنيادىكى ئىشلار يەنىلا دۇنيانىڭ تەبىئىي تۈزۈلىشى بويىچە «كۈچلۈك ئالدىدا كۈچسىز گۇناھكار[1]» تېپىدە بولۇپ، سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىپ قويىدىغان «خالىس»لارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

داۋىد فورسىد: «كىشىلىك ھوقۇقنىڭ خەلقارا مۇناسىۋەتلەردىكى ئورنى (Human Rights in International Relations)» دا شۇنداق دەيدۇ: ‹‹ئەڭ كۆپ كۆز تىكىلگەن مىللەت› (Most Favored Nation) سۈپىتى بىلەن خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىكى پوزىتسىيىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى، بۈگۈنكى ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدە ئېنىق كۆرۈلۈدۇ. »

بۇندىن باشقا، دېموكراتىيىنىڭ ھامىيسى دېيىلىدىغان ئامېرىكىنىڭ، سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر ۋە كۇۋەيتنى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە كۆرمەسكە سېلىشىمۇ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ مەخسەت ئەمەس، ۋاستە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

---

[1] رۇس شائىرى ئىۋان ئاندىرېيېۋىچ كرىلوۋنىڭ «بۆرى بىلەن قوزىچاق» مەسەلىنىڭ بىرىنچى مىسراسى، ــ ئا.

بۇ بىزگە قانداق ئەقىل بېرىشى كېرەك؟ ياكى بىز بۇنىڭدىن قانداق ئەقىلگە كېلىمىز؟ سىياسىيونلىرىمىز قانداق ساۋاق ئالىدۇ؟ ئاتا بوۋىلىرىمىزدىن كېلىۋاتقان بىر تەمسىل بار: «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس»!

مەن بۇ ھەقتە نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ قانداق تەسىراتقا كەلگەنلىكىنى بىلىپ بېقىشقا ئۇرۇندۇم. ناھايىتى ئېنىقكى، ھەركاللىدا ھەر خىيال دېگەندەك، ئوخشىمىغان تەسىراتلار ئېلىنغان. بۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا ئىككى كاتېگورىيەگە ئىخچاملىغىلى بولىدۇ. بىرى، سىياسىي يول بىلەن «ۋەتەن قۇتقۇزۇش» پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش بىر خىل ئاۋارىگەرچىلىك ئىكەن دېگۈچىلەر؛ ئىككىنچىسى، بۇمۇ خېلى يارامىلىق ئۇسۇلكەن، دېگەن ئىجابىي ياكى ئاتالمىش ئۈمىدۋار قارىغۇچىلار. ئېنىقىنى دېسەم، مەن ئاۋالقىسىغا تەۋە. باشتىن- ئاياق تەشەببۇس قىلىۋاتقىنىمدەك، ۋەتەن دېگەن شۇئار توۋلىغانغا، مەجلىس ئاچقانغا، نارازىلىق بىلدۈرگەنگە ئازات بولۇپ قالمايدۇ!

ئەگەر بۇ قېتىمقى پەلەككە يەتكەن نارازىلىق — كى بۇ نارازىلىقلار بەلكىم خىتاي، خىتاي بولۇپ تۆرەلگەندىن بېرىكى ئەڭ چوڭ كۆلەملىك نارازىلىق بولسا كېرەك — ھېچ بولمىغاندا ئولىمپىكنى خىتايدا ئۆتكۈزۈشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن نەتىجىلەنگەن بولسا، «ھە، بۇ دېيىلىۋاتقان ‹كىشىلىك ھوقۇق› داۋراڭلىرى بىكار ئەمەسكەن جۇمۇ، غەرپلىكلەر ھەقىقەتەنمۇ دۇنيانىڭ دېموكراتىيىلىشىشىنى مەخسەت قىلىدىكەن» دېيىشكە بولاتتى. ئەمما تىبەتلىكلەرنىڭلا ئەمەس، ئۆز پۇخرالىرىنىڭمۇ ھېسسىداشلىق قىلىپ توۋلىغان نارازىلىق سادالىرىغا قۇلاق سېلىنمىغانلىقى، بۇ يەردە «دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق» پەردىسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان باشقا مەخسەتلەرنىڭ بارلىقىنى، يەنى، ئەڭ ئاز دېگەندە، دېيىلىۋاتقاندەك پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئوخشاش ھەق- ھوقۇققا ئىگە بولۇش ئارزۇسى ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭلا مەنپەئەتى ياتقانلىقىنى كۆرىۋېلىش تەس ئەمەس!

ئۈمىدۋار قاراشتىكىلەر (تېچلىق شۇئارلىرىنىڭمۇ يارارى بارىكەن

دېگۈچىلەر)نىڭ زادى قايسى ئىشتىن شۈنچىۋالا تەسىرلىنىپ، بۇ ئىشتىنمۇ پايدا چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكىنى مېنى تەئەججۈپلەندۈردى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىرىنىمۇ كوچىلاپ باقتىم: تىبەتلىكلەرگە ھېسداشلىق قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا دۆلەتلىرىدە يەرلىك پۇخرالارنىڭمۇ نارازىلىقىغا قېتىلغانلىقى مانا شۇنداق ئۈمىدنى بېغىشلاپتۇ. بۇ خۇددى «ئۇلانما تەسەۋۋۇر» دېگەندەك بىر شەكىلدە ئۈمىدكە ئاپاردىمىكىن، بىلمىدىم. ئەمما خۇلاسە توغرا ئەمەس!

قوناق تېرىسا، زىرىكمەي پەرۋىش قىلىۋەرسە قوناقتىن ھوسۇل ئېلىنىدىغانلىقى راست، ئەمما، بۇغداي ھوسۇلى ئېلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنى، تىبەتلىكلەردەك، سىستېمىلىق، تەشكىللىك، ئىزچىل، زىرىكمەي، پىداكارلىق بىلەن خەلقارادىكى پائالىيەتلەر داۋاملاشتۇرۇلسا، داۋانى تونۇتقىلى، دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ بىر بۆلۈكىنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدىكەن، دېگەن خۇلاسە چىقىرىلسا ئەلۋەتتە توغرا بولاتتى. ئەمما بۇ قەدەر ھېسداشلىق نېمىگە ياردى؟ خىتايغا زەربە بېرىشكە، ۋەتەن مىللەتكە مەلۇم مەنپەئەت قازاندۇرۇشقا ياردىمۇ؟ خەلق ھېسداشلىق قىلدى، ئەمما ھۆكۈمران گورۇھ قانداق مەيداندا بولدى؟ بۇلارنى جىددىي ئويلىماي بولمايدۇ.

ئاۋالقى ماقالىلەردە ئىلگىرى سۈرگىنىمدەك، تىبەتلىكلەرنىڭ قىلىۋاتقىنى (بىزنىڭكىنىمۇ «قاش- كۆزنى ئوبدانراق تۈزەشتۈرسە» شۇ كاتېگورىيەدە دېيىش مۇمكىن) ئازادلىق ھەركىتى ئەمەس، تونۇتۇش ھەركىتى بولۇپ، دېمىسىمۇ ئۇلار بۇ ساھەدە مىسلىسىز ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. بىزمۇ ئەنە شۇنداق تىرىشساق، تىبەتلىكلەرنى بىلگەندەك، بىزنىمۇ بىلىدىغان بولۇدۇ. ئەمما، مەخسىدىمىز ئۆزىمىزنى بىلدۈرۈۋېلىشلا بولمىسا، ئازادلىق يولىدا نېمە قىلىشىمىزنى جىددىي ئويلىمىساق قەتئىي بولمايدۇ.

ئەمما يەنە بىر مەسىلىمۇ بار. بۇ خەلقارادىكى «تونۇتۇش ھەركىتى»نىڭ سۈپىتى ماسلىسى. بىز ھازىرغىچە «ئىش كۆرمىگەن» تېپتا بولغىنىمىز ئۈچۈن، ئانچىكى ئىشلاردىن تېرىمىزگە پاتماي قېلىۋاتىمىز. ئەمما بۇ تونۇتۇش ھەركىتىنىڭ سۈپىتىدە ئېغىر مەسىلە ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي ۋە دىپلوماتىيىنى ئاز تولا ئۆگىنىش زۆرۈر. گەرچە بەزىلەر ئۆزلىرىنى تۇغما

سىياسىيون دەپ سۈپەتلەۋاتقان بولسىمۇ، دۆلەت مەسىلىلىرىگە ھېسسىياتى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، بالىلىق قىلىشنى داۋام قىلىپلا قالماي، تەرسالىقىمۇ كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. شۇنى كۆرۈشۈمىز كېرەككى، غەرپتىكى ئەڭ مەشھۇر ماركىلارغا قارىسىڭىز ھازىر بۇلارنىڭ خىتايدا ياسىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈسىز. دېمەك غەرپ كاپىتالىزىمى خىتايدىكى ئەرزان ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ھەسسىلەپ پايدا ئېلىش كويىدا ئىكەن، خىتاينىڭ تېنچ بولۇشىنى، ھازىرقى دىكتاتور تۈزۈمنىڭ داۋام قىلىشىنى ئۈمىت قىلماي، ئۇنى دېموكراتىيىلەشتۈرەتتىم دەپ، خىتاينى پاراكەندە قىلىشى، ياكى كۆتۈلۈۋاتقاندەك ئۇنى پارچىلىشى قانداقمۇ ئەقىلغە سىغسۇن؟[1]

ئالدى بىلەن ھازىر قىلىنىۋاتقان خىزمەتنىڭ ئوبېكتى ئۆزىمىزنىڭ خەلقى ئەمەس، چەتئەللىكلەر بولغان ئىكەن، بۇنىڭ «تونۇتۇش ھەركىتى» بولۇدۇغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. ئاندىن ئۇنىڭ قانداق سۈپەت تەلەپلىرى بولۇدۇغانلىقىنى چۈشۈنۈش ئۈچۈن يول ئېچىلىدۇ.

بۇ پەقەت قىلىنىدىغان ئىشنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاسان بىرسى، خالاس. ئەمما ئەڭ موھىممۇ ئەمەس. ئەڭ موھىمى، ئازاتلىق ھەركىتى ئۈيۈشتۇرۇش ياكى بۇنىڭ ئىدىئولوگىيىلىك زېمىنىنى بەرپا قىلىش. بۇ ھەقتە ئالدىنقى ماقالىلاردا كۆپ توختالدىم.

[1] مەن بۇ قۇرلارنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان مەزگىلدە «ۋەتىنىم» توردىن بىر ماقالە ئوقۇدۇم. خىتاينىڭ پارچىلىنىش ئېھتىماللىقى ياكى كومپارتىيىنىڭ ئۆمرى ھەققىدىكى مۇلاھىزە ئىكەن، ئۇنىڭدا تېخىمۇ كونكرېت مىساللار باركەن. خىتايدا شۆبە ئاچقان ياكى بىۋاسىتە قۇرۇلغان چەتئەل كارخانىلىرىنىڭ قانچە يۈزمىڭ ئىكەنلىكىنى دېمەيلا قويايلى، دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى 500 كارخانىدىن 450 نىڭ خىتايدا شۆبىسى باركەن. ئەگەر «ئامېرىكا ئازات قىلىپ قويۇدۇ» دېگۈچى سىياسىيونلار «رەقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار»دىن باشقىمۇ بىر نەرسە ئوقۇيدىغان بولسا ئىدى، مانا مۇشۇنداق مىڭلىغان دەلىللەرنى كۆرگەن بولاتتى. — ئا.

# چەتئەللەردە مىللىي كىملىكنى ئىپادىلەشنىڭ ئەقەللىي پۇرسەتلىرى

مىللەتچىلىك تۇيغۇلىرىمىزنىڭ ئاڭسىزلىقىمىزدىن ئۇرۇن ئالمىغانلىقى ھەققىدە ئىلگىرىمۇ توختالغان ئىدىم. ئاڭسىزلىق (يوشۇرۇن ئاڭ — ئاڭسىز ھالدىمۇ ھەركەتتە ئىپادىلىنىدىغان) بىمىزدىن ئۇرۇن ئالمىغاچقا، گەرچە مىللەتچىدەك قىلىمىز، مىللەتچى بولۇپ كۆرۈنىمىز، قايناپ سۆزلەپمۇ قويۇمىز، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاڭ قوماندانلىقىدىكى مەخسەتلىك سۆز ھەركىتىمىز بولۇپ، ئاڭسىز ھالدا تېشىغا تېپىدىغان سۆز- ھەركەت ھېساپلانمايدۇ.

بۇنىڭ نۇرغۇن ئىپادىلىرىنى كۆرسۈتۈشىمىز مۇمكىن: چەتئەللىكلەر كېلىپ چىقىشىمىزنى سورىسا «شەرقىي تۈركىستان» دەپ دەرھال ئاغزىمىزغا كەلمەيدۇ. ئالدى بىلەن «خىتاي» دەپ بولۇپ، ئاندىن چۈشەنچە بېرىشكە باشلايمىز. كېيىنكىسى ئاڭنىڭ مەھسۇلى ئەلۋەتتە. ئالدى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» دەپ جاۋاپ بېرىپ، ئاندىن بىلمىگەنگە ئېنىقلىما بېرىش بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق يۈزمىڭ كىلومېتىر! بۇنىسى تېخى ئىنساپلىق، ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ئەھۋالى. يەنە نۇرغۇن ۋەلىكىزىناھ ئۇيغۇرلىرىمىزمۇ بار، ھېچ نومۇس قىلماي ۋەتىنىنى «خىتاي» دېيىش بىلەنلا بولدى قىلىدۇ.

خىتايچە بىلىدىغانلىقىنى بىلىندۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈرىيەتسىز بولسىمۇ خىتايلار بىلەن سۆزلۈشۈپ يۈرىدىغانلارمۇ بار بولۇپ، بۇنداقلارنىڭ قېنىغا قۇللۇقنىڭ سىڭىپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولۇدۇ. ھەتتا خىتاينى كۆرسە «يۇرتداش» دەپ يېقىنچىلىق قىلىدىغان مازلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز. سەن قانداقسىگە خىتاي بىلەن يۇرتداش بولىسەن؟ ھارامدىن بولمىغانلا بولساق خىتاي بىلەن زاتىمىز، نەسەبىمىز، يۇرتىمىز تامامەن باشقا!

شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت بايرىقى ئەخلەتكە تاشلانغاندا سۈكۈت قىلىپ، يەنە ئاشۇ بايراقنىڭ كۆكتە جەۋلان قىلىشى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىمەن دېگەنلەرنىڭ يا دىلىدا كېسەل بار، يا ئەقلى بى نورمال! پۈلنى دەپ بۇنداق بىر ئار- نومۇس مەسىلىسىگە كۆز يۇمغانلىق ھېچ كەچۈرۈلمەيدىغان جىنايەتتۇر. مۇشۇنداق بىر سورۇننى بايقۇت قىلىپ چىقىپ كېتەلمىگەنلەرنىڭ مىللىي ھىسلىرىنىڭ ئويغاقلىقى بەكمۇ گۇمانلىق! چەتئەلدە ــ دېموكراتىك دۆلەتلەردە ياشاپ تۇرۇپمۇ نومۇس- ئارىمىزنىڭ چەيلىنىشى (بايرىقىمىزنىڭ ئەخلەتكە تاشلىنىشى)غا سۈكۈت قىلىشنى ھەرقانداق باھانە بىلەن ئاقلىغىلى بولمايدۇ!

يەنە، ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇرلاردا شۇنىسىمۇ بار: «‹شەرقىي تۈركىستان› دېسەك بىلمىدى، شۇڭا...» دېگەن ئاجايىپ باھانىسى بار. ھېچ دېگىلى ئۇنىمىساڭ، رەم بېقىپ بىلەتتىمۇ؟ ئاشۇنداق بىلمىگەنلەرگە دېيىش ئارقىلىق بىلدىغان قىلىش، چەتئەللەردە قىلغىلى بولىدىغان «ئىنقىلاپ»لىرىمىزدىن بىرى ئەمەسمۇ؟!

**تىل مەسىلىسى.** تىل مەسىلىسىنى تىلغا ئالسىلا نېرۋام قوداڭشىپ كېتىدۇ. بىزدىنمۇ بەك ئانا تىلىنى خارلايدىغان مىللەت ئاز تېپىلسا كېرەك. چەتئەلدە تۇرۇپمۇ خىتايچە سۆزلۈشۈدۇغان، سۆزلىرىگە خىتايچە ئارىلاشتۇرۇپ، ئەبجەش سۆزلەيدىغان، خىتايلار بىلەن باردى- كەلدى قىلىشتىن نومۇس قىلمايدىغانلارمۇ خېلى تېپىلىدۇ. بۇنداقلارنىڭ مىللەتچى بولۇۋالغانلىرىمۇ بار. ئەقەللىي ئۇيغۇر تىلى ساۋادى يوق تۇرۇپ كىتاپ نەشىر قىلىدىغان توپلارمۇ بار.

مەن شۇنداق ھېساپلايمەن: ئۇيغۇرچە سۆزلەش، ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمىگەن ئۇيغۇرلارنى 95% ئەھۋالدا مىللىي كىملىكى بىلەن ھېساپلاشمايدىغان، ياشىسىلا بولىدىغان (مەيلى ئۇيغۇر بولۇپ ياكى خىتاي ياكى جوھۇت، قۇرۇت ياكى چوچقا پۇبول ياشىسىمۇ پەرق قىلمايدىغان) ئۇيغۇرلار دېيىش مۇمكىن. چۈنكى، كىمكى، مىللىي كىملىكىگە سەل قارىمايدىكەن، ئالدى بىلەن تىلغا دىققەت قىلىدىغان بولىدۇ. قالغان 5% ى كىملەر؟ بۇلار ئۇيغۇرلار ھېچ بولمىغان بىر مۇھىتتا بىرلا ئائىلە بولۇپ ياشاپ

كەلگەن؛ بىرنەچچە ئائىلە بولغان بولسىمۇ بۇ مۇھىتتا بەك ئۇزاق ياشاپ قالغانلارنىڭ ئەۋلادى، ئەگەر ئاتا- ئانىسى ھېچ مىللىي كىملىكى ھەققىدە سۆزلەپ باقمىغان، شۇ مۇھىتتىكى ئاساسىي ئاھالە بىلەن ئوخشىمايدىغان بىر خەق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمىگەن ئەۋلاد بولغان بولسا، ئۇلاردا گۇناھ يوق. قاچانكى، مىللىي كىملىكىنى بىلگەن مىنۇتتىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئەجدادىغا، ئېرقىغا تارتىشىش خاھىشى باش كۆتۈرمىسە، ئۇنىڭ تۇگەشكەن كىشىلىكى شۇ!

ئەسلى بۇ ماۋزۇ ئاستىدا مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ھەر خىل جەدۋەللەرنى تولدۇرغاندا، خىزمەت تارىخىمىزنى يازغاندا، ئومۇمەن تۇغۇلغان يېرىمىزنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا توغرا كېلىدىغان ھەرقانداق يازما ھۆججەتلەردە دادىل ھالدا «شەرقىي تۈركىستان» دەپ يازالىساق، چەتئەلدە يۈرگۈنۈمىزنىڭ نېمە پايدىسى؟ مانا شۇنىڭدەك ھەربىر پۇرسەتتە ئۆزىمىزنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئىپادىلىشىمىز كېرەك. تامامەن مەجبۇر بولمىغىچە «خىتاي» دېگەننى تىلغا ئالماسلىقىمىز، بۇنداق بىر «يازما ئىبتىراپ»تىن مۇمكىن بولغىنىچە ئۆزىمىزنى قاچۇرۇشىمىز كېرەك! بۇ ئەسلىدە ئەقەللىي ئىش ھېساپلانسىمۇ، دەپ ئۆتكىنىمدەك، مىللەتچىلىكىمىز، ئىنقىلاچىلىقىمىز ئاڭ قاتلىمىدىكى «ياسىما» ئىپادە بولۇپ، تەبىئىي ئىتىلىپ چىققان بولمىغاچقا، ھېچ تەبىئىتىمىز خورلۇق ھېس قىلماستىنلا يۇرتىمىزنى «خىتاي» دەپ يېزىۋېرىمىز.

بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن: «شەرقىي تۈركىستان»نى دۆلەتلەر ئىبتىراپ قىلمايدىغان تۇرسا، ئۇنداق يېزىپ قويساق ئۇنامدۇ؟

بۇ سوئال بىر ئەمەلىي مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ناھايىتى ئورۇنلۇق بىر باھانە بولالايدۇ. ئەمما مەنمۇ ئەمەلىي كەچمىشلىرىم كەچۈرمىشلىرىمنىڭ مىساللىرى بىلەن بۇ باھانىنىمۇ رەت قىلىمەن. ئەگەر سىز ياشاۋاتقان دۆلەت دېموكراتىك دۆلەتلا بولىدىكەن، تاجاۋۇزچى، مۇستەملىكىچى بىر دۆلەتنى «دۆلىتىم» دەپ ئىبتىراپ قىلىشقا سىزنى زورلىمايدۇ. سىز ۋەتىنىمىنىڭ ئىسمىنى قورقماي دېيەلەمدىمىكىن، دېمىسىڭىز بۇ ھۆر دۆلەتلەردە نېمە قىلاتتىڭىز مۇساپىر بولۇپ؟ شۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ بۇنىڭ

بۇ ئەللەردە جىنايەت بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنسىڭىزلا، ئۆزىڭىز دېيىشنى خالىمىغان سۆزنى دېمەسلىك ھەققىڭىز.

بۇنداق يازما تىپىدىكى ئىپادىلەر ئومۇمەن ئىككى تۈردە بولىدۇ: بىرى ئادەتتىكى بارلىق يازمىلار؛ يەنە بىرى رەسمىي دۆلەت، ھۆكۈمەت يازمىلىرى (جەدۋەللىرى).

ئادەتتىكىلەرگە ھېچ ئىلاۋە- ئىزاھاتسىزلا «شەرقىي تۈركىستان» دەپ يېزىشىمىز مۇمكىن. رەسمىي ھۆججەتلەرگە (Official) شەرقىي تۈركىستان دەپ تولدۇرۇپ، تىرناق ئىچىگە («خىتاي مۇستەملىكىسىدە») دەپ ئەسكەرتىپ قويساقلا ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ ۋىجدانەن «خىتاي تېررىتورىيىسى» دېگەننى ئېتىراپ قىلماسلىقتەك مەيدانىمىزنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئىش بېجىرگۈچى ئۆزلىرىنىڭ پرىنسىپىغا كۆرە، شەرقىي تۈركىستاننى ئەمەس، خىتاي دېگەننى ھېساپ قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ ئىشى. سىزنىڭ روھىڭىز، ۋىجدانىڭىز راھەت بولىدۇ. بىر ھاقارەتنى (خىتاي پۇخرالىقىنى ئېتىراپ قىلىشتەك ھاقارەتنى) تەن ئالمىغان، ئېتىراپ قىلمىغان بولىسىز.

ئەمدى مەن ۋەدەمگە كۆرە كەچۈرمىشىمدىن ھېكايە قىلسام: مەن تۇنجى قېتىم كانادادا مەڭگۈلۈك ئولتۇرۇش ئىقامەت كارتىغا ئىلتىماس قىلىپ جەدۋەل تولدۇرغاندا مانا شۇنداق قىلدىم. چۈنكى، غايەت تەبىئىي يوسۇندا ئۆز قەلىمىم بىلەن «تۇغۇلغان يېرى» دېگەنگە «خىتاي» دەپ يازغىم كەلمىدى. بۇ ئېغىر بىر ۋىجدانىي ئازاپ ئىدى. شۇڭا، «شەرقىي تۈركىستان» دەپ تولدۇرۇپ، تىرناق ئىچىگە «خىتاي مۇستەملىكىسىدە» دەپ ئىزاھلاپ قويغان ئىدىم.

كارت كەلگەندە مەلۇم بولدىكى، مىللەت ۋە دۆلەتنى ئورتاق بىلدۈرىدىغان Nationality دېگەننىڭ ئاستىغا xx دەپلا يېزىلىپتۇ. باشقا بۇرادەرلەرنىڭكىگە قاردىم، ئۇلارنىڭكىدە تەبىئىيكى، «خىتاي» دەپ يېزىلغان ئىدى.

ئىككىنچى قېتىم، كانادا پاسپورتى ئېلىش ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا «شەرقىي تۈركىستان»نى تۇغۇلغان يېرىم دەپ يېزىۋەردىم. چۈنكى مېنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلغانلىقىم راست، خىتايدا تۇغۇلمىدۇم. پەقەت تىرناق ئىچىگە ھېلىقىدەك ئىزاھلىدىم. گەرچە پاسپورتۇمغا تۇغۇلغان يېرىمنى «خىتاي» دەپ

يېزىپ قويغان بولسىمۇ، بۇنى مەن ئىلتىماس قىلمىدىم، شۇڭا بۇنىڭ ئۈچۈن روھىم خېلى راھەت.

يەنە شۇنىسىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ جەدۋەلنى تەكشۈرگەنلەر، تەستىقلىغانلارغا بىر خىل تەشۋىقات رولى ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇر دېگەننىڭ ئويغاق بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى، ھېچقاچان خىتاينىڭ نومۇسسىز داۋالىرىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنىمۇ ئۇقتۇرۇپ قويۇدۇ.

تۈركىيەدە بۇنداق بىر ئىزاھاتنىڭ كېرىكىمۇ يوق. ئۇلار شەرقىي تۈركىستاننى بىلىدىغان بولغاچقا، رەسمىي ھۆججەتلەرگە ئۆزلىرى تۈزۈتۈپ يېزىۋالىدۇ. بۇنداق تىرناق ئىچىگە ئىزاھلاش پەقەت غەرپ دۆلەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

كانادادا دۆلىتى يوق بىرمۇنچە مىللەتلەرنىڭ تۇغۇلغان يېرى دېگەنگە ئەسلىدىكى دۆلىتىنىڭ نامىنى يېزىشى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان. مەسىلەن: تىبەتلەر رەسمىي ھۆججەتلەردە يۇرتىنى تىبەت دەپ يازسا بولىدۇ. بىزمۇ ئەگەر ھەممىمىز مانا شۇنداق قاتتىق تەلەپتە بولىدىغان بولساق، بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەپ يېزىشىمىزمۇ رەسمىي قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن. بۇ ئەسلىدە چەتئەللەردىكى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان دۆلەتلەرگە كىملىكلىرىمىزدە ئۆز يۇرتىمىزنىڭ ئىسمىنى ئاتىشىمىزنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئەمەلىي قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن بىرى بولسىمۇ، جاناپلارنىڭ ئەقلىگە بۇنداق ئىشلار ھېچ كەلمەيدۇ! بۇ شۇنچىلىك ئەمەلىي مەنپەئەتى بار ۋە مەنەۋىي تەسىرى بار ئىش بولىدۇكى، جاناپلارنىڭ «مىللىي داۋا» دەۋېلىپ قىلىپ يۈرگەن يۇگۈر-يېتىملىرىدىن يۈز ھەسسە ئۈستۈن.

بۇنداق «ئۇششاق ئىشلار»نى تىلغا ئېلىپ، كوتۇلدىشىم بەزى چوڭ-چوڭ ئىشلار بىلەنلا بولىدىغان چوڭلىرىمىزغا ياقمايمۇ قالار. ئەمدى بۇنداق قاخشاشتىن مەخسىدىمنىمۇ دەپ قوياي:

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغاندا، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن جىمى جان- جانۋارلار ئېغىزلىرىدا سۇ توشۇپ، ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنغان ئىكەن، بۇ قاتاردا چۈمۈلىمۇ بار ئىكەن. چۈمۈلىنى مەسخىرە قىلىپ قالغاچ دەپتۇرلەركى، «ھەي، سەن، چۈمۈلە، سېنىڭ ئاغزىڭدا ئېلىپ كەلگەن سۇ بىلەن

نېمە ئىش بولۇپ كېتەردى؟...». چۆمۈلە ئىككىلەنمەي جاۋاپ بېرىپ دەپتۇكى، «بىلىمەن، مېنىڭ ئاغزىمدىكى سۇ بىلەن بىر ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن، ئەمما مەيدانىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن.» دەپ جاۋاپ بېرىپتىكەن.

ئىشىنىمەنكى بۇ ھىكايە، مەن دەپ ئولتۇرغان ۋە تىلغا ئېلىنمىغان باشقا «ئۇششاق ئىشلار» ھەققىدە: «ئۇنچىلىك ئىش بىلەن نېمە پايدا ئېلىپ كەتكىلى بولار،...» دەيدىغانلار ئۈچۈن تولۇق جاۋاپ بولالايدۇ. مېنىڭچە ئەقلى نورمال، ۋىجدانىدا ئۆسمە يوق ھەرقانداق ئۇيغۇرغا بۇ چۆمۈلىنىڭ روھى ئىجابىي ئۆرنەك بولالايدۇ ۋە يۈزى تەرلەپ، بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىدىغان بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ ئىنسابىنى بەرسۇن، دىلىمىزنى پاك، مىللىي كىملىك مەسىلىسىدە سەزگۈر قىلسۇن. ئامىن!

# ئۇيغۇرلاردا پىكىر كاساتچىلىقى

كۆپچۈلۈككە مەلۇم، يېرىم ئەسىرنى ئاشقان ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەركىتىمىز جەريانىدا ئارىمىزدىن ھېچقانداق ئىدىيە (پىكىر) ئىشلەپچىقارغۇچى نەزىرىيىچىلىرىمىز چىقمىدى. ھەرقانداق بىر ئىنقىلاپ ھەركىتى ئاۋال مەلۇم نەزىرىيە — ئىدىيە ئاساسىدا تۇغۇلۇپ، شۇ ئاساستا تولۇقلۇنۇپ، يېتىلىپ، زورۇيۇپ، تاكامۇللۇشۇپ باراتتى. ئەمما بىزنىڭكىلەردە بولسا بۇنداق بولمىدى. بۇنىسى خۇددى قېلىپ ياكى ئەندىزە رولىدا بولۇپ، ئەندىزىگە قاراپ پىچىش ھەم ئاسانراق بولۇدۇ ھەم ئازراق خاتالىشىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز.

بەك ماھىرلىقىمىزدىن «ئەندىزە» كېرەك قىلمايۋاتامدىغاندۇق؟ ئەمما ئەمەلىيەت ئوتتۇرىدا، مۇنازىرىگە ئورۇن يوقكى، تون دەپ پىچقىنىمىزدا تۇمارمۇ پۈتۈلمەي، پائالىيەتلىرىمىزدە ئاساسەن كۈلكىگە قېلىشتىن باشقا كۆرسەتكۈدەك ئۈنۈم يوق بۈگۈنگە كەلدۇق.

بۈگۈنگە كەلگەندە تام تۇتۇپ مېڭىشقا باشلىغان بالىدەك، «نەزىرىيە» دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ھەرھالدا شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان بىرنېمىلەر پەيدا بولۇپمۇ قالىدىغان بولدى. ئەمما، «بارى يوقى بىر بالام، باش - كۆزى تاز بالام» دېگەندەك، نەزىرىيىگە ئائىت بارى يوقى بىر نەچچىلا پارچە بىر نەرسە ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، خۇددى تاللىق باغدا، مىڭ تۈرلۈك مېۋە ئىچىدە خالىغانچە تاللاپ يەپ، تويۇپ كەتكەندەك، ئەڭ ياخشىلىرى تۇرغان يەردە بۇنى نېمە قىلىمەن دېگەندەك پوزىتسىيە بىلەن بۇ بىچارە تەلەيسىز ماقالىلار تىل-ھاقارەتكە نىشان بولدى. توغرىنى خەلققۇ سۆيدى، ئەمما ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى كېرەك بولغانلار بىر تېپىشتە نېرى قىلىۋېتىپ، يەنە بۇرۇنقى پەيدە «قېلىپسىز خىش، بىلىمسىز ئىش» شەكلىدە، ھېچ زامان قولاشمايدىغان «چۇۋۇق چويلا» توقۇش داۋام قىلىۋاتىدۇ. بۇ نېمىدىن؟

ئەنجۈر ھەممىلا يەردە بولۇۋەرمىگەچكە خېلىلا قىممەت مىۋە بولسىمۇ، ئەنجۈرنى كۆرمىگەن بىر شەگە ئاپىرىپ ساتاي دېسىڭىز پۇلغا ئالماي، «ئىچىدە قۇرۇت بارىكەن» دەپ خاپا قىلىدۇ ئەمەسمۇ.

ئىلگىرى بىر يازمىشىمدا دەپ ئۆتكىنىمدەك، نامرات، قالاق يېزا بازىرىدا يېڭى مال بازار تاپالماي، كونا چاپان، ئۇتتاڭلىغان ئۆتۈك، مايماق چورۇقلار پۇل بولغانغا ئوخشاش بىر ھادىسە بۇ.

چۈنكى ئۇيغۇرلارغا سىياسىي نەزەرىيىچىلەر تۇتىيادەك قىممەتلىك بولۇشىغا قارىماي، سىياسىي ساپا ۋە مەدەنىيەت ساپامىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئۇ قەدەر ئاز سىياسىي نەزىرىيىۋىي مەھسۇلاتلارمۇ بازار تاپالمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە خارلانماقتا.

بەزىدە بازاردا شۇنداق ھادىسە بولىدۇ: ھەممە كىشىگە ئېھتىياجلىق مەھسۇلات بازاردا تۇرسىمۇ ھېچكىم ئالمايدۇ. بۇنداق ئىقتىسادىي ھادىسە ئۆزىمىزنىڭ تىلىدا «قىممەت كاسات» دېيىلىدىغان. بىزدىكى «پىكىر كاساتچىلىقى» ھەرگىزمۇ مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان «ئەرزان كاسات» ئەمەس. بەلكى سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدىغان «قىممەت كاسات»قا ئوخشايدۇ.

يەنە شۇنىمۇ كۆرىمىزكى، «مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام» دېگەندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ لېدىرلىرىدىكى ئەھۋالمۇ شۇنچىلىك ئىكەن. دۇنيا تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، تارىخقا تامغىسىنى ئۇرغان لېدىرلارنىڭ ھەممىسى خۇددى سۇ ئىچكەندەك كىتاپ ئوقۇيتى. ئاشۇ سانسىز كىتاپلاردىن خۇددى ھەسەل ھەرىسى رەڭگا- رەڭ چېچەكلەردىن شىرنە يىققاندەك ھاسىل بولغان بىلىم جۇغلانمىسىغا تايىنىپ، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن تارىخنى يېزىپ چىققان ئىدى. ھەرگىزمۇ ئۆزى توقىغان ھىكايىلەر ئارقىلىق ئۆز- ئۆزىنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، بۇنداق پەللىلەرگە يەتكەن ئەمەس. شۇنداقلا، بىرلا كىتاپتىكى تارىخىي ۋەقەلەر، دېپلوماتىك باردى-كەلدىلەر، كېلىشىم- شەرتنامىلەرنىڭ چىسلالىرى بىلەن «تارىخنى سۇدەك بىلگۈچى» بولۇپ كۆرۈنۈشتەك، ساختا بىلىمدانلىق چىسلا ئويۇنى ئوينىغانمۇ ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي تۇردە بىلىم ئىگىسى بولغان.

ماۋزېدوڭ، قاتارلىق كوممۇنىست لېدىرلارنىڭ كىتاپنى قانداق سۆيۈپ

ئوقۇيدىغانلىقىنى مەكتەپلىرىمىزدە دەرسلىكلەر ئارقىلىق مېڭىمىزگە قۇيۇۋەتكەننى دېمەيلا قويايلى، چۇرچېل، گىتلېر، قاتارلىق مەشھۇرلارنىڭ ھاياتىغا قارىساقمۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ زوق ئالىدىغان ئىشى كىتاپ ئوقۇش بولغانلىقىنى، دانالارنىڭ سۆزلىرىگە، يازمىشلىرىغا قۇلاق سالىدىغانلىقىنى كۆرۈمىز. دەل شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا پىكىر كاساتچىلىقىمۇ، پىكىر ئاچارچىلىقىمۇ بولمىغان.

ياخشىكى، ئىشلىرىمىز خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدىن بېرى بىر ئىزدا توختاغلىق. خۇددى شاۋدۇيجاڭنىڭ ئەترەتنى باشقۇرىشىغا دەپتەر- قەلەم كەتمىگەندەك ئاسان بولۇپ، لېدىرلىرىمىزمۇ قورقمايلا «ماڭا ھېچكىمنىڭ مەسلىھەتى كېرەك ئەمەس! ئۆزەمنىڭ ئەقلى يېتىپ ئاشىدۇ!» دېيەلەۋاتىدۇ. ئەگەر ئىشىمىز راۋاجلىنىپ كېتىپ، «يايما» يوغۇناپ كېتىپ قالسا، قوساقتىكى ئوماچنىڭ خاپىلىقى شۇ چاغدا بىلىنىپ، «ناسۋال قاپاقتا ماي بارمۇ؟» بولارمىدى؟ دەپ قورقىمەن.[1]

ئىلگىرى داھىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي شەرتلەر ھەققىدە قىسمەن توختالغان ئىدىم. «مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى ئېگىر» دېگەندەك «ئوماچ» تولۇقلانغانسېرى، گەپ ئاز، ئەمما گۇندىدەك، يەنى، «تۆمۈرچىنىڭ بىر ئۇرۇشى، ئالتۇنچىنىڭ مىڭ ئۇرۇشى» دېگەندەك بولىدۇ. ئۇ ھالدا مىكرافوننى ئۆچۈرۈپ، سۆھبەت مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، دېسىمۇ ئۇنىماي، «ياق، مېنىڭ تېخى گېپىم تۈگىمىدى» دەپ كالللىپاي بىلجىرلاش ئەمەس، مۇخپىرلار ئۇستۇلۇق قىلىپ، ھەرقانچە ئېغىز تاتىلاپمۇ بىرەر ئېغىز ئارتۇقچە گەپ ئالالمايدىغان، بىر ئېغىز گېپىنى ھەر كىم مىڭ جۈملىدىن، مىڭ تۈرلۈك مۇلاھىزە قىلىدىغان بولۇدۇ.

ئىلگىرى دېگىنىمدەك، دەل پىكىر كاساتچىلىقىمىز تۈپەيلىدىن،

---

[1] يەنە ئاشۇ «ۋەتىنىم» تورىدىكى ماقالىدىن بۇ قۇرلۇرۇمغا ئۈيغۇن مىساللارنى كۆرۈپ قالدىم: دىڭ شياۋپىڭدەك مەشھۇر بىر لېدىرمۇ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى ئۆز بېشىغا قىلماپتىكەن، خىتاي ۋە چەتئەللىكلەردىن بولۇپ 35000 مەسلىھەتچىسى بارىكەن ئەمەسمۇ! ــ ئا.

«ئىلىمگە توشۇپ، يەنە قاچىلايدىغان بوش يېرى قالمىغان» لېدىرلار ئىچىدە، چەتئەللىك دۆلەت ئادەملىرى بىلەن گەپلىشىپ، يامان ئەمەس تەسىرات قالدۇرالايدىغىنى يوق. ھە دېگەندىلا سەۋىيەنىڭ تۆۋەنلىكى گەپنىڭ چۇۋالچاقلىقى، باش- ئاخىرىنىڭ رەپ يېمىشى، ھېچ سىلجىتقىلى بولمايدىغان بىر پىرىنسىپنىڭ بولماسلىقى، يازما سۆزلىرىدىكى ئەقەللىي جۈملە خاتالىرى،... بەختسىزلىكىمىزنىڭ ئۈستىگە يەنە بەختسىزلىك كەلتۈرۈپ، «بۇ مىللەتنىڭ ئەھۋالى تېخى بەك ئۇزاقلاردا ئىكەن» دېگەندەك تەسىرات تۇغدۇرۇپ، مىللىي ئىستىقبالغا قاراڭغۇلۇق كەلتۈرۈشتىن باشقىغا يارىمايۋاتىدۇ.

بىرەر دۆلەت باشلىقىنىڭ قوبۇلى، ئىش ئەپلەشتۈرگەنلىكىنىڭ دەلىلى ئەمەس. شۇنى سورىماق لازىم: كۆرۈشكۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن كۆرۈشۈۋاتامدۇ ياكى بىزگە كۆيۈنۈپ كېتىپمۇ؟ ئەگەر ئۇ ئۆز پايدىسى ئۈچۈن كۆرۈشۈۋاتقان بولسا، دېمەك، بىزنىڭ چېۋەرلىكىمىزدىن ئەمەس، تاللاشقا باشقا ئالتېرناتىپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ، سەۋىيەسىز گەپلەرگە چىداش بەدىلىگە كۆرۈشكەن بولۇدۇ. دېمىسىمۇ ئەمەلىيەت شۇنداق. لېكىن پىكىر كاساتچىلىقى تۈپەيلىدىن، بۇنى ھىس قىلىۋاتقانلىرىمىز يوق دېيەرلىك.

پەخىرلىك ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق گەرچە بىر ئالەم بوشلۇقى مۇتەخەسسىسى بولسىمۇ، مىللىي داۋاغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى، تېخىمۇ توغرىسى مىللىي تەقدىر ھەققىدىكى قايغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە شۇنچە مۇرەككەپ ئىلىم ئۈستىدىكى تەتقىقاتلاردىن ئېشىنىپ، سىياسەت ھەققىدە ئىزدىنىپ، بىرمۇنچە ماقالە يازدى. ئۇنىڭ «داھىي ۋە لىدېرلىق نەزەرىيىسى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە» دېگەن ماقالىسىدا دەل بىزدىكى پىكىر كاساتچىلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. چەتئەللەردە مۇشۇ تېمىدىلا نەچچە يۈزمىڭ كىتاپ بار ئىكەنلىكى، ئەمما ئۇيغۇرلاردا بۇنداق بىر كىتاپنى يازىدىغان ئەمەس تەرجىمە قىلىدىغانلارمۇ تېخى چىقمىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. شۇنىمۇ دېمەك لازىم، ئەگەر بىرزە بىرى «داھى، لىدېر» ھەققىدە يازىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىسىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇمىز: «نېمىشقا ئۆزەڭ

شۇنداق قىلمىدىڭ؟» مانا بۇنداق پوزىتسىيە بىزنىڭ پىكىر ئىشلەپچىقارغۇچى بىر گورۇھ بىلەرمەنگە ئىگە بولۇش باسقۇچىدىن بەك ئۇزاقتا ئىكەنلىكىمىزنى، بىز تېخى پىكىرلەرنى قانداق قوبۇل قىلىش، كىتابلاردىن قانداق پايدىلىنىش، قانداق مۇئامىلىدە بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆگىنىۋېلىشقا مۇھتاج ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمىزنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

بۇلاردىن شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ئوتتۇرىدا بوي كۆرسىتىپ يۈرگەنلەر ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ شۆھرەت خىرسىنى قانائەت تاپتۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە پالاقلاپ يۈرۈشىدۇ. ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ئۆزىگە بەلگىلىگەن سىياسىي غايە (ياكى، ئىددىئا قىلىۋاتقىنىغا كۆرە «خەلق تاپشۇرغان بۇرچ»)نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پىكىرنى بېيىتىش، ئىدىيىسىنى بىلەپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتى ھېس قىلماي قالمايتى. دېمەككى، بۇ بىر رىيا بولۇپ، «خوجا كۆرسۇن»گىلا قىلىنىۋاتقان ئالدامچىلىقتۇر.

بىر مىللەتنىڭ مىللىي داۋاسىغا سەۋەبىيەت بېرىدىغان بىر نەچچە قەدىرلىك نەرسىسى (مىللىي قەدىرىيەت) بولىدۇ. ياكى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مىللىي داۋانى كونكرېت تەپسىلاتلارغا ئاجرىتىپ كۆرگەندە ئۇنىڭ بىر نەچچە موھىم مەزمۇنى بولىدۇ. مانا شۇ قەدىرىيەتلەرنى قوغداش، ئاسراش، ساقلاپ قېلىش، داۋام قىلىش مەخسىدىدە قىلىنغان ئىش - ھەركەتلەر «مىللىي داۋا» دېيىلىدۇ.

ئۆزلىرىنى مىللىي داۋانىڭ تەشكىلىي ئورگىنى دەپ قارايدىغان تەشكىلاتلارنىڭ تەشۋىقات سەھنىسى (ئەگەر شۇنداق دېيىشكە بولسا — يەنى «پىتنە سورۇنى» ئەمەس بولسا) ھازىرغىچە مىللىي يېزىقىمىزدا بولمىشى، بۇلاردىكى داۋا تۇتۇمى، داۋاغا مۇھەببەت، ساداقەت ...نىڭ چىنلىق دەرىجىسىنى چۈشۈنۈشتە ئەينەك بولالايدۇ. مەن بۇ ھەقتە كۆپ توختالدىم. بىر سەممىي تەشكىلات توغرا پىكىرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى تۈزىتىشنى بىلىدىغان بولىدۇ. «سەن دېگەننى قىلسام، سېنى ئېتىراپ قىلغان بولۇپ قالىمەن» دېگەن پەسكەش ئوي - پىكىر بىلەن «قاشىيىپ»، جاھىللىق بىلەن خاتادا چىڭ تۇرۇش بولسا، ئۇلارنىڭ (ئاغزىدا) كۆتۈرۈۋالغان سىياسىي غايىنى ئەمەس، ئۆز مەنمەنلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ. بۇنىسى

ئۇلارنىڭ ئابرويى ئۈچۈن تېخىمۇ يامان! ئەجەبا ئاشۇ يېزىق، داۋا مەزمۇنلىرىدىن بىرى، «مىللىي مەدەنىيىتىمىز» ئىچىگە كىرمەمدۇ؟[1]

مەن بۇ يېزىقىمىزنىڭ قانچىلىك تونۇتۇش كۈچى بارلىقىنى، ئاۋۇ داۋاچىلارنىڭ كۆنلەرچە قىلىدىغان چۈشەندۈرۈشلىرىنى بىرلا قاراشتا نەچچە قاتلىۋېتىدىغانلىقىنى نەچچە قېتىم ئۆز ئەمەلىيىتىمدە كۆردۈم: «بىزنىڭ يېزىقىمىز مانا بۇ»، دەپلا كۆرسەتسىڭىز، بۇ يېزىق بىزنىڭ شەرق تەرىپىمىزدىكىلەر بىلەن تىل، مەدەنىيەت، دىن، تارىخ، ھەتتا تارىخىي مۇناسىۋەتلەردىمۇ بىرەر ئالاقىمىزنىڭ، ئوخشاشلىقىمىزنىڭ يوقلۇقىنى، ئەكسىچە غەرپ تەرىپىمىز بىلەن مەدەنىيەت ئورتاقلىقىمىز بارلىقىنى ئىسپات قىلىشقا يېتىدىكەن. بۇ نېمە دېگەن ياخشى چۈشەندۈرگۈچى! ئەمما سۆيۈملۈك داۋاچىلار مانا مۇشۇنداق بىر تونۇشتۇرغۇچىنى ئىشلەتمەسلىكتە بەك ئۇزاق چىڭ تۇردى.

مانا بۇلاردىن شۇنى خۇلاسىلىسەك بولىدۇ: بىزنىڭ مىللىي كىملىك تونۇشىمىز قانچىلىك تۆۋەن بولسا، سىياسىي ساپامىز ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن ئىكەن. ھازىرغىچە تەشكىلاتلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان خەلق ئىنكاسى قايسىلار دەپ ئېنىقلاپ بېقىشقا توغرا كەلسە، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ كىمگە ۋەكىللىك قىلىۋاتقانلىقى بەك ئېنىق كۆرۈلىدۇ. چۈنكى خەلقنىڭ ۋەكىلى دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇدىغان بىر تەشكىلات چوقۇمكى، خەلقنىڭ ئىنكاسلىرى، تەلەپلىرى، تەنقىدلىرىگە قۇلاق سالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ پىكىردە، تەشكىلاتچىلىق ئېڭىمىزدا تېخى ئىپتىدائىي ئامىللار ئاساسىي ئورۇندا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

[1] بۇ كىتاپ نەشرگە بېرىلىش ھارپىسىغا كەلگەندە بەزى تەشكىلات توربەتلىرى ئۇيغۇرچە بولۇشقا باشلىدى، گەرچە كېچىككەن بولسىمۇ يەنىلا بۇ تۈزىتىشكە ئاپىرىن ئېيتماي بولمايدۇ، — ئا.

# خىتايلارنى پەس كۆرۈش روھىمىزنىڭ خاسىيىتى

ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگەن، ئۆزى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۆزىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان كىشىلەرنىلا ئۈلگە قىلىدۇ. ئۇنى تەقلىت قىلىشقا تىرىشىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە ھەۋەسكار بولىدۇ. ھېچكىم ئۆزى كۆزگە ئىلمەيدىغان بىرسىنىڭ قىلىق - ھەركەتلىرىنى دوراپ يۈرمەيدۇ.

تارىختا بىز خىتايلاردىن كۆپ كۈچلۈك، جەڭگىۋار بولۇپ ياشاپ ئۇزاق ئەسىرلەرنى باشتىن كەچۈرگىنىمىز ئۈچۈن، روھىمىزغا بىر خىل ئۈستۈنلۈك، ئېسىلزادىلىك تۇيغۇسى يىلتىز تارتقان. شۇڭا تېخى بۈگۈنكى كۈنگىچىمۇ خىتايلارنى پەس كۆرۈپ كەلدۇق. گەرچە خىتايلار ئىككى يۈز يىللىق خوجايىنلىق تارىخىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ قۇللۇقىغا چۈشۈپ قالغان بولساقمۇ، يەنىلا خىتايلارنى پەس كۆرۈشنى داۋام قىلدۇق. بۇ روھىي ئۈستۈنلۈك ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ مىللىي كىملىكىمىزنى پاكىز ساقلىشىمىز ئۈچۈن ئېنىرگىيە رولى ئوينىدى.

ناھايىتى كۆپ ئۇيغۇرلار ئاتا-ئانىلىرىدىن خىتايلارنى پەس كۆرۈش ھەققىدە بىۋاسىتە ۋە ئوچۇق تەلىم ئالمىغان بولسىمۇ، ئائىلىلەردە دائىم دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدىغان، ئادەتكە، ئادەتتىكى گەپكە ئايلىنىپ كەتكەن بەزى مەسخىرە ۋە تەنبىھلەردىن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا خۇددى توشۇغۇچى گېن سۈپىتىدە مىراس بولۇپ ئۆتۈپ تۇردى. مەسىلەن: مېنىڭ چېچىم ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەن چاغلاردا ئانامنىڭ شۇنداق دەيدىغىنى ئېسىمدە: «نىمانداق خىتايدەك سەتلىشىپ كەتتىڭ، چېچىڭنى ياستىۋالغىنا! » يەنە شۇنداقمۇ دېيىلەتتى:

«تىرناقلىرىڭنى نېمانچە خىتايلاردەك ئۆستۈرۈۋالدىڭ؟ كۆلىغا خالتا قىلامتىڭ يا؟»

بۇندىن باشقا «ماڭقا يېگەن خىتاي!» دېگەندەك سۆپەتلەشلەر، بىر پۈتۈن سەلبىي سۆپەتلەر، سۆپەتلەشلەرنىڭ ھەممىسىدە خىتايلارنىڭ مىسال بېرىلىشى، باللاردا غەيرىي رەسمىي ھالدا خىتاينى پەس كۆرۈش روھىنى يىلتىز تارتقۇزىدىغان رول ئوينىغان. بارلىق سەلبىي سۆپەتلەرنىڭ ئىگىسى، جىمى پەسكەش قىلمىشلارنىڭ ئىگىسى قىلىپ تەسۋىرلىنىدىغان خىتايلاردىن كىممۇ ئۆگۈنۈشنى خالىسۇن؟ مانا شۇنىڭ بىلەن، خىتايلارنىڭ خوجايىنلىق ئورنىدىن قەتئىينەزەر، خەلقىمىز ئۇلارغا ھەۋەس قىلمىدى. ھەۋەس قىلمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلاردىن ئۆگۈنۈشنى، ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشنى بىر خىل ئەيىپ ھېساپلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللىي كىملىكىمىز ساپلىقىنى ساقلاپ كەلدى.

ئۇ زامانلاردا خىتاي بىلەن توي قىلغان ئاياللار ئىنسان قاتارىدا كۆرۈلمەيتى. ھەتتا خىتايلارغا تەرجىمانلىق قىلىدىغانلارمۇ، مەرتىۋىسىدىن، ھوقۇق كۈچىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا پەس كۆرۈلەتتى. تەرجىمانلار «تۇڭچى» دەپ ئاتىلىش بىلەن، ئەينى ۋاقىتتا تۇڭچى دېگەن چېقىمچى، گەپ توشۇغۇچى، يالاقچى دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مەنىداش قوللىنىلاتتى.

مانا بۇ خىل مەنىۋى ئاتفوسفىرا كىشىلەردە خىتاي بىلەن ئارىلىق ساقلاش تۇيغۇسى ياراتقان، بۇنداق ئارىلىق ساقلاش بولسا مىللىي قوشۇلۇپ كېتىشكە ــ ئاسسىمىلاتسىيىگە قارشى توسۇق رولىنى ئوينىغان ئىدى.

كوممۇنىست خىتايلار بولسا دەل مانا شۇنداق مىللىي كىملىكىمىزگە قوغدىغۇچى پوست رولىنى ئوينايدىغان ھىس-تۇيغۇلىرىمىزغا قارشى جەڭ ئېلان قىلدى. خىتاي مىللىتىنىڭ ئېسىلزادىلىكى، مەدەنىيلىكى، كۈلتۈرلۈك مىللەت ئىكەنلىكى، ... قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى تەشۋىقاتلار ئىزچىل داۋام قىلىنىۋېرىپ، خىتايلار ئادەم سىياقىدا كۆرۈلۈش دەۋرى باشلاندى. بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈلگەن قاتتىق-يۇمشاق ۋاستىلار بىلەن خىتايلاردىن ئۆگۈنۈشكە زورلاشلار، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى نەمۇنىچىسى» دېگەندەك ئۆلگە تىكلەپ،

ئۆلگىدىن ئۆگىنىشكە قىستاش سىياسەتلىرى نەتىجىسىدە بارا-بارا خىتايلارنى ئۇلۇغ بىلىش تۇيغۇسىنىڭ ھۇلى سېلىندى. بىر تەبىقە كىشىلەر باشلامچى بولدى. بۇ ئاۋانگارت مۇناپىقلارنىڭ خىتايلارنى ئۇلۇغ بىلىشى، مۇمكىن قەدەر خىتايىنى دوراش، خىتايغا تەقلىت قىلىش كەيپىياتى يارىتىلدى. بۈگۈنگە كەلگەندە بىز تارىخىي ئەنئەنىلىرىمىزدىكى خىتايلارنى پەس كۆرۈش تۇيغۇلىرىمىز بىلەن خەيرلىشىش ھارپىسىدا تۇرۇۋېتىمىز. مانا بۇ بىزنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىگە قارشى بىر پولات قورغىنىمىزنىڭ يېمىرىلگەنلىكىدۇر.

خىتايلارنى پەس كۆرۈش روھىمىز ئورنىدا خىتايلارنى ئۇلۇغ بىلىش خاھىشى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن ئىكەن، ئۇ ھالدا خىتايلاردىن ئۆگىنىش، خىتايلارنى دوراش، خىتاي بولۇپ كېتىشنىڭ يولىدا بىر توسالغۇ يوق دېمەكتۇر. مانا بۇ بۈگۈنكى كىملىك ئېڭىمىز ئۈچۈن بىر تەھدىت بولۇپ شەكىللەنگەن مەنىۋىي ئاتموسفىرادۇر.

مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشى، ھەتتا دۈشمەن مىللەتتىنمۇ ئۆگىنىشنىڭ بىر يامان تەرىپى يوق. ئەمما بۇ ئۇ مىللەتنىڭ ئۈستۈنلۈك تەرەپلىرىنى، بىزدە كەمچىل بولغان بىلىم-تېخنىكا تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشنى مەزمۇن قىلىدۇ. ئەمما بىز دەۋاتقان ئۆگىنىش بولسا، خىتايلارنىڭ بارلىق مىللىي ئىپادىلىرىنى، پەقەت خىتايلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان جىمىكى يىركىنىشلىك تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشنى كۆرسىتىدۇ. خىتايلارنى ئۇلۇغ بىلىش روھى ھالىتىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى چەتئەللەردە ياشاپ تۇرۇپمۇ يەنىلا خىتايلار بىلەن باردى-كەلدى قىلىشىدىغان، ئائىلىسىدە خىتايچە سۆزلەيدىغان، ئۈرۈمچى قەتلىئامىدەك ئىنسانىيەتسىز ۋاقەلەرگە پوزىتسىيە بىلدۈرگەندىمۇ خىتايلارنىڭ ئادىللىقى، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ بەك ياۋايىلىقى تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، خىتايلارغا ئۇۋال قىلغانلىقىنى سۆزلەشتىن خىجىل بولمايدىغان دەرىجىدە بولۇشى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۈگۈنگىچە بۇ ھال پەقەت خىتايلار ئارىسىدا ياشايدىغان، خىتايلارنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچراش پۇرسىتى بولغان، خىتايچە ئوقۇغانلاردا ئېغىر، باشقا يەرلەردە سۇس، ھەتتا بەزى يەرلەردە تېخىچە بۇرۇنقى «ماڭقا يەيدىغان خىتاي»

تونۇشى ھۆكۈمران ئورۇندا بولۇپ كەلگەن بولسا، يېقىندىن بېرى يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاسسىمىلاتسىيەنى تېزلىتىش سىياسەتلىرى كۈنسېرى خىتايلارنى ئۇلۇغ بىلىش روھى ھالىتى يېتىلدۈرۈشتە ئۈنۈم قازىنىشى مۇمكىن. مانا بۇنداق ئۇلۇغ بىلىش، «خىتاي ئېسىل» نەزىرىيىسىگە ھەغدالىق، مىللىي كىملىكنىڭ ئۇپرىشىنى تېزلىتىدۇ.

شۇڭا باللار تەربىيىسىدە ئاشۇ ئۆتمۈشتىكى پەس كۆرۈش تۇيغۇمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزمۇنلىرى بولۇشى كېرەك. باللارغا بېرىلىدىغان مىللىي كىملىك تەربىيىسى ناھايىتى زۆرۈر. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن بېكىنمە روھلۇق مىللەت ئەمەس، بەلكى سىرتتىن كەلگەن تەسىرلەرنى بەك تېز قوبۇل قىلىدىغان خاراكتېردا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر بەزى «چەكلەنگەن رايون» بەلگىلەنمىسە ۋە بۇ ئاڭغا سىڭدۈرۈلمىسە ياخشى-يامانىنى ئىلغا قىلمايلا قوبۇل قىلىش بىلەن مىللىي كىملىك خۇنۇكلۇشۇپ كېتىدۇ.

ئەسلىدە بۇ خىلدىكى تېمىلار تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە، كونكرېت تەپسىلاتلارغىچە ئېنىقلىققا ئىگە قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى، يېتەرلىك دەرجىدە ماتېرىيال تەمىنى بولمىغانلىقى ۋە باشقا چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن يۈزە ھالدا تىلغا ئېلىندى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ بىر ئەسلەتمە رولى ئويناپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلھامىغا تۈرتكە بولسا ئەجەپ ئەمەس.

# ئۇيغۇرلاردا «مەن» ۋە «بىز»نىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش زۆرۈر

ئۇيغۇرلار شەخس سۈپىتىدە ئەقىللىق...

ئىتائەت ۋە ساداقەتنىڭ شەرتى — شەخسىي غۇرۇر (گەدەنكەشلىك دېيىشكىمۇ بولىدۇ)نىڭ تامامەن سۇنۇشىنى شەرت قىلىدىكەن (بۇ ھەقتە ئاۋالقى ماقالىمىزدە توختالدۇق)، ئۇ ھالدا ئۇيغۇرلاردىكى چېچىلاڭغۇلۇق ئەھۋالىغىمۇ بۇنىڭدىن جاۋاپ تاپقىلى بولىدۇ:

ئۇزۇن بىر مەزگىللىك ئۆزىمىزدىن پادىشا، رەئىس بولماسلىق (تاكى تۆۋەندىكى كىچىك باشلىقلارغىچە دېيىشكە بولىدۇ ياكى تۆۋەندىكىلىرى ئۆزىمىزدىندەك قىلىسىمۇ يەنىلا ياتلارنىڭ كۆلەڭگۈسى بولغاچقا، ئۇلارنىمۇ ياتلاردىن دېيىش كېرەك) ھەممىمىزنى «ئوخشاش» ئورۇنغا چۈشۈرگەن. ھەممىمىز «ئوخشاش» تۇرۇپ، بىرىنىڭ لىدىرلىقىنى قوبۇل قىلماق، بىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلماق روھىمىزغا ئېغىر كېلىش كوللىكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل كوللىكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ قېنىمىزدا تۇغما تەشكىللىسىزلىك ياكى ئۆز ئىچىمىزدە تەشكىللىنەلمەسلىكنى تۇغدۇرىۋاتقان ئامىل.

بۇنى داۋالاشنىڭ بىردىن بىر يولى دىنىي تەلىم بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا بىر خىل ئىدىئولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ بۇ خاراكتېرىمىزنى ئۆزگەرتەلىشىگە ئۈمىد قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەگەر — «ئېڭى ئالغا كەتكەن» مەدەنىي ئادەملىرىمىز بۇ خىل «قالاق»

يولنى ئېتىراپ قىلمىغان ئەھۋالدا، ئۇيغۇرلاردا مىللىي روھنى قايتا تىكلەش، قەھرىمانلىق ئەنئەنىسىنى ئويغىتىش ئاللاھنىڭ تاسادىپىي مۆجىزىسىگە قالدۇرۇلىدۇكى، بۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ!

خىتايلارنىڭ مىللىتىمىزنى تەدرىجىي ھالدا يوقىتىش قەدىمىنى تېزلىتىشتىكى «مىللىي سىياسىتى» بىزگە ناھايىتى روشەن سەلبىي دەرسلىك بولسىمۇ، لېكىن «ئاڭلىق» تەبىقىمىز بۇنى تېئورىك ئېتىراپ قىلىدۇ-يۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە تەدبىق قىلىشنى خالىمايۋاتقانلىقى مەسىلىنىڭ تۈگۈنى!

بۇنىڭدىمۇ يەنىلا تەشۋىقاتنىڭ رولى يەنە قارشىمىزغا چىقىدۇ. باشلىقلارنىڭ باشقا مىللەتتىنلا بولۇشى، ئۇيغۇر دېگەننىڭ باشقىلارغىلا بويسۇنۇشىدەك بۇ خىل كۆنۈكۈشتىن يەنە تەشۋىقات ئارقىلىق، يېڭىدىن شەكىللىنىش ۋە شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق قۇتۇلغىلى بولىدۇ. مېنىڭ دىنىي ئاساسلارغا تايانغان بىر تەشۋىقاتنى تەكىتلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، دىنىمىزدا بەندىلەر پەقەت ئاللاھنىڭلا قۇلى بولىدىغانلىقى، بەندىگە قۇلچىلىق قىلىشنىڭ مۇشرىكلىك بولۇشىدەك بۇنداق ئەۋزەللىك، خەلقىمىزدە قۇلچىلىق خاھىشىنى تۈگىتىشتە مۆلچەرلىگۈسىز قايىل قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە.

يەنە تەشۋىقات ئارقىلىق، تارىخىمىزدىكى داھىيلىرىمىزنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى، قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئۆگىنىش ئۆرنىكى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىقمۇ، ئۆزىمىزدىن چىققان لېدىرغا بويسۇنمايدىغان، باشقا مىللەتنىڭ ئانچىكى شەخسلىرىگە قۇلچىلىق قىلىدىغان يامان سۈپەتلىك كوللىكتىپ يوشۇرۇن ئاڭنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پۈتمەس- تۈگىمەس قۇللۇق ئاسارىتى، زورلۇق- زومبۇلۇق ھەم ئادالەتسىزلىكلەر ئەنە شۇنداق بىر بىرىگە ئىشەنمەسلىك، ھورۇنلۇق، يالغانچىلىق، بۇزۇقچىلىق دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، «بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرگە نېسىپ بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولالىسىلا، ئۆزلىرى بىلەن بىر

دىنىدىكى باشقا مىللەتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. »①

«... ئۇلارغا ياخشى بولغان تەربىيىلىنىش شارائىتى يارىتىپ بېرىلسە، چوقۇم چوڭ نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ. بۇ مىللەتنىڭ زەئىپلىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى دەل بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچراتقىلى بولۇدۇغان ۋە جەمىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتكەن قاششاقلىق، چۈشكۈنلۈك ھەمدە ئالدامچىلىقتۇر... » ②

ئۇيغۇرلارنىڭ شەخس سۈپىتىدىكى ئەقىللىقلىقى، ھەرقانداق بىر يات دۆلەتكە بارسىمۇ خارلىنىپ قالماي، شۇ يەرنىڭ مۇھىتىدا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىشى، ئىگىلىك تىكلىيەلىشى، شۇ يەرنىڭ سەۋىيەسىدە ئۆلچىگەندىمۇ ئالدىنقىلاردىن، ھېچ بولمىغاندىمۇ ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەردىن بولۇپ ياشالىشى تىرىشچان ۋە قەيسەرلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. نېمىشكە كوللېكتىپ ھالىتىدە يارىماسقا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنىڭ سەۋەپلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇنىڭ سەۋەپلىرى تېپىپ چىقىلسا ۋە شەخس سۈپىتىدىكى قابىللىقىنىڭ سەۋەپلىرى يورۇتۇلسا، ئومۇملاشتۇرۇلسا، چوقۇم كوللېكتىپ سۈپىتىدىمۇ ئالدىنقىلاردىن بولۇشنىڭ ئاساسى يارىتىلىدۇ.

يوقۇرىدا «مەن»لىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دىنىي ئاساسلارغا تايانغان بىر تەشۋىقات مىخازىمى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، «مەن»نى «بىز»گە ئايلاندۇرۇشقا بولۇدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن ئىدۇق. بۇنىڭ قانداق دىنىي پىرىنسىپلارغا ئاساسلىنىدىغانلىقىنى بىر ئاز ئىزاھلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام دىنى ــ باشقا دىنلاردا بولغىنىدەك، زاھىتلىقنى، پىنهاندا، ئادەملەرگە، جاھانغا ئارىلاشماستىن ئىبادەت قىلىشنى ئەۋزەل دەپ قارىمايلا

---

① چوقان ۋەلىخانوۋ «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» (ئەسئەت سۇلايماننىڭ «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ» كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل) ــ ئا.

② ئالبېرت ۋون لېكوك [گېرمانىيە]: «شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (يوقارقى كىتاپتا كەلتۈرۈلگەن نەقىل) ــ ئا.

قالماي، بەلكى زاھىتلىقتا قارشىدۇر. ئىسلام دىنى كۈچلۈك رەۋىشتە جامائەتلىشىشنى تەرغىپ قىلىدۇ. ھەدىسلەردە: جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇغان نامازنىڭ يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگىرمە يەتتە ھەسسە ئارتۇق ساۋاپقا لايىق ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. يەنە ھەدىس قۇددۇسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: «مېنىڭ قولۇم جامائەتنىڭ ئۈستىدە»، ئاللاھ ھەر قاچان بەندىلىرىنىڭ توپلۇشۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، تەشكىل بولۇشىنى ئىستەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇسۇلمانلاردا يەنە ئۈچ ئادەم بىر جامائەت، ئۈچ ئادەم بىر بولغاندا (بىرگە سەپەرگە چىققاندا) بىرىنىڭ باش بولۇشىنى ۋاجىپ دەپ قارايدۇ.

بەزى دىنغا قارشى كەيپىياتتىكى كىشىلەر بەلكىم سورىشى مۇمكىن: ئەجەبا ئىسلام دىنى جامائەتلىشىشنى، تەشكىللىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولسا، مىڭ يىللاردىن بېرى مۇسۇلمان بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى نېمىشكە ئاشۇنداق روھ بىلەن يېتىشتۈرەلمىدى؟

قارىماققا بۇ ھەقلىق سوئالدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما چىڭ كەلسىلا گۇناھنى دىنغا يۈكلەيدىغان پوزىتسىيەدە بولماي، سەۋەپنى تارىختىن، تەربىيىلىنىش شارائىتلىرىمىزدىن ئىزدىمەك لازىم. چۈنكى بۇ دىنىنىڭ گۇناھى ئەمەس، بەلكى دىنىنىڭ قانداق چۈشەندۈرۈلگەنلىكى، قانداق چۈشۈنۈلگەنلىكىگە باغلىق ئىش. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، تەشكىللىك ھالدا بىر تەشۋىقات مېخانىزمى بۇ ئىشنى پىلانلىق ئېلىپ بارىدىغان بولسا، مەڭگۈلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە، مەڭگۈلۈك چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولغان ئىسلام دىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا مىللەتنى ئاياقتا تۇرغۇزالايدۇ. قايتىدىن قەد كۆتۈرۈشتە تۈگىمەس-پۈتمەس مەنەۋىي قۇۋۋەت بولالايدۇ.

# خىتاينىڭ دېموكراتىيىلىشىشى بىزگە نېمە ئېلىپ كېلىدۇ؟

بىز بۈگۈن مىللىي داۋانىڭ ئاساسىي مەخسىدى سۈپىتىدە كۆتۈرۈۋېلىۋاتقان ۋە خەلققە تېڭىشقا ئۇرۇنۇلۇۋاتقان «ئاپتونومىيە»، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش،... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ دېموكراتىيىلىشىشىنى شەرت قىلىدۇ. بۈگۈنكى كوممۇنىست زالىملىرىدىن بۇنداق بىر تامادا بولۇنۇۋاتقان بولسا، بۇ تازىمۇ بىمەنىلىك، ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىكتۇر.

ئۇ ھالدا، خىتايلار دېموكراتىيىلەشسە، شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر بولۇدۇ؟ خىتاينىڭ ئۆزىدە قانداق بولسا، شەرقىي تۈركىستاندىمۇ ئوخشاش سىياسەت يۈرگۈزۈلەمدۇ؟ ياكى، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» نەزەرىيىسىدىن ئىلھاملىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندا يەنىلا مۇستەبىت سىستېمىنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ئەگەر، شەرقىي تۈركىستاندىمۇ ئوخشاش دېموكراتىك تۈزۈم ئەمەلىيلەشسە، شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتىدە نېمىلەر يۈز بېرىدۇ؟ ئەگەر، شەرقىي تۈركىستانغا ئايرىمچە مۇستەبىت تۈزۈم يولغا قويۇلسا، دۇنيا جامائەتچىلىكى قانداق ئىنكاسلاردا بولۇدۇ؟ غەرپ دېموكراتىزىمى بۇنىڭغا سۈكۈت قىلامدۇ؟ ياكى بېسىم ئىشلىتەمدۇ؟ بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە بىر ئالدىن تەييارلىقىمىز بولۇشى، ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلىۋېلىشىمىزنىڭ سۆز-ھەركەتلىرىمىزدە خاتاغا كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن زور پايدىسى بار.

خىتايلار دېموكراتىيىگە ئۆتسە، دېگەن بۇ ئېھتىماللىقتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن خىتايلارنىڭ دېموكراتىيىلىشىش ئېھتىماللىقى قانچىلىك؟ دېگەن سوئال ئۈستىدە ئىزدىنىش تېخىمۇ موھىم.

ئالدىنقى يازمىشلىرىمنىڭ بىرىدە خىتايلارنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ ھازىرقى دۇنياۋي خوجايىنلارنىڭ مەخسىدىگە ئۇيغۇنلۇقۇنى دېگەن ئىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى، دۇنياۋي سەرمايە گورۇھلىرى قولىدىكى ئەڭ چوڭ كارخانىلارنىڭ خىتايلارنىڭ ئاشۇنداق تۈزۈمى خاسىيىتىدە تېخىمۇ زور پايدىغا ئېرىشىۋاتقانلىقى، خىتاي خەلقىنى ئورتاقلىشىپ ئېكىسپالاتاتسىيە قىلىۋاتقانلىقى، بۇ يۈزدىن خىتاينىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاش دۇنيانىڭ يۈزىگە رەڭ بەرگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجى. خىتاينىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش پەقەت بۇ تۈزۈم ئۇلارغا پايدا بەرمىگەندە، ئەكسىچە ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا باشلىغاندا ئاندىن ئويلۇشۇلۇدۇغان ئىش.

بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، خىتاينىڭ دېموكراتىيىلىشىشى يېقىن كەلگۈسىدە بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئارزۇدىن ئىبارەت.

ئەمدى، خىتايلار ئۇيغۇنۇۋاتقان ھۆررىيەت ئارزۇلىرىنىڭ بېسىمى تۈپەيلى ئاستا-ئاستا تېنچ ئۆزگۈرىشى مۇمكىنمۇ؟ خىتايلارنىڭ ھۆررىيەت ئارزۇلىرىغۇ ئويغۇنار، ئەمما ئۇلار ھەممە مىللەتنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئىنسانىي ھوقۇقلارغا ئىگە بولۇشقا ھەقلىق دەپ تونۇيدىغان ئويغۇنۇشمۇ؟ ياكى پەقەتلا خىتاي خەلقىنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆرۈپ، باشقىلارنى كۆرمەسكە سالىدىغان «خىتايچە» ئويغۇنۇش بولارمۇ؟ بۇلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن ياكى بۇ نۇقتىدا بىرقەدەر ئېنىقلىق ھۆكۈمگە كېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن «خىتاي ئېڭى»نى چۈشۈنۈشكە توغرا كېلىدۇ.

نوبېل تېچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن لىيۇ شاۋبونى خىتاي دېموكرات ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ يوقۇرى تېپى ياكى ئەڭ ساپ بىر دېموكرات دەپ تونۇسا بولغىدەك. چۈنكى ئۇ مىللىتى ھەققىدە دادىل ۋە رەھىمسىز ئەمما ئەڭ توغرا باھانى بېرەلىگەن: « خىتايدا ھەقىقىي تارىخىي ئىسلاھاتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ يەنە كەم دېگەندە ئۈچ يۈز يىل مۇستەملىكە قىلىنىشى كېرەك»!

مەن ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلۇمەن. بۇ سۆز بەزىلەرگە بىر خىل قېيداش، تەئەددى بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ سۆزنى ئۇ قېيداپ دېگەن ئەمەس؛ بەلكى ئۆز مىللىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن دېگەن. بۇ خىتاي مىللىتىنىڭ دېموكراتىك ئېڭى ھەققىدىكى ئەڭ لىللا باھا.

بارىن ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان سابىق خىتاي ئەسكىرىنىڭ ئامېرىكىدا ئىلتىجا قىلغاندىكى ئادۋۇكاتىمۇ « خىتايلاردا ۋىجدان ۋە ئادالەت تۇيغۇسى كەم» دېگەن ئىدى. بۇ سۆز لىيۇ شاۋبونىڭ سۆزىگە پاراللېل كېلىدۇ.

ئىسا يۈسۈپنىڭ ئەسلىمىسى «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن»دە يېزىشىچە، ئۈچ ئەپەندى نەنجىڭدىكى چاغدا ئەڭ يېقىن ئۆتكەن خىتاي ئەمەلدارلىرىدىن بىرى، مەدەنىيەت مىنىستىرى دوكتور چۈجىياخۋامۇ دايىم ئەركىنلىك، مۇختارىيات تەلەپ قىلىپ گەپ تېشىدىغان دوستى (ئىسا)غا «خىتاي مىللىتىنىڭ باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئەركىنلىك تەلەپ قىلىش ھەققى بارلىقى،....نى چۈشىنۇدىغان، باشقا مىللەتلەرگە بۇنداق بىر ھەق بېرىلسە بۇنى توغرا قوبۇل قىلالايدىغان ئاڭ ۋە پىسخىكىغا ئىگە ئەمەسلىكىنى، دېموكراتىيەنى ھېچ چۈشەنمەيدىغانلىقىنى... »نى ئېيتىدۇ.

يەنە چەتئەللەردىكى سەرگەردان «خىتاي دېموكراتلىرى» (؟!)مۇ دايىم ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەركەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغاندەك قىلىسىمۇ، ھېچقاچان بىزنىڭ دېموكراتىك ھەقلىرىمىزنى تونۇپ باقمىدى؛ ۋەتىنىمىزنىڭ ئەجداتلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىپ كېلىۋاتىدۇ؛ ھەتتا ئەقەللىي كىشىلىك ھوقۇقى بولغان ـــ ھەر مىللەت ئۆز يۇرتىنىڭ ئىسمىنى ئۆز تىلىدا ئاتاش جەھەتتىمۇ، بۇينى قاتتىقلىق بىلەن، ۋەتىنىمىزگە مۇستەملىكىچى ئەجداتلىرى قويۇۋالغان ئىسمىنى ئاتاشتا چىڭ تۇرماقتا! ئۇلارنىڭ باھانىسىمۇ: «خىتاي خەلقى دېموكراتىيەنى چۈشەنمەيدۇ؛ ھازىر بىز زور كۆپچۈلۈك خەلقنىڭ ھىمايىسىگە مۇھتاج ئەھۋالدا ‹شىنجاڭ› ھەققىدە پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ قويساق، خەلق بىزنى ۋەتەن ساتقۇچ دەپ ئەيىپلەيدۇ، بىزگە ئەگەشمەيدۇ. شۇڭا

ئالدى بىلەن كوممۇنىستىك تۈزۈلمىنى ئورتاق ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاستا-ئاستا... » دەپ تىل چاينىشىدۇ! بۇ تىپتىكى دېموكراتىيەچىلەرگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا مەيدانغا كەلگەن «بىرلەشمە ھۆكۈمەت» دەۋرىنى ئەسلەپ ئۆتۈدۇغان بولساقمۇ ئوخشاش پوزىتسىيەنى ــ خىتايلارنىڭ ئومۇمىي مىللەت سۈپىتىدە بىزنىڭ ھۆرلۈكۈمىزنى خالىمايدىغان پوزىتسىيەنى كۆرىمىز: جياڭ جېشى ۋۇجوڭشىننى ۋەتىنىمىزگە ئەۋەتكەندە، ۋۇ جوڭشىننىڭ ئەنئەنىۋىي خىتايچە ھۆكۈمرانلىق تەجرىبىسىگە تايىنىپ، بۇ زېمىننى تېنچلاندۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىغان ئىدى. لېكىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئىسيانلار تۈپەيلى، جىياڭ جېشى ۋۇجوڭشىننىڭ ئەنئەنىۋىي ئۇسۇلىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ چاغدا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدە ئىشلەۋاتقان ئۈچ ئەپەندىدىن «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى» توغرىسىدا مەسلىھەت سورىغان ۋە ئۇلارنىڭ يازما ھۆججەت شەكلىدە بىر دوكلات ھازىرلىشىنى تەلەپ قىلغان. ئۈچ ئەپەندى، دېموكراتىيە، باراۋەرلىك، يەرلىكلەرنى سىياسىيغا ئارىلاشتۇرۇش،... قاتارلىقلارنى كۆرسەتكەن. تەكرار ۋۇ جوڭشىندىن سورالغاندا بۇ كونسىرۋاتىپ خىتاي يەرلىكلەرگە ھوقۇق بېرىشنى يەنىلا خالىمىغان. جياڭ جېشىمۇ ۋۇجوڭشىننى رەت قىلمىغان. كېيىن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ تەدرىجىي ئۈرۈمچىگە قىستاپ كېلىشى بىلەن، ئاندىن ئەنئەنىۋىي ئۇسۇللارنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن مەركەز، جاڭ جىجوڭغا بىر قەدەر كەڭرەك ھوقۇق بېرىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتكەن. جاڭ جىجوڭ ئۆزىنى بىر دېموكرات ھىساپلايدىغان، ئۈچ مەسلەكچى ھىساپلايدىغان بولغاچقا، يەرلىكلەرگە شەكلەن ھوقۇق بېرىپ، ۋەزىيەتنى پەسەيتكەن. يەرلىكلەرنىڭ تەلەپلىرى بۇنىڭ بىلەن پەسەيمىگەن. ئەمما خىتاي ھۆكۈمران گوروھىمۇ جاڭ جىجوڭنىڭ سىياسەتلىرىنى يۇمشاقباشلىق، تەسلىمچىلىك، ۋەتەن ساتقۇچلۇق شەكلىدە ئىزاھلاپ، جاڭجىجوڭغا قارشى پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا مەتبۇئاتتا تەنقىد قاناتيايدۇرغان.

«بىزگە شىنجاڭ كېرەكمۇ-يوق؟» دېگەن مەۋزۇلاردا يېزىلغان ماقالىلاردا مەركىزىي هۆكۈمەت جاۋاپقا زورلانغان[1].

بۇ ئومۇمىيۈزلۈك قارشىلىق ــ خىتاي مىللىي شوۋىنىزمىنىڭ قانداق يامان خاراكتېردە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە مۇشۇ قېتىمقى تارىخى شارائىتتا خىتايلارنىڭ يول قويغاندەك قىلىپ، «بىرلەشمە هۆكۈمەت» قۇرۇشى، مىللىي ئارمىيىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ بېسىمى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ بېسىمىدىن بولغانلىقىنى؛ خىتايلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جىددىي ئەسكەر كۆپەيتىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئاشقان هامان قايتۇرما هۇجۇم پىلانلىرىنى تەييار قىلىۋېلىپلا، يەنە ئەنئەنىۋىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا قايتقانلىقىنى، يەرلىك خەلققە هېچقانداق ئىنسانىي هوقۇق بەرمىگەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇنى يوقۇرىدا نەقىل قىلىنغان كىتاپ ئوچۇق ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىدىن باشقا بۇ كىتاپتا يەنە شۇنداق بىر جۈملىمۇ بار: «ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىرەر هۆكۈمەت ئىسيانچىلارنى باستۇرۇشقا كۆزى يەتكەندە، هەممىدىن بۇرۇن هەربىي يول بىلەن تازىلاپ تىنچىتىش سىياسىتىنى قوللۇنىدۇ، بۇنداق قىلىشنىڭ كۆرۈنەرلىك پايدىسى شۇكى، تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، كېيىنكى ئاپەتنى مەڭگۈ تۈگۈتەلەيدۇ؛ هەربىي يول بىلەن قورشاپ يوقۇتۇش ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىنلا ياكى قورشاپ يوقۇتۇشتا كۆتەرگۈسىز زور چىقىم بولغاندىلا ئاندىن ئىسيانچىلارنى تەسلىم قىلىش ئۈستىدە ئويلۇنىدۇ.» يەنى تېنچلىق يولى، ئاجىزلىقتىن تۇغۇلىدۇ ۋە كۈچەيگەن هامانلا يەنە قاتتىق قوللۇق قىلىنىدۇ!

بۈگۈن ئۆزلىرىنى دېموكراتچى ئاتىۋالغان خىتايلار هاكىمىيەتنى تارتىۋالسا بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىدىكىدەك سىياسەت يۈرگۈزەرمۇ؟ بۇنى تەپەككۇرىمىزدە تەجرىبە قىلىپ باقساق بولىدۇ: دېموكراتىيەنىڭ تاشقى ئىپادىسى سۆز-مەتبۇئات ئەركىنلىكى، دىنىي ئەركىنلىك بولۇپ، زوراۋانلىق

---

[1] خۇاڭ جيەنخۇا: «گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى ــ ئا.

تىپىدىكى قانلىق ھەركەتلەردىن باشقا، پىكرىي يول بىلەن ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇشقا، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە، خەلقنى ھاكىمىيەتكە قارشى پىكىرگە كەلتۈرۈشكە يول قويۇلۇدۇ. ئەگەر بۇنداق بولغاندا، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ زور كۆپچۈلۈكىدە ۋەتەن-مىللەت ئۇقۇمى غۇۋالىشىپ كەتكەن، ئېتىقادمۇ ئىزدىن چىققان بولۇشىغا قارىماي، سۆز-مەتبۇئات ئەركىنلىكىگە ئېرىشكەن ھامانلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى دىنىي ساھە ۋە زىيالىلار دەرھال ئۆز تەشۋىقاتلىرىنى باشلايدىغان بولسا، يېرىم يىلغا قالمايلا خەلقنىڭ زور كۆپچۈلۈكىنى مۇستەقىللىق تەلىپىگە كەلتۈرەلەيدۇ. خەلقنىڭ مۇستەقىللىق تەلىپى يوقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئەھۋالدا خىتايلارنىڭ «دېموكراتىك ھۆكۈمىتى» يا بۇنى قوبۇل قىلىشى كېرەك بولىدۇ ياكى باستۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۆگۈنكى خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان ۋەتىنىمىزنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا خىتايلارنىڭ رازى بولۇشى مۇمكىنمىدۇر؟

بۇنداق مۇمكىنچىلىكنى يوق دېسەك، ئۇ ھالدا خىتايلارنىڭ يول قويماسلىقنى مۇمكىنلۈك سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرمىز. خىتايلار يول قويمىسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ دېموكراتىك شوئارىغا، «دېموكراتىك» دەپ سۈپەتلەنگەن دۆلەت تۈزۈلمىسىگە خىلاپ كەلمەمدۇ؟ «دېموكراتىك» دېيىلىدىغان، ئەمما مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىق تەلىپىنى بۆگۈنگىچە بېسىپ كېلىۋاتقان ئۈلگىلەر دۇنيادا ئاز ئەمەس: بۈيۈك بېرىتانىيە، ئىسپانىيە مانا شۇلارنىڭ مىساللىرى. بېرىتانىيەنىڭ تولۇق ئىسمى «بۈيۈك بېرىتانىيە، شىمالىي ئېرلاندىيە بىرلەشمە پادىشاھلىقى» بولۇپ، بۇ ئىسىمدا تىلغا ئېلىنغان شىمالىي ئېرلاندىيە ئەسىرلەردىن بېرى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىش ئۈچۈن ئىككى سەپتە كۆرەش قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ پارلامېنتتىكى ۋەكىللىرى تېنچ يول بىلەن ئازاتلىق تەلەپ قىلسا، «ئېرلاندىيە ئازاتلىق ئارمىيىسى» (ERA) جان پىدالىق بىلەن قورالل ىق قارشىلىق قىلىپ كەلمەكتە. گەرچە زامان-زامان ئۇرۇش توختاتقانلىقنى، ئەمدى تېنچلىق يولى بىلەن مەسىلە ھەل قىلىدىغانلىقنى جاكارلىسىمۇ،

لېكىن قورallllىق قارشىلىق قىلغۇچى بۇ تەشكىلات ئاشكارە ھالەتكە ئۆتۈپ، قورال تاپشۇرغىنى يوق. ئىسپانىيەدىكى كاتالونلارمۇ يىللاردىن بېرى ئىككى لېنىيەلىك ئازاتلىق كۆرىشى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەمما تېخى مەخسەتلىرىگە يەتكىنى يوق.

بۇلاردىن شۇنى قىياس قىلىش تەس ئەمەسكى، دېموكراتىيىگە كېچىش بىلەنلا مۇستەملىكە مەسلىسى، مىللىي توقۇنۇشلار ھەل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس! ئەمدى خىتايلارنىڭ دېموكراتىك ئاڭ ساپاسى بىلەن ياۋروپالىقلارنىڭكىنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئاسمان ـ زېمىن پەرق بارلىقىنى كۆرۈمىز. دېموكراتىك تۈزۈلمە ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە سىناقلارنى 2000 يىل ئاۋال ئوتتۇرىغا قويغان ياۋروپالىقلار مەنپەئەتلىرىگە توقۇنۇش كەلگەندە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىق تەلىپىنى چەتكە قېقىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت، بۈگۈنگىچە دېموكراتىك ئاڭنى ھېچ قوبۇل قىلمىغان خىتايلاردىن بۇنداق بىر ئۈمىتتە بولۇشنىڭ قانچىلىك بىمەنە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشىمىز ئۈچۈن ئەينەك بولالامدۇ؟

ۋەتىنىمىز تۈپرىقىدا ئاللىقاچان كۆپسانلىققا ئايلانغان خىتاي ئاھالىسى، ھاكىمىيەت سايىسىدە ئىقتىسادىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. سىياسىي جەھەتتىكى كونتروللۇق «دېموكراتىك» تۈزۈم خاسىيىتىدە باراۋەرلىك ئاساسىدا بولۇدۇ دېسەكمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقىمىز تۈپەيلى خىتايلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بولۇۋېرىمىز. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەركىن رىقابەت دېموكراتىيە سايىسىدە تېخىمۇ رەھىمسىز تۈس ئېلىشى، «چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقنى يېيىش» ۋەزىيىتى تېخىمۇ روشەن بولۇشى ئەمەلىيەت. بۇ ھالدا ھەتتا بىز پىكىر ئەركىنلىكىمىزنىمۇ يوقۇتۇپ، «ئىختىيارىي» رەۋىشتە سىياسىي بېقىندىلىقنى تەن ئېلىشىمىز مۇمكىن. بۇنداق بىر بېقىندىلىق بىزنىڭ سىياسىي يول بىلەن كۆرەش قىلىشىمىزنى چەكلەيدۇ. نەتىجىدە بىزمۇ زوراۋانلىق يولىنى تاللاشقا مەجبۇر بولۇمىز. يەرئاستى قارشىلىق تەشكىلاتلىرى يولى ئارقىلىق خىتايلارغا زەربە بېرىشكە مەجبۇر بولۇمىز. بۇنىدىن باشقا، خىتاي ئىستىخبارات ئورگانلىرىمۇ يوللۇق تەلەپلىرىمىزنى

تېرورىزىم سۈپىتىدە كۆرسۈتۈش، خىتايلارنىڭ مىللىي ئۆچمەنلىكىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن بەزى قانلىق ۋەقەلەرنى سۈئىستېمال يولى بىلەن تەشكىللەپ، بىزنى قانخور، جىنايەتچى قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، خەلقارا ھەسداشلىقنىڭ بىزگە يېتىشى مۇمكىن. ھەتتا بۇنداق شۇملۇقنى بىز ھېچقانداق زوراۋانلىق تېپىدىكى ھەركەتلەردە بولمىساقمۇ ئۆزلىرى پەيدا قىلىپ، بىزنى قارىلىشى، ھەققانىي تەلىپىمىزنى بىر توپ قانخورلارنىڭ چەكتىن ئاشقان بۇزغۇنچىلىقى سۈپىتىدە تونۇتۇشى مۇمكىن.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، مىللىي سۈركىلىشلەردىكى يول قويۇش ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ نىسبىتىدىكى پەرق ئاساسەن يوقالغاندا كۈنتەرتىپكە كېلىدۇ. يەنى بۇ تەڭلىك بارلىق شەرتلەر بويىچە تەڭ بولۇشى شەرت ئەمەس. قارشىلىق كۆرسەتكۈچى تەرەپ«پارتىزانچە» بولۇش ئالاھىدىلىكىگە كۆرە، زەربە بېرىشتە چاققان ۋە كۈتمىگەن يەردىن چىقىشى، ئاھالىنى زېرىكتۈرىشى، ئاھالىنىڭ تېنچلىق تەلەپلىرىنىڭ بېسىمىمۇ مەۋجۇت ھۆكۈمرانلىققا قارىتا باش ئاغرىقى بولۇپ، قارشىلىق قىلغۇچىلارنى «تەڭ» كۈچ نىسبىتى سەۋىيىسىگە كەلتۈرىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرىپى، ئۇلار مۇنتىزىم ئارمىيە ۋە مۇقىم ئەسلىھەلەرگە ئىگە بولمىغانلىقى تۈپەيلى، ھامان قارشىلىقنى يوشۇرۇن ۋە ئەجەللىك شەكىلدە ئېلىپ بېرىش تۈپەيلى، «چىۋىننى قىلىچ بىلەن قوغلىغىلى بولمىغاندەك» ۋەزىيەت يارىتىپ، كۈچلۈك ئارمىيىنىمۇ رولىنى جارى قىلدۇرالماس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. مانا بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئارىسىدا بىر تۈرلۈك كۈچ تەڭپۇڭلۇقى شەكىللىنىۋېرىدۇ.

ئۇ ھالدا، خىتايلارنىڭ ۋەتىنىمىزنى تېنچ يول بىلەن قوشقوللاپ بىزگە تۇتۇدۇغانلىقىنى تاما قىلىشتا نېمىگە ئاساسلانغانلىقىمىزنى تەكشۈرۈپ باقايلى: كۈچ نىسبىتى ئاساسەن تەڭلەشكەنمۇ؟ ياق! بىز ئۆز ۋاقتىدىكى مۇنتىزىم ئارمىيىمىزدىن، ئېتىقادى ساغلام، شېھىت بولۇشنى كۆڭلىدىن ئىستەيدىغان خەلقىمىزدىن ئايرىلدۇق؛ ئەكسىچە خىتايلار بۈگۈن ھەر خىل نامدىكى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ سانىنى مىليونلاردىن ئاشۇرۇۋەتتى! خەلقارادا بىزگە ھامىيلىق قىلىشقا بەل باغلاپ ئوتتۇرىغا چىقىش ئېھتىمالى بولغان

دەرىجىدىن تاشقىرى بىر كۈچ بارمۇ؟ يوق! بىز بۇنىڭ مۇمكىنسىزلىكى ھەققىدە باشقا ماقالىلاردا توختالدۇق.

پەقەتلا بىرلا سەۋەپ قالىدى: ئۇ بولسىمۇ خىتايلارنىڭ ئىنسانىي ھىس-تۇيغۇلىرىنىڭ ئويغۇنىشى، ھەقىقىي تۈردە دېموكراتىك ئىدىيىگە كېلىشى ۋە ئىنساپلىق بولۇشى، ۋىجدان ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك بۇيرۇقى بىلەن ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كېتىش! ئەگەر بۇنىڭغا ئىشىنىدىغان بولساق كۈتۈپ باقساق بولۇدۇ.

تاشقىي سەۋەپلەرگە چىشىمىز پاتمىغان ئىكەن ئۇ ھالدا ئىچكىي سەۋەپلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ باقايلى.

بىزدە تەۋرەنمەس، ئېزىلمەس شەكىللەنگەن مىللىي ئاڭ (مىللىي ئىرادە)بارمۇ؟ بۇنى بىلىشتىن بۇرۇن مىللىي ئىرادە دېگەن نېمە؟ بۇنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە مەن بۇرۇنقى ماقالىلىرىمدا قىسمەن توختالغان ئىدىم. بۇ بىزنىڭ ئازاتلىققا، مۇستەقىللىققا بولغان ئىنتىلىشىمىزنىڭ ئاڭ قاتلاملىرىمىزدىلا شەكىللىنىشى ئەمەس، يوشۇرۇن ئېڭىمىزدىنمۇ ئورۇن ئالغان بولۇشى دېمەكتۇر. يەنى، بىز بۇ ئىنتىلىشىمىزنى بىرەر سورۇندا قايناپ سۆزلەشكە توغرا كەلگەندىلا ئوتتۇرىغا قويۇدۇغان ئەمەس، بۇ ئىرادىمىز بىزنىڭ جىمىكى قارارلىرىمىزدا، ئىش - ھەركەتلىرىمىزدە بەلگىلىگۈچى دەرىجىگە يەتكەن بولۇشى كېرەك، ئاڭسىز (ئىختىيارسىز) ھالدىمۇ بۇ ئىرادىگە مۇخالىپ قەدەم بېسىپ قالمايدىغان دەرىجىگە كېلىشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. بۇ ئاڭلىقلىقنى مۇتلەق شەرت قىلىشى ناتايىن. بۇ كۆڭۈلدىن ئىستەشنى مۇتلەق شەرت قىلىدۇ.

تارىخىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق شۇنداق مىساللارنى كۆرىمىز:

شىڭ شىسەي ۋەتىنىمىزدە مۇستەقىل پادىشا بولۇپ دەۋران سۈرگەن چاغلاردا سوۋېتنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، ھەتتا كوممۇنىزىم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، مانا شۇنداق سەلتەنەت سۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى تاللاشقا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى ئاتالمىش دۆلەت مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ قارارىنى بەردى: ۋەتىنىمىزنى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە سوغا قىلدى.

جاڭ جىجوڭ ئاۋال شەرقىي تۈركىستاننى گومىنداڭ مەركىزىگە باغلاشقا كۈچ چىقاردى. چۈنكى ئۇنىڭ مەسىلىكى «سەنمىنجۇيى» ئىدى، دۆلەت، مىللەتكە سادىق ئەسكەر ئىدى. گومىنداڭنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى سەلتەنىتى چۆكۈشكە باشلىغاندا گەرچە شەرقىي تۈركىستاندىكى تاجاۋۇزچى خىتاي سەركەردىلىرىنىڭ كوممۇنىستلارغا تەسلىم بولۇش نىيىتى بولمىسىمۇ، جاڭ جىجوڭ ئارقا يۆلەنچۈك (مەركىزىي ھۆكۈمەت)تىن ئايرىلغان ھالدا قىلىنغان ھەربىي ھەركەتلەرنىڭ نەتىجىسىز بولۇش بىلەنلا قالماي، يەرلىك خەلقنىڭ توپىلاڭدىن توغاچ ئوغۇرلىشىغا ئۇيغۇن ئاتموسفىرا يارىتىپ بېرىشى، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي مۇستەملىكىسىدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، سەركەردىلەرگە تېنچ يول بىلەن كوممۇنىستلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى نەسىھەت قىلدى. ئۇمۇ ھالقىلىق پەيتتە كۆز قاراش، مەزھەپ، مەسىلەكلەرگە يېپىشىۋالماي ئاداققى مىللىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلىپ قارار قىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئاتالمىش خىتاي دېموكراتلىرىمۇ مىللىي ئىرادە يېقىدىن ئوخشاش بولۇپ، «دېموكراتىيە» دېگەن بۇ سەپسەتىگە بېرىلىپ، ۋەتىنىمىز مەسىلىسىدە يول قويۇش ئېھتىماللىقى يوق.

ئەينى شۇ تارىخلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلارچۇ؟ ئۇلار قانداق مەسىلەك، قانداق مەزھەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى مەڭگۈلۈك قىممەت(مەخسەت) دەپ قارىدىمۇ؟ ياكى ئۆتكۈنچى، ئىككىلەمچى (ۋاستە)لەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋېلىپ قارار بېرىشتىمۇ؟ مەسىلەن: ئۈچ ئەپەندىلەر ئۈچۈنمۇ، ئۈچ ۋىلايەتچىلەر ئۈچۈنمۇ، دىندارلار ئۈچۈنمۇ ئاخىرقى ھېساپتا مۇستەقىل بىر ۋەتەن مەخسەت بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇلار ۋاستىنى مەخسەت ئورنىغا قويۇۋېلىپ قارار قىلىشتى. مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قەتئىي قارشى تۇرغان ئىلى تەرەپ، ھەتتا ئۇنىڭ ئورنىغا بىر خىتاينىڭ رەئىس بولۇشىنى ئارتۇقراق كۆرۈشتى ۋە ھەتتا بۇ قارىشىنى يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمىدى. ئۈچ ئەپەندىلەر بولسا ئىلى تەرەپنىڭ كوممۇنىزىم مايىللىقىغا بولغان ئۆچمەنلىكى تۈپەيلى ئۇلارنى بىر دۈشمەن كۆردىكى،

ئۇلارغا قارشى خىتايلارنى ئىتتىپاقچى ھىساپلىدى! دىنىي كۈچلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇتىئەسسىپ قاراشلىرىنى ئۆلچەم ھەتتا مەخسەت ئورنىغا قويۇۋېلىپ، مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان تۈپكى مىللىي قىممەتنى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ئۈچ ئەپەندىچىلەر كوممۇنىزىمغا قارشى ئىدى، بۇ بىر سىياسىي مەسىلەك بولۇپ، سىياسىي مەسلەك مەڭگۈ بىر ۋاستە ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلدى. ئىلى تەرەپ پانتۈركىزىمغا، پان ئىسلامىزىمغا قارشى ئىدى. بۇمۇ بىر مەسلەك ياكى مەزھەپ بولۇپ، ۋاستە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇ ئىدىيىنى سوۋېتلەردىن ئىمپورت قىلغان بولۇپ، ئۆزلىرىدە مىللىي مەنپەئەت تەقەززاسىدىن شەكىللەنگەن ئىدىيە ئەمەس ئىدى. مانا شۇ خوجايىنىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن مېنىڭسىگەن ئىدىيىگە ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەت تېگىشىلدى. ئەسلىدە ئۇلاردا خۇددى يوقۇرىدا زىكرى قىلىنغان خىتايلارنىڭكىگە ئوخشاش بىر ئورتاقلىق بار ئىدى: مىللىي مەنپەئەت! بىراق، بىزنىڭكىلەردە ئومۇمىي مىللىي ئىرادە شەكىللەنمىگەنلىكى، مۇقىملاشمىغانلىقى ئۈچۈن، ھامان باشقىلار تەرىپىدىن يۇقتۇرۇلغان مەسىلەكلەر، مەزھەپلەرنى مىللىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋالدى.

ئاردىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق بىر ئىرادە، بۇنداق بىر ئاڭ شەكىللەندىمۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە چەتئەللەردە ۋەتەن داۋاسى قىلىۋاتقانلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللىي ئىرادىسى (مىللىي ئاڭ دېيىشكىمۇ بولىدۇ) بارمىدۇ؟ ياكى بۈگۈنمۇ مەسىلەك، مەزھەپلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، يەندا بەرگەن خوجايىنلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۇلار سۇنغان يوللارنى يولۇمىز دەپ بىلىپ، ئۆز ئىشىمىزنى خالتا كوچىغا باشلايدىغان قىلمىشلار يوقمىدۇ؟

مىللىي ئىرادە ھەققىدە بىر جاناپ بىشەملەرچە سوئال ياغدۇرۇپ، «مىللىي ئىرادىسى بولمىغان بۇ خەلق ئازات بولسا بولمامدىكەن؟...پارچىسى نەدە؟ پۈتۈنى نەدە؟... » دېگەندەك مەتۇلارچە ئىنكاستا بولغانلىقى مەلۇم. بۇنداق مۇددىئانى چالغىتىپ، جامائەت پىكرىنى قايمۇقتۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرى بۈگۈن

ئېتىبارى بىلەن بىر تۈركۈم ئادەمنى ئىدىيالىستىمۇ، تارىخ بۇنىڭغا نېمە دەر؟ «رەقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار»دىن ساۋات ئالغان ۋە بۇنىڭدىكى چىسلالار بىلەن جان بېقىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بۇنداق بىر تېمىنى مۇھاكىمە قىلالىغۇدەك هالى بارمىدۇ؟ هەر نۇقتىئىينەزەرگە قارشى نۇقتىئىينەزەر قويۇپ دەلىللەش ئورنىغا چالغىتمىلار بىلەن مۇددىئانى بۇرمىلاپ، ئاندىن ئارقىمۇ-ئارقا پىلىمۇتچىك پەدىسىدە سوئال قويۇش بەزىلەرنىڭ بىلىملىك كۆرۈنۈش مېتودى بولسا كېرەك. چۈنكى بۇنداق ئابداللار ھىچقاچان ئۆزى قارشى تۇرۇۋاتقان نۇقتىئىينەزەرنىڭ خاتاسىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭكىنى پاكىتلار بىلەن دەلىللەپ باقىقىنى يوق. ئەكسىچە ئەنە شۇنداق رېتۇرىك سوئاللار ۋە ئۇزۇك نەقىللەر بىلەن بىلەن جامائەت پىكرىنى چىغىرغا باشلاش ئۇرۇنۇشىدا بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

بۈگۈنكى ئەمەلىيىتىمىز ئوتتۇرىدا. خىتايلارنىڭ ئەمەلىيىتىمۇ ئوتتۇرىدا. تارىخىي ساۋاقلارنى بۈگۈن كۆپچۈلۈك بىلىدىغان بولدى، ئۇمۇ ئوتتۇرىدا. ئەمدى بىزنىڭ ئىشىمىز — ئويلۇنۇش! نېمە قىلىش ۋە نېمە دېيىش ھەققىدە ئويلۇنۇش! ئاندىن مەزھەپلەر، مەسىلەكلەر ئاساسىدا ئەمەس، سۆڭەك بەرگەن خوجايىنلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ تۈپكى مىللىي مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ھالدا قارار بېرىش!

قىسقىسى، خىتاي دېموكراتىيەلەشسۇن ياكى دىكتاتورلۇقتا قالسۇن، غەرب كۈچلىرى بىلەن خىتاي ئارىسىدا ماجرا تۇغۇلسۇن ياكى ئىناق بولسۇن، مۇستەقىللىقىمىز بىزنىڭ مىللىي ئىرادىمىزگە باغلىق! تاشقى ئامىللارغا ئەمەس ئىچكىي ئاساسىمىزغا باغلىق! مىللىي روھىمىزنىڭ ساغلاملىقىغا باغلىق!

# ھىندىيانلار ۋە ئۇيغۇرلار

ھىندىيانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئوخشاشلىقلىرى بار. تەقدىردە، خۇسۇسىيەتلىرىدە. ئەمما ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىمۇ كۆپ. بۇلاردىن ئەھمىيەتلىك دەپ قارىغانلىرىمىزنى سېلىشتۇرۇپ پايدىلانساق سىياسىي تەقدىرىمىز ھەققىدە جىددىيتىمىزنى قوزغىسا ئەجەپ ئەمەس دەپ ئويلايمەن.

ئۇيغۇرلار چالا كۆرەڭلىك بىلەن ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتۇپ، كوممۇنىست تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق تونۇغان نېگىرلارنىمۇ كۆڭلىدە ياراتمايتى. مانا ئەمدى تاشقى دۇنيانى كۆرۈشكە نېسىپ بولۇپ، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، نېگىرلار بىزنى ياراتمىسا بولغىدەك ئىكەن. خۇددى شۇنىڭدەك ئامېرىكا ھىندىيانلىرى (ئىرقىي تېپى بويىچە قىزىل تېرىلىكلەر)نىمۇ چوقۇم ياراتمايمىز. ئەمما ئەستايىدىللىراق ئارىلاپ كۆرسەك (تەتقىق قىلىپ دېيەلمىدىم، چۈنكى ھەممە ئادەم تەتقىقاتچى ئەمەس)، ئۇلارنىڭ بىزدىن ئۈستۈن تەرەپلىرىنى كۆرۈمىز.

بىزگە ئۆگىتىلگەن مەزمۇن بويىچە بولغاندا ھىندىيانلار ئىنتايىن قالاق، ياۋايى خەلق بولۇپ، ئىنسانلار توپى بىلەن ھايۋانلار توپىنىڭ ئوتتۇرىسىغىراق توغرا كېلىدىغاندەك بىر تەسىراتقا كەلتۈرۈلگەن ئىدۇق. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق مەدەنىيىتى يوق ئىدى. يېزىقىمۇ، كىتابلىرىمۇ يوق ئىدى. ئورمانلاردا ئاددىي چېدىرلاردا ئولتۇراتتى. ... ئەمدى شۇنى كۆرۈۋاتىمىزكى، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ئىنتايىن يۈكسەك مەدەنىيىتى بولغان، يېزىقى، كىتابلىرى بولغان. بىراق ياۋروپالىق ئىستىلاچىلار ئۇلارنى ئىرقىي تازىلاشقا نىيەت قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى يوق قىلغان. بۇ يېزىقنى بىلىدىغانلارنى يوق قىلىپ، كېيىن يەنە بۇنى داۋام قىلدۇرالمىسۇن ئۈچۈن بارلىق كىتابلىرىنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتكەن! ئۇلارنىڭ ئاجايىپ بىناكارلىق سەنئىتىمۇ، ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتىمۇ، رەسساملىقىمۇ بولغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىستىلاچىلار تەرىپىدىن

يوقۇتۇۋېتىلگەن. يېڭى ئەسىرىمىزگە كەلگەندە ئەينى چاغدىكى ھىندىيانلار كۆيدۈرۈلۈشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆمۈپ قويغان بىرنەچچە كىتاپ تېپىلغان بولسىمۇ، بۇ يېزىقنىڭ ۋارىسلىرى بولمىغاچقا، ئوقۇغۇلى بولماي تۇرۇپتۇمىش.

ئەمدى بۈگۈنگە كەلگەندە، ئامېرىكا ۋە كانادادا ھىندىيان مەدەنىيىتىنىڭ قالدۇقلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش كۈنتەرتىپكە كەلدى. مەخسۇس تېلېۋىزىيە كانالللىرىمۇ بار. شۇنى كۆرۈۋاتىمىزكى، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى مەدەنىيەت دۇنياسىمۇ سىرىنى بىلەلمىگۈدەك ئەنئەنىلىرى، (مەسىلەن، تىبابەت جەھەتتە) ھۈنەر ـ سەنئىتى بولغان ئىكەن. ئەنە شۇنداق بىر خەلق ئىستىلاچىلارغا ئۇلارنىڭ زېمىنى كېرەك بولغاچقا يەر شارىدىن ئۆچۈرۈلدى (بىر ئاز ئۆرنەكلىرى ھالا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، تىلى، مەدەنىيىتى بولمىغاچقا ئۇلارنى تۈگىدى دېيىشكە بولىدۇ). ئىلگىرى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكى تۈپەيلى ئاشۇنداق قىسمەتكە قالغانلىقى سۆزلىنەتتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاز بىرچىلىك (ئاشۇ ياۋروپا ئىستىلاچىلىرى يېڭى كەلگەن يىللارنى نەزەردە تۇتقاندا) مەدەنىيىتى بارلىقىنى بىلدۇق. ئاشۇنداق تۇرۇپ نېمىشكە بۇنداق قىسمەتكە قالدى؟

مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاقلىقىمىز بولمىغان بىلەن، مەدەنىيەتلىرىمىزنى باھالاپ نومۇر قويۇشقا توغرا كەلسە ئالىدىغان نومۇرىمىز ئوخشاشراق كەپ قالغۇدەك. شۇڭا بۇ جەھەتلىرىمىزنى ھازىرچە ئوخشاش دەپ تۇرايلى؛ ئەمدى ئۇلارنىڭ نېمىشكە بۇنداق يوقۇلۇشقا مەھكۇم بولغانلىقى ھەققىدە بىر ئاز توختۇلۇپ، ئۇلارنى ئۆزىمىزگە سېلىشتۇرۇپ باقايلى.

ياۋروپا ئىستىلاچىلىرى ھىندىيانلارنى يوقۇتۇشتا ھىندىيانلارنىڭ ئۆزىگە تايىنىپتىكەن. خىتايلارمۇ دەل شۇنداق قىلىۋاتىدۇ! يەنى، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى، نوپۇزلۇق شەخسلىرىگە سالام يوللاپ، ئۇلارغا ئاتاق، دەرىجە تەكلىپ قىلغان، دەرىجىنى قوبۇل قىلسا قانداق ياخشىلىقلارنىڭ ئۇنى كۈتۈۋاتقانلىقى ئەكسىچە بولغاندا بولۇدۇغان قورقۇنۇچلۇق ئاقىۋەتلەر ھەققىدىكى بۇ دۇئايى-سالامدىن كېيىن بەزىلەر ئاقلارغا سېتىلىپ، ئۆز

مىللىتىنى تۈگۈتۈشتە ئىستىلاچىلارغا ياردەمدە بولۇشقا باشلىشى ھامان ئىشلار يۈرۈشۈپ كەتكەن. ھىندىيانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئۆزگەرتىلىپ ياكى ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ئىچىگە خرىستىيان ئادەتلىرى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، «تۈزسىز»لاشتۇرۇلغان ئىكەن. خىتايلارمۇ دەل شۇ مېتودنى ئىشلىتىۋاتامدۇ-يوق؟ دەل شۇنى ئىشلىتىۋاتىدۇ. يەنە تەسىرى بار ھىندىيانلارنى سېتىۋېلىش، گۆرۈگە ئېلىۋېلىش يوللىرى بىلەن، باشقىلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، شەرتلىرىگە كۆندۈرگەن ئۇسۇللارغا ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىللەرنىمۇ خىتايلاردىن كۆرۈۋاتىمىز. ھىندىيانلارنىڭ خەت بىلىدىغان يوقۇرى تەبىقىسىنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا يېزىقنى ئۆگەتمەسلىكى تەلەپ قىلىنغاندا، ئۇلار ئىستىلاچىلار بەرگەن ئازغىنا پۇلغا سېتىلىپ، ئەسلىدىمۇ مەۋجۇت بولغان كۈچلۈك دەرىجە قارىشىنىڭمۇ شۇنىڭغا مايىل بولىشى تۈپەيلى، يېزىق ئۆگۈتۈشتە ئىستىلاچىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ساداقەت بىلەن ئورۇنلىغان. نەتىجىدە بۇ مەدەنىيەتنىڭ يازما بەلگىسى ۋارىسسىز قېلىپ، تۈگىگەن؛ ئاندىن ساتقۇنلار خاسىيىتىدە، ئىستىلاچىلار ھىندىيانلار ئىچىدىكى قەبىلە، ئۇرۇقداشلار تويى ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا چىقىشالماسلىقنىڭ ئېغىرلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتكەن. بۇ ئىستىلاچىلارنىڭ چارچىغان ئارمىيىسىنىڭ ئارام ئېلىشىغا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. ئىستىلاچىلار قەبىلە ئۇرۇقلارنى، يەرلىك مىللەتلەرنى بىر-بىرىگە كۈشكۈرتۈش ۋە ئۇلارغا ئاستىرىتتىن قورال-ياراق تەمىنلەپ بېرىش بىلەن بىر-بىرىنى قىردۇرغان. بۇنىڭ تامامەن ئوخشىشىنى خىتايلار قىلىۋاتىدۇ. تارىختىن بېرى ئەۋلاتمۇ-ئەۋلات بىرگە ياشاپ كېلىۋاتقان مىللەتلەرنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىش ئۇرۇنۇشلىرىنى كۆپ خىل ئۇسۇلدا سىناپ، ئاخىرىدا بۇ مەخسەتلىرىگە يەتتى. بۈگۈنگە كەلگەندە بەزىلىرىمىز دۈشمەننىڭ دېيىشىغا ئۇسۇل ئويناپ، تارىختا خىتايغا قارشى كۆرەشلەردە بىز بىلەن بىرگە قان ۋە جان بەرگەن قېرىنداشلارنى سېپىمىزدىن تېپىپ چىقىرىشتەك قالتىس «مىللەتچىلىك» تەرغىباتىدا بولۇشماقتا.

يەنە ھىندىيانلارنى كەيپكە ئۆگۈتۈش ئارقىلىق، مىللىي قارشىلىق

روھىنى سۇندۇرغان. مەسىلەن: ھاراق، تاماكا، زەھەرلىك چېكىملىك قاتارلىقلارغا. ھەمدە كېيىن بىر بودۇلكا ھاراقنى پوتونسۇرۇك بىر ۋىلايەتنىڭ يېرىنى تېگىشكەن ئىشلارمۇ بولۇپتىكەن. مانا ئەمدى خىتايلارنىڭ ئارىمىزدا يامرىتىۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىك ئارقىلىق يوقۇتۇش مېتودىمۇ غەلىبىلەرگە ئېرىشمەكتە. ھىندىيانلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ باللىرىنى مەجبۇري ئېلىپ كېتىپ، خرىستيان مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقان ئىكەن، بۈگۈنكى كۈندە خىتايلارمۇ بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق مىللىتىمىز ياشلىرىنى خىتايغا ئېلىپ كېتىپ، ئاسسىمىلاتسىيە قەدىمىنى تېزلەتمەكتە.

ئەسلىدە ھىندىيانلار تاجاۋۇزچىلارنىڭ كېلىشىنى ھېچ خۇش قارشى ئالمىغان، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن خەۋپ ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ۋە شىددەت بىلەن قارشى تۇرغان ئىكەن. بۇ جەھەتتە بىزگە قارىغاندا كۆپ ئۈستۈن ئىكەن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بىز ئۇ زامانلاردا ئەمەس، بۈگۈنمۇ تاجاۋۇزچىلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي يۈرۈمىز. بۈگۈنمۇ تاجاۋۇزچى دېگەننىڭ ياخشىسى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاخىرقى نىشانى يەر ئىگىلىرىنى يوقۇتۇۋېتىش بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىدۇق. تارىختا ھەتتا تاجاۋۇزچىلارنى چاچاڭ قۇرۇپ قارشى ئالغان ئىشلارنىمۇ قىلغان ئىكەنمىز! بۇ جەھەتتە ھىندىيانلارنىڭ دۆلەتچىلىك ئېڭى بىزدىن كۆپ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ئۇلار ئۆز تىلىنى، مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا جان جەھلى بىلەن تىرىشقان؛ ھەتتا مۇناپىقلىرىمۇ سېتىشنى ساتقان، ئەمما ياۋروپا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ جىمىكى مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تاشلىۋەتكەن ئەمەس. ئەمما بىزنىڭ نۇر بەكرىگىمۇ گەپ كەتمەيدۇ، «ئۇيغۇرلار تىلىنى تاشلاپ، خىتايچە سۆزلىشىدىغان بولسا نېمىسى يامان؟» دەۋاتىدۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى مەدەنىيەتلىك، ئوقۇمۇشلۇق ھېساپلايدىغان ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىنىڭ يىنىدىكى بىرەر مەدەنىيەتكە قېتىلىپ كېتىشكە ئارانلا تۇرۇدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ ھىندىيانلاردىن بەك تۆۋەن ئىكەنلىكىمىز مەلۇم بولماقتا.

مەن بەزى ھىندىيانلار بىلەن سۆزلىشىپ باقتىم. ئۇلار ئاللىقاچان

ئېنگلىزچە تىلى چىقىشقا باشلىغان نەچچىنچى ئەۋلات؛ خىرىستىيانلىقنى قوبۇل قىلغان نەچچىنچى ئەۋلات بولۇشىغا قارىماي، بۈگۈنمۇ ئۆز مىللىيلىكلىرىنى ھەسرەت بىلەن ئەسلەپ، ئەلەم ئىچىدە سېغىنچلىرىنى بايان قىلىدىكەن، ئىستىلاچىلارنىڭ شۇ چاغلاردا قىلغان-ئەتكەنلىرىنى سۆكۈدىكەن. مۇمكىن بولغىنىچە بىرنەچچە ئېغىز بولسىمۇ ئەسلى تىلىنى بىلىدىكەن ۋە بىلىشكە ھەۋەس قىلىدىكەن. ئەمما بىزنىڭ خىتايچە ئوقۇغانلىرىمىزنىڭ خىتايغا مايىل بولۇپ كېتىدىغانلىرى مۇتلەق كۆپ ساندا. خىتايلاشمىغانلىرىدىمۇ خىتايلارغا قارىتا ھەۋەس، سۆيگۈ، ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىنىڭ ئۈستۈنلۈكتە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈپ تۇرۇمىز. بۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئۇرۇمچى قەتلىئامىدەك ئاشۇنداق بىر پاجىئەدىمۇ، خىتايلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۆز مىللىتىنى (سەھرالىق، قاششاقلىقى تۈپەيلى ياخشىلىق ئېلىپ كەلگۈچىلەرنى خاپا قىلدى دېگەن مەنىدە) ئەيپلەۋاتقانلىقىغىمۇ شاھىت بولدۇق. بۇلاردىنمۇ بىزنىڭ ھىندىيانلاردىن بەك تۆۋەن ئىكەنلىكىمىز كۆرۈلۈدۇ.

بۈگۈن خىتايلار بىزنى تۈنجۇقتۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. مەملىكەت ئىچىگە ئۆزىنىڭ چاڭگىلىدا، گەپ كەتمەيدۇ. ھەتتا ئەركىن دۇنياغىمۇ كەڭرى تور يېيىپ، چەتئەللەردىمۇ ئاۋازىمىزنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ھەركىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتىدۇ. ھەر خىل كىشىلەرنى، گورۇپپا، دېلىگاتسىيەلەرنى چىقىرىپ، بۇرۇنلاردىن چەتئەلدە ھاسىل قىلىپ، ھازىرلاپ قويۇلغان خىتايپەرەست ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئاشكارە يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەركىن دۇنيادا تۇرۇپمۇ ئەنە شۇنداق پەسكەشلىكلەرنى قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار نۇرغۇن. ھىندىيانلارغۇ قولىدىن كېتىۋاتقان مىللىيلىككە قىيماي، قارشىلىق قىلىپ قىرىلىپ تۈگەپتىكەن، ئەمما بىزنىڭكىلەر بىلىپ تۇرۇپ خىتايلارنىڭ نەسلىمىزنى قۇرۇتۇشىدا يانتاياق بولۇپ بېرىۋاتىدۇ. پەقەت ياخشى ياشاش، باياشات ياشاشتىن ئىبارەت ھايۋانىي ئىستەكلىرى ئۈچۈن مانا شۇنداق پەسكەشلىكنى قىلىۋاتىدۇ.

دەل خىتايپەرەستلەرنىڭ كۆپسانلىق ھاسىل قىلىۋالغانلىقى تۈپەيلىدىن،

چەتئەللەردە مىللىي تەقدىرىمىز ھەققىدە خاراموشلۇق، كارى بولماسلىق، قىزىقماسلىق، كۆڭۈل بۆلمەسلىك ئۇستۇنلۇكتە تۇرماقتا.

بۈگۈنكى كۈندە مىللىي داۋا قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتقان توپلارنىڭ بۇ ئىشنى قەيەرگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقى قانچىلىك ئادەمنى جىددىيلەشتۇرۇۋاتىدۇ؟ قانچىلىك ئادەمنى خاۋاتىرغا سېلىۋاتىدۇ؟ بۇ ھەقتە توردا ئېلان قىلىنغان چەكلىك ساندىكى ماقالىلار قانچىلىك ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى؟ مانا بۇ رېئاللىقتا قارايدىغان بولساقمۇ، بىزنىڭ ھىندىيانلاردىن بەك، بەك-بەك تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى كۆرەلەيمىز! كۆپچۈلۈككە ئەلەم ئىچىدە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، مىللىي دەۋا ئەسلى چىغىرىدىن چىقتى! ۋەتەننىڭ ئىسمىدىن ۋاز كەچتۇق، ئەمدى مۇستەقىللىقنى تىلغا ئالمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قېلىۋاتىمىز، ئەمما كۆپچۈلۈك بۇنىڭغا پىسەنت قىلىۋاتقاندەك ئەمەس، يۈرىكى ئېچىشىۋاتقاندەك ئەمەس. چۈنكى بۇ ھەقتە قىزغىن بەس-مۇنازىرە چېلىقمايۋاتىدۇ. يەنە بىر قەرنە ئۆتكەندىن كېيىن ئادەتلەنگەن پۇشايمانچىلىقىمىز، «ئاپلا»لىرىمىزنى باشلايدىغانلىقىمىزدىن قىلچە گۇمان قىلمايمەن.

مۇھتەرەم سىياسىيونلىرىمىزدىن سىدىقھاجى روزى سابىق تەيۋەن رەئىسجۇمھۇرى لى دېڭخۇيدىن شۇلارنى نەقىل كەلتۇرۇپتۇ: «تەيۋەننىڭ ئىچكى قىسمىدا بەزىلەر جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. مەن ئۇنداق قىلىش كېرەك ئەمەس دەپ قارايمەن. چۈنكى، تەيۋەن جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش، تەيۋەننىڭ سوبىكتىپلىق ئورنىنى مۇجىمەللەشتۇرۇپ، تەيۋەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق مۇستەقىل تەيۋەن بولۇپ تۇرۇشىغا بوھران پەيدا قىلىدۇ.» بۇ جۈملىلەردىن نېمىنى ھىس قىلىمىز؟ دېمەكچى بولىدۇكى، تەيۋەن ئەسلىدە مەۋجۇت بىر دۆلەتنىڭ (جوڭخۇا مىنگونىڭ) داۋامى، يەنە قايتا جاكالاش خۇددى ئەمدىلەتىن خىتايدىن بۆلۈنۈپ چىقىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ ۋە بۇ كوممۇنىست خىتايلار ئۇچۇن تېپىلغۇسىز دەستەك بولۇپ قالىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

بىز ئۆز مەسىلىمىزگە سېلىشتۇرساق خۇددى شۇنداق: شەرقىي تۈركىستان

ئەسلىدە تارىخىي رىياللىق! مۇقەررز بولغان بىر دۆلەت! ئۇ يېڭىدىن بۆلۈنۈپ چىقماقچى بولۇۋاتقان بىر رايون ئەمەس! ئۇنداق ئىكەن، ئۇ دۆلەتنىڭ ئىسمى داۋادا ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان مۇقەددەسلىكتۇر! ئەكسىچە بولغاندا دەل لى دىڭخۇي دېگەندەك «بوھران»غا بىزمۇ ئۇچرايمىز! ئەمما بۇ مەسىلىگىمۇ بالىلارچە مۇئامىلە قىلىندى؛ بۇ قەدەر چوڭ بىر ئىش تەرەپبازلىققا قۇربان كېتىۋاتىدۇ، شەخسىي بىلەرمەنلىككە قۇربان قىلىنىۋاتىدۇ. خۇددى شۇ بىغەملىكىمىز بىلەن داۋانىڭ ئاداققى غايىسىگىمۇ بولار-بولماس مۇئامىلىدە بولۇپ ئۆتكۈزىۋېتىپ بارىمىز. بۇ ئاپتونومىيە دېگەن دەل ۋەتەننى سېتىش دېمەكتۇر! بۈگۈن ۋەتىنىمىزدىكى خەلق ياشاۋاتقان ئاشۇ ئاپتونومىيەگە رازى بولغان ئالدىنقى بىر ئەۋلات لېدىرلار بۈگۈن «مۇناپىق» دېيىلىۋاتىدۇ، ئەمما بۈگۈنكىلەرنىڭ «ئاپتونومىيەسى»نىڭ بىرەر پەرقى بارمۇ؟ بۈگۈنكى مەۋجۇت «ئاپتونومىيە»گە رازى بولغانلارغۇ تاللاش ھوقۇقى بولمىغان ئەھۋالدا ئىدى، خالىسىمۇ، خالىمىسىمۇ نەتىجە شۇ ئىدى؛ ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلماسلىقى بىلەنلا ۋاڭ جېن ئارمىيىسىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ ئۇلارمۇ خۇددى بۈگۈنكى ئاپتونومىيەچىلەردەك «ھازىرچە شۇنداق دەپ تۇرساق، كېيىنچە،... » دېگەندەك مەجھۇل تامالارنىڭ ئارقىسىغا كىرگەن ئىدى. بۇ «ھازىرچە... »نىڭ بەدىلى بۈگۈن يېرىم ئەسىرلىك بىر دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈش بىلەنلا قالماي، 2% لىك خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ نوپۇسىنى 47%گە، ئىككىيۈزمىڭچە خىتاي ئەسكىرىنى 500مىڭ مۇنتىزىم تاجاۋۇزچى ئارمىيە ۋە بۇنىڭ تاشايىنىدا 2.5 مىليونلۇق ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى، ھەرخىل ئاتاقتىكى ساقچى ۋە باشقا زاپاس ئەسكەرگە تولدۇرۇشتەك پۇرسەتنىمۇ بېرىپ قويدى. بۈگۈنكى «ئاپتونومىيەچى»لەر بۇ دەھشەتلىك رېئاللىقنى يەنە شۇ «ئاپتونومىيە» سەپسەتىسى بىلەن ئۆزگەرتمەكچىمۇ؟ ئىلگىرىكىلەرغۇ تاللاش ئەركى بولمىغان ئەھۋالدا شۇنى تاللاپتۇ، بۇنىڭسىز جاندىن ئايرىلاتتىكەن؛ ئەمما بۈگۈنكىلەر ئەركىن دۇنيادا قانداق مەجبۇرىيەتتە قېلىۋاتىدۇ؟ ئۇلارمۇ جاندىن ئايرىلىپ قالامدۇ ياكى پۇلدىنمۇ؟ بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىشىڭلارنى، كۆڭۈل بۆلۈشۈڭلارنى بىر مىللىي بۇرچۇم سۈپىتىدە

سىلەرگە تەكرار ئۇقتۇردۇم. بۇ بىر گورۇھ ئادەمنىڭ مەيلىگە تاشلاپ قويۇلۇدۇغان ئاددىي ئىش ئەمەس، بۇنىڭدا ھەممەيلەننىڭ مەسئۇلىيىتى بار! ۋەتەن ھەممىمىزنىڭ! شۇڭا ھەممەيلەن بۇ ئىشقا ئىگە چىقىشىمىز، ھېزى تۇرۇشىمىز كېرەك. بولمىسا كەلگۈسى ئەۋلاتلار ئالدىدا، ۋەتەن مىللەت ئالدىدا، تاڭلا مەھشەردە ئاللاھنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولۇمىز!

# «ئاپتونومىيە»چىلىك = تەسلىمچىلىك!

(«ئاپتونومىيە» سەپسەتىسى ياكى «ئىككى ئارىلماسلىق»نىڭ چەتئەل ۋارىيانتى توغرىسىدا)

ھەرقانداق زۇلۇم ۋە بېسىم قان پاكىز ساقلانغان ئەھۋال ئاستىدا ئەخلاقىي تىرىلىشنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان كۈچلەرنى تۇغۇشى ۋە ھەركەتكە كەلتۈرۈشى مۇمكىن. ھالبۇكى، قاننىڭ پاكىزلىقىنى يوقۇتۇش سائادەتنى يوق قىلىدۇ، ئىنساننى ئەبەدىي پەسلەشتۈرىدۇ.

— ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم»(تۈركچە نەشرى)

## سەپسەتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

سەپسەتە «ئۈچ ئەپەندى» نەنجىڭدا گومىنداڭ پارلامېنتىدا ئىشلەۋاتقان زاماندا قەپەزدىن چىققان دېيىشكە بولىدۇ. پىكىر ئاتىسى ھەرھالدا ئىسا يۈسۈپ. بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن» دېگەن ئەسلىمە كىتابىدىن ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ مۇستەقىللىق يولىدا ۋەتەندىن ئايرىلغان نۇرغۇن كىشىلەرنى «نەسىھەت قىلىپ» قايتۇرۇپ كېلىپ، خىتايلار بىلەن ياراشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. خىتايلارنىڭ بىركۈنى ئەمەس، بىر كۈنى بىزگە ئىچى ئاغرىپ، ۋەتىنىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ باشقۇرۇشىغا رازى بولىدىغانلىقىغا كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇ 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دىن بەكمۇ راھەتسىزلىك ھىس قىلىپلا

قالماي، «ئۆز قېرىنداشلىرى قىلىپ سالغان بۇ بەڭۋاشلىق» ئۈچۈن خىتاي دوستلىرى ئالدىدا بەكمۇ خىجىللىقتا قالغانلىقىنىمۇ ئانچە يوشۇرۇپ كەتمەيدۇ. بۇ نۇقتىنى ئۇ شاپىگراف بىلەن نەشىر قىلىنىدىغان ژۇرنال «تىيانشان» (تەڭرىتاغ ئەمەس) دا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ يازغان ماقالىلىرىدا، ئەينى ۋاقىتتا قىلغان شەرەپلىك مۇجادىلىسىدىن خىجىل بولغاندەك، ئۇنى خىتايلارغا يۇمشاقراق ئىزاھلاشقا ئۇرۇنۇپ، «بىز ئۇ چاغدا يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلى ئىسيان كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدۇق» دېگەنلىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. چۈنكى، مائاشىنى بېرىۋاتقان بىرسىگە «قاتتىقلىق» قىلىش ئاسانمۇ؟ «يېگەننىڭ يۈزى ئۈيۈتار» دېگەن گەپ بار ــ دە!

كىشىلەرنى «ئاپتونومىيە» سەپسەتىسىگە ئىشەندۈرۈشكە ھارماي-تالماي ئۇرۇنغان ئىسا، يەنە بىر تەرەپتىن خىتايلارنىڭ باشقا بىر مىللەتنى ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش كۆرۈشكە ھېچ ئادەتلىنەلمەيدىغان، دېموكراتىيە دېگەننى مەڭگۈ چۈشەنگىلى ئۇنىمايدىغان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنىمۇ، تالاي ئەمەلىي مىساللار بىلەن بېرىدۇ-يۇ، يەنە توختىماي، خىتايدىن «تىلەپ ئازادلىق ئېلىش»نى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۆزى ئىشەنمىگەن بىر ئىشقا باشقىلارنى ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ يولنىڭ توغرا تاللانغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىگە ئاساس قىلغان سەۋەپلىرىمۇ ئاجايىپ. خىتاي بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشۇمىزغا مەڭگۈ ئۇنىمايدۇ، شۇڭا «قەدەممۇ قەدەم مۇستەقىللىق» ئەڭ توغرا يول دەپ قارايدۇ. يەنى، ئاۋۋال ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىنىدۇ، ئاندىن «مۇستەقىللىققا يېقىن مۇختارىيات» تەلەپ قىلىنىدۇ (ياكى فىدراتسىيە)، مانا شۇنداق قىلىپ، ئاخىرىدا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىنىدۇ! بۇ نەزەرىيەچە بولغاندا خىتايلار بىزنىڭ تەلىپىمىزنى «كىچىكلا تەلەپ ئىكەنغۇ» دەپ قاراپ ماقۇل بولۇدۇ، يەنى يەڭگىل تەلەپ بولغاچقا خىتايغا ئېغىر كەلمەيدۇ (بۇنىڭ كەينىدىن نېمە تۇغۇلۇشىنى ئويلاپ كۆرەي دېمەيدۇ)؛ بۇنىڭغا بىر مەزگىل كۆنۈكتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە تېخىمۇ يۈكسەك ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىمىز، ئاۋۋالقىسى بىلەن بۇنىڭ پەرقى بەك يېقىن بولغاچقا خىتاي بۇنىڭمۇ

ئاخىرىسىنى بىلەلمىگەچكە ماقۇل دەۋېتىدۇ؛ ئۈچىنچى قەدەمدە، «مۇستەقىللىققا يېقىن مۇختارىيات سورايمىز»، خىتاي بۇنىمۇ ئاۋالقىسىغا سېلىشتۇرۇپ، پەرق بەك چوڭ بولمىغاچقا، بۇنىڭغىمۇ بوپتۇلا دەۋېتىدۇ. كېيىن بىز قولغا كەلتۈرگەن بۇ ئىمكانلار سايىسىدە ئۆزىمىزنى ئوبدان ئۇشلىۋالغاچقا، ئەمدى بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشۇمىز توسۇۋالغىلى بولمايدۇغان ئېقىمغا ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاخىرىدا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىمىز!

بۇ خىل مەست خىيالى بىلەن بېرىلىدىغان ئاشۇ پارلاق كېلىچەك مەنزىرىسى كىشىلەرگە داملىتىلىپ، ئاپتونومىيە ئالدامچىلىقى رەسمىي تۈردە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. مانا شۇنداق قىلىپ، تارىخىمىزدا تۇنجى قېتىم «ئىككى ئايرىلالماسلىق»نىڭ ھۇلى سېلىنىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ.

جاڭ جىرجوڭ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىكى ۋەزىيەت خىتايلارغا ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى، خىتايلار ئۇرۇشۇپ پايدا ئالالمايتى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئارىچى قىلىپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش شوم خىيالى تۇغۇلۇدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت ئېھتىياجى ئۈچۈن بارلىققا كەلتۈرگەن كوزۇرنى مەيداندىن چىكىندۈرۈشتە شەرمەندە چۈمپەردىسىنى تولۇق ئاچىدۇ. غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلىنىڭ خىتاي مەركىزىگە يەتكۈزگەن ئاتالمىش غۇلجا تەرەپنىڭ كۆڭلى، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى: خىتايدىن ئايرىلىش نىيىتىمىز يوق، بىزگە بارابەر مۇئامىلە قىلىنسا، .... دېگەندەكلەر بولۇدۇ. شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە كەلگىنىدە كۆكسىگە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئىزنەكلىرىنى تاقاپ كېلىشكەن ۋە «بىز شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت قىلىمىز» دەپ يۈرۈشكەن. جاڭ جىرجوڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال سوۋېت كونسۇلىغا نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۆزىنىڭ قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان» ۋەكىللىرى بىلەن سۆزلەشمەيدىغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن بىر دۆلەتنىڭ ئىچىدىكى قېرىنداشلاردەك سۆزلىشىدىغانلىقىنى يەنى تەڭسىز شەكىلدە — مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە «قوزغىلاڭ

قىلغانلارنىڭ ۋەكىلى»نى «قوبۇل قىلىدىغانلىقى»نى ئېيتىپ، غۇلجا تەرەپكە «نەسىھەت» قىلدۇرغان.

ئەسلىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشىنىشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، تامامەن ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئولتۇرۇپ قالغان ۋەكىللەر، ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدىغانلا ھالەتتە بولغاچقا، دەرھال دەبدەبە بىلەن تاقىۋالغان ئىرناكلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ياۋاشلىق بىلەن ئاپتونومىيە تەلىپىگە چۈشتى. مانا بۇ بىرىسگە تامامەن ئۆزىنى تاپشۇرۇپ قويۇشنىڭ ئاچچىق ساۋىقى! ئىككىنچى قېتىملىق «ئاپتونومىيە» تەلەپكارلىقى ئىدى.

## بۈگۈنكىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىدا كۆرسۈتۈلگەن سەۋەپلەر

بۈگۈنكىلەرنىڭ كۆرسۈتۈۋاتقان سەۋەپلىرىمۇ بىرىنچى قېتىمقىلارنىڭكى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، «خىتاي مۇستەقىللىق دېگەنگىلا بېرىپ قويمايدۇ»، دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلار دالاي لامانى مىسال بېرىپ كۆرسۈتۈدۇ. دالاينىڭ مانا شۇ يولنى تۇتۇپ قانداق پايدا ئېلىۋاتقانلىقى.

ئەمەلىيەتتە دالاي ئېلىۋاتقان پايدا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ماددىي ياردىمى بولۇپ، بۇ چەتئەلدىكى تىبەتلىكلەرنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئىمكان بېرىۋاتقاندىن باشقا، تىبەت ۋەزىيىتىدە ھېچقانداق ئىجابىي تەرەققىيات بارلىققا كەلتۈرگىنى يوق.

ئەگەر بىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ئاجىزلىقىمىز، دۈشمىنىمىزنىڭ كۈچلۈكلۈكى مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىپ ئاپتونومىيەگە چۈشۈشكە سەۋەپ بولۇدۇغان بولسا، شۇنداق سوراشقا توغرا كېلىدۇ: تارىختا قانداق بىر كۈچلۈك ئاجىزنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان؟ بىر كۈچلۈك بىلەن بىر ئاجىز ئارىسىدا بولغان تېچلىق سۆھبەتتىدىن قانچە مىسال بىلىسىز؟ سۆھبەت، جەڭ مەيدانىدىكى چىقىمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كۆپ چاغلاردا كۈچ تەڭپۇڭلۇقىدىن بارلىققا كەلگەن. يەنى مەيداندا بىر-بىرىنى يېڭەلمەي، ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا زىيان تارتىۋەرگەن، ئۇرۇش نەتىجىسىز شەكىلدە ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەندە، بىر تەرەپ بىرىنى ئارىچى قىلىپ، سۆھبەت تەلىپى قويغان.

ئەگەر بۇنداق سۆھبەتلەر جەريانىدا بىر تەرەپ تاسادىپىي كۆچلۈنۈپ كەتسە (بىرەر دۆلەتتىن ياردەمگە ئېرىشىپ ياكى بىرەر يېڭىچە قورال ياساپ چىقىلىپ) دەرھال سۆھبەتتىن چېكىنىپ، دۈشمىنىنى ئۆزى كۆزلىگەن مەنزىلگە قەدەر قىستاپ ئاپارغان. بەلكىم، بىزنىڭ ھازىرقى «ئۆگۈنۈش ئۆلگىمىز» بولۇپ قېلىۋاتقان دالاي لاما كۆرسۈتۈلەر. دالاي تەرەپ بىلەن خىتاي ئارىسىدا بولۇۋاتقان سۆھبەت بىر شەكىلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر بىر ئۈنۈملۈك ھەركەت بىلەن دەستەكلەنمىگەن تەقدىردە بۇ سۆھبەتتىن مەڭگۈ نەتىجە چىقمايدۇ! (بۇ سۆھبەت ۋە بىزنىڭكىلەرنىڭ «سۆھبەت تەقلىتچىلىكى» ھەققىدە ئالدىنقى ماقالىلەردە توختالدىم)

«كۆپ زامانلاردا ئەڭ قانلىق ئىچكىي ئۇرۇشلارنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن يۇمشاق مىجەزلىك بولغان بىر مىللەتنى پولاتقا ئايلاندۇرىدىغانلىقى؛ سىيىق پۇرىقى كۆكلەرگە قەدەر چىققان بىر تاپىنىڭ بولسا كۆپ چاغلاردا پات ـ پات داۋام قىلىنغان تېنچلىق ھالىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. [1]»

بەزىلەر «ئاپتونومىيەچىلىك»كە چاپان يېپىش مەخسىدىدە «داۋا» مېتودىنىڭ شەرھىسىنى «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» (ھېچقانداق تاشقىي كۈچنىڭ مەجبۇرلىشى بولمىغان ھالدا) دېگەندەك لېنىندىن كېلىۋاتقان كونا مۇقامنىڭ يېڭى ئىجراسى بىلەن قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. بەك ياخشى گەپ. ئاڭلىسىڭىز قايىل بولماي تۇرالمىغۇدەكلا. ئەمما ساپا تۈۋەنلىكىنىڭ خاپىلىقى بىلەن، بۇ خىل ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئىزچىللىق يوق. نەسىردىن ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى تەرەپكە «ئېزىپ» كەتكەن ئەمەسمۇ. شۇنىڭدەك، ئەگەر ئېزىپ كەتكەن تەقدىردە «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش»تىن «مۇستەقىللىق» تەرەپكە ئېزىپ كەتكۈلۈك ئەمەسمىدى؟ «ئاپتونومىيە» تەرەپكە ئېزىپ كەتسە تازىمۇ تەتۈرلۈك ئەمەسمۇ؟ نورمالدا سىياسەتتە «قۇيرۇق كۆرسۈتۈپ ئۆپكە سېتىش» بار، ئەمما «ئۆپكە كۆرسۈتۈپ

---

[1] ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم» (تۈركچە نەشرى) ـــ ئا.

قۇيرۇق سېتىش» يوق. بۇنىڭدا «قۇيرۇق»نى «ئۆپكە»نىڭ نەرقىدە ساتسا، «قاسساپ» زىيان تارتىدىغان گەپ!

## ئەسلى ھەقىقىي سەۋەپلەر

ئەسلىي ھەقىقىي سەۋەپلەرنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ. ناھايىتى چوڭ ئېھتىمال شۇكى، بۇنى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ. چۈنكى بۇ بىر پارچە چالما ھىسابىدا پايدىلىنىۋاتقانلار تەرىپىدىن سۇنۇلغان يول بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز تاللىشىمۇ ئەمەس، دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرى تاللىدى، دېيىلسە، ئۇ چاغدا مۇنداق سەۋەپلەردىن بولۇشى مۇمكىن: بۇ يولنىڭ ئاسانلىقى. جان ــ قەھرىمانلىق تەلەپ قىلمايدىغانلىقى؛ نام چىقىرىشنىڭ كۆپ ئاسانلىقى؛ بۇ چىگىش مەسىلىسىنى يېشىشكە كېتىدىغان بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتىن يوقسۇل ئەھۋالدىمۇ ئېقىۋېرىدىغانلىقى؛ سىزىپ بېرىلگەن يول بىلەنلا كېتىۋەرسە بولىدىغانلىقى؛ نېمىلا بولمىسۇن ئوتتۇرىدا بىر داۋراڭنىڭ بولۇپلا تۇرىدىغانلىقى (نەتىجىسىدىن قەتئىينەزەر)؛...

ئەگەر بۇ يولنى قوبۇل قىلمىغان تەقدىردە نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە نۆلدىن يوقۇرى ھەرقانداق بىر كەسىر ساندا ئوي-پىكىرنىڭ يوقلۇقى؛ مەلۇم ئويلىرى بار دېيىلگەندىمۇ بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇشۇنچىلىك داۋراڭ پەيدا قىلىش، ئوتتۇرىدا بوي كۆرسۈتۈشنىڭ قىيىنلىقى،... قاتارلىق سەۋەپلەردىن مانا شۇ يولنى مېنىڭسىگەن دېيىش مۇمكىن.

ئۈچىنچى تۈرلۈك سەۋەپ، تارىخىمىزدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئاپتونومىيە تەلەپكارلىقى بىلەن بىردەك بولۇپ، تامامەن باشقىلارنىڭ قۇچىقىدا بولۇشى، باشقىلارنىڭ ياردىمى ۋە خىراجىتى بىلەن مەۋجۇتلۇقى تەمىن ئېتىلىۋاتقاچقا، تەلەپنىڭ مەزمۇنى (داۋانىڭ مەزمۇنى)نىمۇ شۇ خوجايىنلار بەلگىلىگەنلىكى، داۋاچىلارنىڭ تاللاش ھوقۇقىنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت.

# «بىر كېمىدىكىلەرنىڭ تەقدىرداشلىقى»دىن تۇغۇلغان يېڭى ئېتتىپاق

يېڭى ئېتتىپاقتىكىلەر ھەقىقەتەنمۇ بۇ سەپسەتىنى مېنىڭسىگەنلەرمۇ؟ مېنىڭچە ياق. بۇلارنىڭ بەزىلىرى پۈرسەتپەرەستلەر بولۇپ، قىزغىن قوللىغۇچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ «لىدىرلار» قوشۇنىغا كىرىۋېلىشنى ئويلىغانلار. چۈنكى بۇلارنىڭ زادى قايسى ئىدىيىدىكى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىشمۇ تەس، تەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئەسلىدە بۇلار مەلۇم ئىدىيىگە ئىگە كىشىلەردىنمۇ ئەمەس.

بەزىلىرىنىڭ يادلىۋالغان بىر يۈرۈش فورمىسى بار، مانا شۇنىڭ بىلەن جان ساقلاۋاتقانلاردىن بولۇپ، بۇ يادلىۋېلىنغان ئۇقۇملارنى ئۆزى تېخى ھەزىم قىلىپ باقمىغاچقا، مۇشۇنداق بىر سەپسەتىگە رازى بولۇپ، مۇشۇنداق بىر تەشكىلاتتا داۋاملىق قالسا، بۇ يادلىۋالغان فورمىسىغا زىت كېلىش ياكى توغرا كېلىشى ھەققىدە بىر ئۇقۇمى يوق. يەنى بۇ شەخسلەر ئومۇمەن «بىر نېمىنىڭ بىر نېمىسى» دېگەن بىر ئاتاقتا «سايلىنىپ» يۈرتىنىڭ چوڭى بولدۇم دەپ ئويلايدىغان، ھاياتتىن ھاسىل قىلغان جىمىكى ئېپتىخارى شۇ بولغاچقا، بۇنداق ئاتاقتىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئۆلۈم قەدەر قورقۇنۇچلۇق ھېساپلايدىغان كىشىلەردۇر. «كۆيگەن يامانمۇ، كۆنگەنمۇ؟» دېگەندەك، بۇلار «شودۇيجاڭلىق»قا كۆنۈپ قالغان ئادەملەردۇر. شۇڭا ئۇلار قېيىق ھېلىغۇ پاتقاق شاخاپچىغا قاراپ يول ئالىدىكەن، نەق دوزاققا قاراپ يول ئالسىمۇ قېيىقتىن چۈشۈپ قالمايدىغانلار. يەنى، خۇددى بىلمەستىن قاراقچىلارنىڭ قېيىقىغا چىقىپ قالغان بىرى، قېيىقتىكىلەرنىڭ قاراقچى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا چۈشۈپ قالالمىغاندەك، ئەكسىچە قېيىق تالاپەت كۆرگۈدەك بولسا، قاراقچىلارغا ھەمكارلىشىپ، قېيىقنى ئاسراشتا كۈچ چىقارغىنىدەكلا بىر ئىش. چۈنكى قېيىقنىڭ ئامانلىقى ئۇنىڭمۇ «جان ئامانلىقى» («ئەمەلدار»لىق ئورنى)غا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغان.

يەنە بەزىلەر بۇ سەپسەتىنى توۋلاشتىن كەلگەن پۇلدىن نەسىۋىدار بولغاچقا،

باشقىسى بىلەن پەرۋايى پەلەك. «خوجىنىڭ ئېتىنى سۇغار، پۇلىنى ئال» پوزىتسىيىسى بىلەن، بۇ سەپسەتىنى مېنىڭسىگەن قىياپەتكە كىرىۋالغان جانباقارلار.

يەنە بەزىلىرى شۆھرىتى ئۈچۈن ئانىسىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ يانمايدىغان، شۆھرەت خىرسىدىن كۆزى ھېچنېمە كۆرمەس بولغان ئاۋارىلار.

يەنە بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاسترىتتىن ھەممىنى يۆنىلەندۈرۈپ تۇرىدىغان خىتاي غالچىلىرىمۇ بار، ئۇلارنىڭ بىرىنچى قەدەملىك ۋەزىپىسى، ناھايىتى ئېنىقكى، ئالدى بىلەن دۆلەت نامىدىن ۋاز كەچكۈزۈپ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنى بۇنىڭغا كۆندۈرۈش، ئۇيغۇرلارنى باشقا شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداش مىللەتلەردىن ئايرىپ، يەككىلەشتۈرۈش؛ ئاندىن مۇستەقىللىقتىن ۋاز كەچكۈزۈش ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. بۇ «قېپىق» تىكى يېڭى ئىتتىپاقنى شەكىللەندۈرگەن تەركىپلەر ئاساسلىقى مانا شۇلار.

ئىلگىرىكى يازمىشلىرىمدا مىللىي خاراكتېرىمىزدىكى ئاجىزلىقلاردىن بىرى سۈپىتىدە شۇنداق دېگەنلىكىم ئېسىمدە: «شەخسىي زىددىيەتنى مىللىي زىددىيەتتىن ئۈستۈن قويۇش، شەخسىي مەنپەئەتنى ياكى تار گورۇھنىڭ مەنپەئەتنى ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن قويۇش،...» بۈگۈن شۇنى كۆرۈۋاتىمىزكى، يېقىن ئۆتمۈشتە مۇناپىق سۈپىتىدە تۈكۈرۈلگەن بەزى كىشىلەرگىمۇ «قاش ئېتىپ»، ئۇلارنىمۇ ئىتتىپاقداشلىققا چاقىرىۋاتقانلىقى بىلىنمەكتە. بۇلاردىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، بۇ كىشىلەردە ئەقەللىي ئىنقىلاۋىي پرىنسىپمۇ يوق، ئۇنداقكەن مۇشۇلارغا ۋەتەن مىللەتنىڭ ۋەكىللىكىنى تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك بېرىلسە خىتايلاردىن ئايرىلىش نىيىتىمىز يوق» دېيىشلىرىنى مېنىڭسىسەك، سىياسىي تەقدىرىمىز نېمە بولار؟

## بۇلار مەلۇم بىر ئىدىيىگە ئىگە كىشىلەرمۇ؟

بۇلار بىر ئىدىيىگە ئىگىمۇ، دېگەننى ئېنىقلاشتىن بۇرۇن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئەڭ داڭدار سىياسىيون»لارغىلا قارىساق، بۇنىڭغا جاۋاپ تاپالايمىز.

بەزى چاپانچىلار ئۆز ۋاقتىدا ئەركىن ئالپتېكىننى شۈنچىلىك يامان كۆرۈشكەنكى، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئادىمىي شەكىلدە تىلغا ئالمايدىغان دەرىجىدە ئىدى. ئۇ زامان بۇ ئۆچمەنلىككە دەل مۇشۇ «ئىككى ئايرىلماسلىق» ئىدىيىسىنى سەۋەپ قىلىپ كۆرسۈتۈشكەن ئىدى. ئەمدىلىكتە ئوخشاش ئىدىيىنىڭ مۇداپىئە ۋەزىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققىنىغا قارىساقلا، ئۇنىڭ ئەسلىدە ئىدىيىگە ئەمەس، شەخسكە قارشى تۇرغانلىقى، «مەن باشتا بولمىسام ھەممە ئىشنى بۇزۇمەن» شەكىللىك قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكى ئاڭلىشىلماقتا.

بۇ سەپسەتىنىڭ «نەزىرىيىچىلىرى»مۇ مەيدانغا كەلگەندەك تۇرۇدۇ. ئەمدى مانا شۇ نەزەرىيىچى (تەتقىقاتچى دەۋالغىنى مەلۇم) لەرنىڭ ساۋادى، قىلىپ يۈرگەن ئىشىدىن مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرسا، مۇشۇنداق نەزەرىيىچىلەردىن تەركىپ تاپقان توپتا يەنە قانداق ئىدىيە بولار؟

يېقىن ئۆتمۈشتە «ئاپتونومىيە»چىلىكنىڭ مۇرەسسەسىز دۈشمىنى ھېساپلىنىدىغان بەزىلەرنى مىسال ئېلىشىمىز مۇمكىن:

«خارجى ئىشلار بۆلۈمى، بىخەتەرلىك باشقارمىسىنىڭ قارمىقىدىكى بىر ئورگانغۇ؟ ماھىنۇر يۈسۈپ خارجى ئىشلار بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇغۇ؟»

ئاتۇشلۇق يۈسۈپ ھەسەننىڭ ئوغلى ئەنۋەر يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئاچىسى ماھىنۇر يۈسۈپ (بۇ ئايال ئاپتونوم رايونلۇق خارجى ئىشلار ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. بۇ بۆلۈم بىخەتەرلىك باشقارمىسىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى)...

«خىتايلار چىششىغا تېگىپ قويمىسا ئۇيغۇرلار نامايىش قىلمايتى» دېگەنلىك، «چىششىغا تېگىپ قويمىسىلا ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىنى ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى» دېگەنلىك بولمامدۇ؟ ئۇنداقتا بۇ دەرىجىلىك قانائەتچان مىللەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار ئىدى؟ ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ھاياتىي مەۋجۇدلۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار توختىماي كۆرەش قىلىۋاتقان مىللەت ئىدى، دېيىلگەندە، ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنىڭ خەلقارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالدىدا قەدىر ـ قىممىتى بولاتتىغۇ، دەيمەن؟

«...خىتاي دائىرىلىرى دالاي لاما بىلەن سۆھبەت قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما، دالاي لامانىڭ مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىشىنى ئالدىنقى سىياسىي شەرت قىلغانلىقتىن ھازىرغىچە تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى ھېچقانداق رەسمىي ياكى غەيرىي رەسمىي ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇپ ئالمىدى.

«دالاي لاما...: مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى بىرقانچە قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئۇ: مېنىڭ ئىزدىنىدىغىنىم تىبەتنىڭ ھەقىقىي ھالدا ئۆزىنى- ئۆزى باشقۇرۇشى... بېيجىڭ يەنىلا تىبەتنىڭ ھەربىي، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى تىزگىنلىسە بولىدۇ، دېگەن گەپنى قىلدى.

«تىبەت تارىختا زادى خىتاي تېرىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىمۇ ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا تارىخچىلار بىر نېمە دېسۇن، مەن بۇ چوڭ دۆلەت دائىرىسىگە كىرىپ، خىتايلار بىلەن بىرگە ياشاشقا ئاللىقاچان تەييارلىق قىلىپ قويدۇم» دېدى.

«ئۆزلىرىنى دېموكرات ئاتىۋالغان خىتايلارنىڭ ماھىيىتىدىن خىتاي ــ بۇ مىللەتنىڭ ماھىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولامدۇ؟

«ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپلىرى مۇستەقىللىق، ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان ھوقۇقى مۇستەقىللىق،...

«... ئۇيغۇرلار قانۇن ئالدىدا ئىجرا قىلىنغۇچى قۇللاردۇر... بۇنداق قۇللار بىلەن ئەھدىنامە، شەتنامە تۈزۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بۇ قۇللار بىلەن سۆھبەت قۇرۇش مۇمكىن بولمىغاننىڭ سىرتىدا، يەنە ھەتتا، ئۇلارنىڭ ھەددى- ھەركەتلىرى، سۆز-ئىبارىلىرىمۇ ئېتىبارغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

«ھازىر ئۇيغۇرلار ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەت، تولۇق مەنىدىكى ئىنقىلاپ پائالىيىتى ئەمەس، بەلكى پەقەت دېموكراتىك ئەللەردە دۇنيانىڭ مىزانلىرى، نىزامنامىلىرىغا ئاساسلىنىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى...

«ئازات بولۇشقا تەشنا بولغان ئۇيغۇرلار چوقۇم قان تۆكۈش كېرەكمۇ؟ چوقۇم جان بېرىشى كېرەكمۇ؟... تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا بولامدۇ؟... »

بۇ پىرىنسىپال زىتلىق ھەممىنى ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ، دەپ ئويلايمەن.

# رەت قىلىش ئاساسلىرىمىز

چوڭ ئىشلارنى قىلىمەن دېگەن ئادەم مەرگەندەك ھەركەت قىلمىقى لازىم: ئۇ نىشاننىڭ قانچىلىك يىراقلىقىنى ۋە قولىدىكى ئوقيا كىرىچىنىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى بىلىشى لازىم. ئۇ قارىغا ئالغاندا نىشاندىن ئېگىزرەك قارىغا ئېلىشى لازىم. بۇ ئوقنى ئاشۇ ئېگىز نۇقتىغا تەككۈزۈش كېرەكلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ پەرق ئارقىلىق ئەسلىدىكى نىشانغا تەككۈزۈشنى راستىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن.

— نىككولو ماكياۋىللى [ئىتالىيە]: «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»

رەت قىلىش ئاساسلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. ئەمما ئاساسلىقى، بىزنىڭ خەلقىمىز مەڭگۈ خىتايلارغا ئىشەنمەيدۇ؛ خىتايلاردىمۇ بىز بىلەن باراۋەر بۇ زېمىندا ھاياتلىقنى داۋام قىلىش نىيىتى يوق! خىتاينىڭ نىيىتى نەسلىمىزنى قۇرۇتۇش. خەلق خاھلىمىغان ئىشنى، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا قارشى ھالدا كۆتۈرۈپ چىقىش ئۇ تەشكىلاتنىڭ خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىددىئالىرىنى رەت قىلىدۇ. خەلققە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان بىر تەشكىلاتنىڭ ئۆز قايغۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ تاللىغان يولنى قوبۇل قىلىش تامامەن خاتا. بۇ يول خەلققە يەنە بىر قېتىم پالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ!

بەلكى دېيىلىشى مۇمكىن: «بىز مۇستەقىللىقتىن ۋاز كەچمىدۇق، بۇ بىر مېتود، بۇ بىر تاكتىكا،... ئاخىرقى ھىساپتا بىزمۇ... » بىز بۇ سەپسەتىلەرنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە — «قەدەممۇ-قەدەم مۇستەقىللىق» دېگەننىڭ زادى قانداق مال ئىكەنلىكى ھەققىدە — يوقۇرىدا توختالغان ئىدۇق. بۇ تامامەن ھاماقەتلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

بۇنداق بىر يولنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن، تارىختىكى يەھۇدىيلاردەك

شەرتلەرنى هازىرلىغان بولۇشىمىز كېرەك: مىللىي روھ، مۇستەقىللىق ئىستىكى، دۆلەتچىلىك ئېڭى، ئارزۇسىدىن باشقا، كوللىكتىپچىلىق روھى («مەن»چىلىكنىڭ ئەكسى)، ئازادلىق ئۈچۈن كېرەك بولسا جىمى ئىقتىسادىنى، كېرەك بولسا جېنىنى ئايىمايدىغان ئاڭلىق كوللىكتىپ بولۇشى؛ ئىلىم-پەندە كۈچلۈك ئالىملار قوشۇنىمىز بولۇشى؛ ئۆزىمىز ياشىغان هەر دۆلەتتە ئەڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۈچ بولغان، خالىساق شۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى مۇقىم تۇتۇدۇغان، خالىساق، داۋالغۇتۇۋېتەلەيدىغان ئىقتىسادىي كۈچىمىز بولۇشى كېرەك. مانا شۇنداق ئەھۋالدىلا بىز ئۇ دۆلەتلەرنى ئۆز مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن هەركەتكە كەلتۈرەلەيمىز.

يەهۇدىيلار ئىنسانلارنىڭ ئېڭىنى قايتا شەكىللەندۈرۈپ چىقىش (ئۆز مىللىتىنى ئۈيۈشتۈرۈش، باشقا مىللەتلەردە ياردەمگە مايىل هىسداشلىق ئويغۇتۇش) ئۈچۈن ئىدىئولوگىيە قۇرۇلۇشىغا سەل قارىمىغان. پۈتۈن دۇنيادىكى مەتبۇئات (گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزىيە، كىنو،...) قاتارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپچۈلۈكىنى ئۇلار تەسىس قىلغان ياكى كېيىن تەدرىجىي قولغا كەلتۈرگەن. دىنىي ئېتىقادقا ئالاهىدە ئەهمىيەت بەرگەنكى، ئېتىقاتنى يەهۇدىيلارنى ئاخىرقى هىساپتا قوغداپ تۇرۇدۇغان قورغان دەپ تونۇغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ۋەتەنسىز ئىككى مىڭ يىللىق زامان ئىچىدە مىللىي هىسلىرىنى قەلبىنىڭ قېتىغا كۆمۈۋەتكەن بولسىمۇ هەرقاچان تىرىك تۇتتى. مانا شۇ روھ بولغاچقىلا، مانا شۇ مەنەۋىي ئىشەنچ بولغاچقىلا، بۇ ئۇزاققا سوزۇلۇدىغان مېتود ئۇنۇم بېرىدىغان دەۋرگىچە مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتماي كەلدى.

مانا شۇنداق ماددىي ۋە مەنەۋىي شەرتلەرنى هازىرلىغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلار يەنىلا قوراللىق قوشۇن تەشكىللەپ، جان پىدالىق بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىمۇ رەت قىلمىغان.

«ئاپتونومىيە» سەپسەتىسىنىڭ هەغدالىرى «قورالىڭ بارمۇ ئەپەندى؟ ئەسكىرىڭ قېنى؟» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ، ئۆز سەپسەتىسىنىڭ نەقەدەر بىمەنە سەۋىيەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئاشكارىلىدى. مەن خەلققە شۇ سوئالنى

قويماقچىمەن: بىزدە كەم بولۇۋاتقىنى قورالمۇ؟ ئەسكەرمۇ؟ بۇنى دەۋاتقانلارنىڭ قانچىلىك هاماقەتلىكىنى، نەقەدەر ساۋاتسىزلىقىنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەك.

بۇ ھەقتە شۇ قۇرلارنى ئەقىللەرگە ھاۋالە قىلىمەن: «بىر نېمىسنىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە جاسارىتىنىڭ يېڭىدىن قولغا كەلتۈرلىشى مەسىلىسى ئۆز - ئۆزىمىزگە ‹قوراللارنى قانداق ئىشلەپچىقىرىمىز؟› دېگەن سوئال بىلەن ھەل بولمايدۇ. ‹بىر مىللەتنى قورال كۆتۈرۈشكە قابىلىيەتلىك ھالغا كەلتۈرگەن روھنى قانداق يارىتىمىز؟› دەپ ئويلىشىمىز لازىم. بىر مىللەتنىڭ ئۈستىدە مۇشۇنداق بىر سالقىن ئەسكەن تەقدىردە ئەقلى مىڭ يول تاپىدۇ ۋە بۇ يوللارنىڭ ھەر بىرى ئۇ مىللەتنى بىر قورالغا ئېلىپ بارىدۇ. بىر قورققاق ئادەمگە ئون تاپانچا بېرىلسە ئۇ ئادەم بىر ھۇجۇم مەزگىلىدە بىر تالمۇ ئوق ئاتمايدۇ. بۇ قورققاقنىڭ قولىدىكى تاپانچىلار بىر جەسۇرنىڭ قولىدىكى قامچىدىنمۇ ئاز قىممەتكە ئىگە.

« بۈگۈن بىزنى جىددىي بىر قارشى چىقىشتىن مەھرۇم قىلىۋاتقان نەرسە قورال كەملىكى ئەمەس، ئىرادە كەملىكىدۇر[1]».

بۇ دېيىلگەنلەرنى ئۆز تارىخىمىزدىكى مىللىي مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئەسلەپ ئۆتسەكلا، چۈشۈنەلەيمىز ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالايمىز: سىدىقھاجى روزى «تەسلىمچىلىك» شەكلىدە مىسالغا ئالغان تۆمۈر خەلپىنىڭ سۇلھچىلىكى — ياكى تېنچلىقچىلىقى — ئۇنىڭ زاۋالىنى تېزلەتكەن ئىدى. ئەگەر ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىشنى داۋام قىلغان بولسا ئىدى، ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلەيتى. چۈنكى ئۇ زامانلاردا خىتايلار ۋەتىنىمىزنى ھەربىي ئىشغالىيەت بىلەنلا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاچقا — ئىدىئولوگىيىلىك قايتا شەكىللەندۈرۈش سۈزگۈچلىرىدىن ئۆتكۈزمىگەچكە — مىللىي روھ ساغلام، دىنىي ھىسسىيات كۈچلۈك ئىدى، بۇ دېگەنلىك، تۆمۈر خەلپە چەكسىز ئارقا سەپكە ئىگە ئىدى: ھىساپسىز زاپاس ئەسكەر ۋە خەلقنىڭ ئىقتىسادىي يۆلىشى بار ئىدى. تۆمۈر خەلپە ئەسلىدە

[1] ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم»(تۈركچە نەشرى) — ئا.

ئەسكەرمىدى؟ قورالى بارمىدى؟

ناھايىتى ئەپسۇسكى، ئۇ چاغدىكىسى ئىستىخىيىلىك قارشىلىق بولۇپ، ئېنىق سىياسىي نىشان، پىلان-پروگراممىسى بولغان تەشكىللىك ھەركەت ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئاسانلا ئالدامخالتىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

1930-يىللاردىكى ئىككىنچى قېتىم قۇمۇلدىن كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاپچۇ؟ ئۇلار ئاۋال قۇراللارنى ھازىرلىۋېلىپ ئاندىن قوزغالغانمۇ؟ ياق. ھەتتا قورال ئېتىشنى بىلىدىغانلاردىن قانچىسى باردى؟ ئەمما خەلقنىڭ قارشىلىق ئىرادىسى پارتلىغاندىن كېيىن قورالمۇ بولدى، قورال، مۇتەخەسسىس ياردىمى تەكلىپ قىلىدىغانلارمۇ چىقتى. ئەگەر ئاشۇ چاغدا سوۋېت ئارچىلىقى بىلەن سۇنۇلغان سۇلھى — تېنچلىقچىلىق رەت قىلىنغان بولسا جەزمەنكى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ياردەم تەكلىپى كېلىشى ئېھتىمال ئىدى، ئۇزاقراق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايتى. ھەتتا تەقدىرنىڭ شۇ غەلىتە چاخچىقىمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇدۇ: سابىت داموللىنى تۇتۇپ بېرىپ، مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئېرىشكەن خوجانىياز ھاجىمۇ، سابىت داموللا بىلەن ئوخشاش تۈرمىگە چۈشتى، ھەتتا ئۆلتۈرۈلۈشتە سابىت داموللىدىن ئاۋالراق ئۆلتۈرۈلدى!

40-يىللاردىكىسى، گەرچە بىر گورۇھ ئاڭلىق تەبىقىمىز ھەركەتنىڭ بېشىدا كۆرسۈتۈلۈۋاتقان بولسىمۇ، سوۋېتنىڭ قۇچىقىدىكى «بالا» ئىدى. بۇ ھەركەتتىمۇ «تېنچلىقچىلىق» ئىستىقبالىمىزنى قارايتتى، دېسەك بولىدۇ. سوۋېتنىڭ قۇچىقىدا بولۇشى ئالاھىدىلىكى بىلەن خالىمىسىمۇ سۇلھىقا كەلتۈرۈلەتتى، دېيىلسىمۇ، يەنىلا سوۋېتنىڭ ياردەملىرىدىن ئايرىلغان ئەھۋالدا، سۇلھ قىلغاندىكىدىن ئۇزاقراق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايتى. چۈنكى ئۇ چاغدىمۇ مىللىي ھىسسىياتتا كېسەل ئاز، دىنىي ھىسسىياتمۇ نىسبەتەن پاكىز بولغاچقا ئومۇمخەلقنىڭ قوللىشى بار ئىدى؛ 40 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيە بار ئىدى. شۇڭا ھېچ بولمىغاندىمۇ 4 يىل ئارتۇقراق تىركىشىپ تۇرالايتى. تېخىمۇ موھىمى، بۇ قارشىلىق، خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسىنى ئۇرۇشقا مەجبۇرلىغان ئىكەن، ئۇلار بولۇپ ئۆتكىنىدەك تېنچلىق بىلەن ئىشغال قىلماي، ئۇرۇشۇپ ئىشغال قىلالاتتى. تېنچلىق بىلەن ئىشغال قىلىش بىر ئاز

بۇرمىلاپ ئىزاھلانسا «خەلقنىڭ رايى، خاھىشى» قىلىپ كۆرسەتكىلى بولۇدۇغان بىر تۇتقا؛ ئەمما سوقۇشۇپ ئىشغال قىلىش، ھەرقانچە پەردازلاپمۇ تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋېلىش ئىكەنلىكىنى يوشۇرغىلى بولمايدىغان بىر پاكىت! بۇ بولسا بۈگۈنكى داۋا ئۈچۈن ئالتۇنغا بەرگۈسىز پاكىت بولاتتى. داۋا ئۈچۈن مائاش بېرىۋاتقانلار بىر قولدا پۇلنى تەڭلەپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدۇرۇۋاتقان «خىتايلار بىزنى بېسىۋالمىغان، قوشۇۋالغان» دېگەندەك ۋەلىكىزىنا گەپلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا چىقارغىلى بولمايدىغان بىر تارىخي پاكىت ئوتتۇرىدا بولغان بولاتتى!

يەنە بىر جەھەتتىن، ئەگەر شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆت ئېتىشقا جۈرئەت قىلىپ، قارشىلىق قىلالىغان بولسا، ۋەتىنىمىز 1949 ـ يىلى ھەرگىزمۇ ئىشغال قىلىنمايتى؛ ئەڭ تېز بولغاندىمۇ (سوۋېت ئىتتىپاقى خىتايغا بولۇشۇپ، غەرپ تەرەپتىن قىستىغان تەقدىردىمۇ) 1952ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلالايتى. ئۇ ھالدا كورىيە ئۇرۇشى ئەڭ ئېغىر باسقۇچتا كېتىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كېلەتتى. كورىيەدە خىتايغا قارشى سەپتىكىلەر ــ غەرپنىڭ كوممۇنىزىمغا قارشى كۆپ دۆلەت قوشۇنلىرى (تۈركىيە ئارمىيىسىمۇ بار) بولغاچقا، خىتاينىڭ غەرپ تەرەپتىن پاراكەندە بولۇشنى كورىيە ئۇرۇش سېپىدىكى بېسىمنى ئازايتىشقا پايدىلىق دەپ قاراش ئەقەللىي ساۋات ئىدى، بۇنداق تەييار كوزېردىن پايدىلىنىش ھەرقانداق دۆت سىياسىيونىنىڭمۇ ئەقلىدىن قاچمايدىغان ئاددىي رىجە ئىدى. غەرپ كۈچلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ، ياردەمگە قول ئۇزۇتۇپ قېلىشى ئېھتىمال بولاتتى.

ئەمدى تېنچلىقچىلاردىن شۇنداق سورىشىمىز مۇمكىن: ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرغانلارنىڭ قولىدا قورالى بارمىدى؟ بۇ ئەمەلىيەتمۇ شۇنى كۆرسىتىۋاتىدۇكى، قورال ئېلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان روھنى بارلىققا كەلتۈرۈش بىزنىڭ ئەڭ زور قىيىنچىلىقىمىز. ھەرگىزمۇ قورال ۋە ئەسكەر مەسىلىسى ئەمەس!

ئەمما بىزدە ئەقەللىي ئىدىئولوگىيە قۇرۇلۇشى يوق؛ ئىزچىل تەشۋىقات

يوق؛ چەتئەللەرنى ئارزۇمىزغا ئۇيغۇن ھەركەتلەندۈرەلەيدىغان ھېچقانداق مىللىي ساپا ھاسىل قىلمىغان تۇرۇپ، بۇنداق سىپايە يول بىلەن مەخسەتكە يېتىشنى ئويلىساق ھەقىقەتەنمۇ چۆچەكتىكى چۆپنى يېگەن بولۇمىز. شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى:

«كۆزلەنگەن نىشانغا قاراپ كەتكەن يولنى پەقەت شۇ قاتتىق ھەقىقەت(خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت) بەلگىلىشى كېرەك. ئۆزگە ياقمىغان يول بىلەن نىشانغا يېتىشتىن ئۆزىنى تارتىش، بۇ دۇنيادا كۆپ چاغلاردا نىشاندىن ۋاز كەچمەك مەنىسىگە ئىگە.» [1]

يەنە شۇنىسىمۇ بار:

«ھېچبىر زامان نورمال بىر تۇغما ئىستەك بىلەن غازلارغا قارىتا ‹ياخشى كۆڭۈل›لۈك مۇئامىلىسى قىلىدىغان تۈلكىگە ياكى چاشقانغا قارىتا مەرھەمەت ھېس قىلىدىغان بىر مۈشۈككە دۇچ كېلىنمەيدۇ.» [2]

ماكياۋېللى شۇنداق يازغان: «بىلىشىڭ كېرەككى، دۇنيادا ئىككى خىل كۈرەش شەكلى بار: بىرى قانۇندىن پايدىلىنىش؛ يەنە بىرى، قورال كۈچىدىن پايدىلىنىش. بىرىنچى خىل ئۇسۇل ئىنسانىي ئۇسۇلدۇر؛ ئىككىنچى خىل ئۇسۇل ياۋۇزلارچە ئۇسۇلدۇر. ئەمما ئالدىنقىسى كۆپ ھاللاردا ئانچە ئۈنۈملۈك بولمىغاچقا، كېيىنكىسىدىنمۇ پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.»

## خەلققە خىتاپ

مۇستەقىللىقنى ئەمەس ئاپتونومىيە دېگەندەك
چەكلىك نىشاننى كۆزلىگەنلەر ئاساسەن دېگۈدەك
باشلىنىشىدىلا مەغلۇپ بولۇدىغان سۆھبەتلەر ئارقىلىق

---

[1] ئادولف گىتلېر: «كۈرەشلىرىم» (تۈركچە نەشرى) — ئا.
[2] يوقارقى ئىنزاھقا قارالسۇن، —ئا.

تېخىمۇ بۇ نىشانغا يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەمدە ئۇ زورلۇق كۈچ ئارقىلىق تېخىمۇ ئەشەددىيراق نىشانغا يەتمەكچى بولغان ئەشەددىيلەر تەرىپىدىن تولۇقلىنىدۇ ياكى ئەشەددىيلەر ئۆلارنىڭ ئورنىغا دەسسەيدۇ.

— سەيمىل خانتىڭتون «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»

خەلقىمىز ئۆز تەقدىرى ھەققىدە بىغەملىكى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلدى. بۇ ھەقتە ئۆزىمىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرى يېقىنقى يىللاردىن بېرىلا ئىزدىنىشكە باشلىدى؛ بۇ بولسا ئۆزىمىزنى تونۇشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. ھەققىمىزدە چەتئەللىكلەرمۇ كۆپ يازغان ئىدى:

«بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كىچىككىنە مەنپەئەتىگە ياردىمى بولىدىغانلا بولسا، كىمنىڭ كېلىپ ئۆزلىرىنى باشقۇرىشى بىلەن پەرۋايى پەلەككەن. تارىختىمۇ شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق ئىكەن.[1]»

يەنە شۇنداق باھا بېرىشكەن:

«... بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان تەبىئىي ئىگىلىككە تايىنىپ، بىر خىل تېنچ ۋە توختام سۇدەك ئۆزگەرمەس تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. قاتمۇ- قات تاغلارنىڭ قورشاۋىدىن شەكىللەنگەن تەبىئىي جۇغراپىيىلىك توسۇق ئۇلارنى سىرتقى دۇنيادىن كېلىدىغان رەھىمسىز رىقابەتتىن چەتتە قالدۇرۇپتۇ. سىڭگەن نېنىغا شۈكۈر قىلىپ ياشايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلارنى ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن قارايدىغان، ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىگە ئۈنچىلىك ئۇچراپ كەتمەيدىغان قىلىپ قويۇپتۇ. گەرچە بۇ يەردە نۇرغۇن يىغىلىقلار، ئىنقىلاپلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپچۈلۈكى سىرتتىن كەلگۈچىلەرنىڭ

[1] تاچىبانا [ياپونىيە] «تاچىبانانىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى» (ئەسئەت سۇلايماننىڭ «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» ناملىق كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

ئۇيۇنى ھېساپلىناتتى. بىر ھۆكۈمرانىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرسى ئولتۇرۇش، سۇلالىلەر ئالمىشىش دېگەنلەر بىلەن يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۇنچىلىك كارى يوق ئىدى. بۇ ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇلار بىر خىل پەرۋاسىزلارچە ئىنكاس قايتۇراتتى. بۇنىڭدىن ھەرقانداق ئادەم تەبىئىي ھالدا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: بۇنداق مىللەت رىقابەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئۇلار يەرگە باغلانغان ئۇششاق دېھقان ياكى يىراقنى مۆلچەرلىيەلمەيدىغان ئېلىپساتارلار خالاس. يەر تېرىش ۋە ئۇششاق ئىپتىدائىي تىجارەتتىن باشقا، ئۇلاردىن چوڭ ئىشلارنى كۈتكىلى بولمايدۇ. ئۇلار كىچىككىنە بىر دۇنياغا قامالغان، سىرتقى ئەللەردىكى ئۆزگۈرۈشلەرنى چۈشەنمەيدۇ، قاششاق، ھاياتىي كۈچى يوق. ئۇلار پەقەت بۇ يەردىكى تار مۇھىتقا پاسسىپ ھالدا ماسلىشىپ، ئۆز روزغارىنى ئۆز يېرىدىن ئالسىلا كۇپايە. قانداقلا بولمىسۇن، كۈن كەچۈرۈش ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مىزانى، ھەرقانداق بىر ۋەقە ئۇلارنى قوزغىتالمايدۇ، ئۇلارنى سەگىتەلمەيدۇ...① »

بۇگۈنكى دەۋرگە كەلگەندىمۇ ئاشۇ بىغەملىكىمىز، ئاشۇ پەرۋاسىزلىقىمىز بىلەن ياشىساق، مىللىي تەقدىرىمىز بىلەن كارىمىز بولماي، ئۆزلىرىنى بىزنىڭ ۋەكىلىمىز دەۋالغانلارنىڭ قانداق بىر ئويۇن ئىچىدە ئىكەنلىكى، كىملەر بىلەن قانداق سودىلىشىۋاتقانلىقى، ئارزۇلىرىمىزنى نەچچە تىيىنگە سېتىۋاتقانلىقى،... بىلەن قىلچىلىك چاتىقىمىز بولمىسا، خۇددى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى دەۋرىدە بولغىنىدەك، ئاشۇ خاراموشلۇقۇمىز بۇگۈنمۇ داۋام قىلسا نەقەدەر سەت!؟

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۇرمەيۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، خەلق ۋەكىلى دەپ ئاتىلىۋېلىشىنىڭ مىللىي تەقدىرىمىزدە يارىتىدىغان يەنە بىر پاجىئەسىگە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنداق ئادەملەرگە مىللىي تەقدىرىمىزنى تامامەن تاپشۇرۇپ قويماي، ھوشيار تۇرۇش، مىللىي

① ياڭخازبەند [ئەنگلىيە] «پامىردىكى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى» (يوقارقى كىتاپتا كەلتۈرۈلگەن نەقىل) ــ ئا.

تەقدىرىمىز مەسىلىسىدە ئويغاق بولۇش ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ مەسئۇلىيىتى.

مەن خەلقىمىزگە يەنە ئۆتمۈشتىكى سىياسىيونلارنىڭ يازغانلىرى بىلەن خىتاپ قىلىمەن: «مىللىتىمىزنىڭ سىياسىي كۈچىنى قايتا قازىنىشى پەقەت بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ساغلام ۋە قۇسۇرسىز ھالغا كەلتۈرۈلىشى مەسىلىسىدىن ئىبارەتتۇر. ئەمەلىيەتتە بۇنى ھازىرلىغۇچى ھەر بىر تاشقى سىياسەت ۋە شەخسىي رولىنى قىممەتلىك ھالغا كەلتۈرۈش تەشەببۇسى كۆپ قورالغا ئىگە بولۇشنىڭ ئەسىرى بولماستىن بىر مىللەتنىڭ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان قابىلىيىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بىر مىللەتنىڭ سىستېمىلىق قابىلىيىتىنى جانسىز بىر توقاي قورالللارنىڭ توپلانمىسى ئەمەس، مىللىي مەۋجۇتلۇق ھەققىدە ئوتلۇق بىر ئىرادىنىڭ ۋە ئۆلۈمنى مەنسىتمەيدىغان قەھرىمانانە بىر جاسارەتنىڭ مەۋجۇتلىقى تەمىن ئېتىدۇ.

«ھەرقانداق بىر ھەركەت مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشمەك ئۈچۈن ئەزالىرىغا كۆرەشنى ئىككىلەمچى ۋە موھىم بولمىغان نەرسە قىلىپ كۆرسەتمەسلىكى، بۇنداق كۆندۈرمەسلىكى كېرەك.[1]»

تۇرمۇشىمىزدا شۇنداق ئاددىي بىر ساۋات بار: مال ئىگىسى قىممەتراق سورىمىسا، خېرىدار «ئىنساپ قىلىپ» ئۇنىڭ سورىغىنىدىن كۆپ تەكلىپ قىلمايدۇ. بىز مۇشۇنچىلىك ئاددىي رىجىنىمۇ بىلمەمدۇق؟

دانالارنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرنەچچە ئارىيە قىستۇرۇپ ماقالەمنى ئاخىرلاشۇراي:

جىسمانىي جەھەتتىن بۇزۇلغان، ئىرادىسى ئاجىز، قورقۇنچاقلارچە تېنچلىق تەرەپدارى بولغان بىلەرمەنلەردىن تۈزۈلگەن بىر مىللەت ھېچبىر زامان جەننەتكە بارالمايدۇ. ھەتتا بۇ دۇنيادىمۇ ئۇزۇن ھاياتىنىمۇ ساقلىيالمايدۇ.

---

[1] ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم»(تۈركچە نەشرى) ــ ئا.

دۆلەتنى ھۇجۇمدىن قوغدايدىغان نەرسىلەر قەلئەلەرنىڭ سۇ تولدۇرۇلغان خەندەكلىرى بولمايدۇ. دۆلەتنى ئەڭ ئوتلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ھەددىدىن زىيادە مىللىي ھەۋەس، تۇيغۇ ۋە ھاياجان بىلەن تولغان ئەر ـ ئاياللاردىن بارلىققا كەلگەن جانلىق تام قوغدايدۇ.

جىمجىت شەكىلدە قارشى ئېلىنغان ھۇجۇملار قانچىلىك كۆپ بولسا، يېڭىلگەن مىللەتلەر بۇ ئۇزاققا سوزۇلغان ۋە كۈنسېرى ئارتقان ھۇجۇملار نەتىجىسىدە قارشىلىق بىلدۈرسە — ئەسلىدە بۇ مىللەت تېخىمۇ ئېغىر يامانلىقلارغا سەۋر قىلىپ چىدىغان بولسا — بۇ قارشىلىق ياكى ئىسيان باشقا ئىنسانلار كۆزىدە بەك ھەققانىي كۆرۈنمەيدۇ.

قورققاقلارچە بويۇن ئېگىش بىلەن شەرەپ ۋە نومۇسقا سۈرتۈلگەن داغ ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۆچۈرۈلمەيدۇ. بىر مىللەتنىڭ قېنىغا كىرىپ، زەھەرگە ئوخشاش كېيىنكى نەسىللەرگە ئۆتۈپ ئۇلارنىڭمۇ قۇۋۋىتىنى پالەچ قىلىدۇ. ھەتتا يىلتىزىدىن يوقىتىدۇ. ئەكسىچە قەھرىمانانە بىر ئۇرۇش ئارقىسىدا ھۆررىيەتنىڭ قولدىن كېتىشىمۇ بىر مەھەل ئاسارەت ئاستىغا چۈشكەن مىللەتنىڭ قايتىدىن تىرىلىشىگە ئاساس بولىدۇ. بۇ ھۆررىيەت جانلىق بىر مېغىزدۇر ۋە بىر كۈن ئۇنىڭدىن يىلتىزى بار بىر دەرەخ تۇغۇلىدۇ.

# «داھى» ۋە تەشكىلات ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

داھىلارنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە تۇردا ئانچە مۇنچە ماقالىلار كۆرۈنۈپ قالىدىغان بولدى. خېلى يامان ئەمەس دېيىشكە بولىدىكەن. مەن ئىلگىرىكى بىر كىتابىمدا بۇ تېمىدا بىر ئاز توختالغان ئىدىم. نۆۋەتتە بۇ تېمىنىڭ قىزىققۇچىلىرى بارلىقىنى كۆرۈپ، يەنە بىرئاز بىرنەرسىلەرنى يازغۇم كەلدى.

تەشكىلات ھەققىدىمۇ خۇددى شۇنداق بىر ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەندەك قىلىدۇ. بۇلار راستىنلا قىزىققۇچىلارمىدۇ؟ ياكى ئېغىز تاتىلاپ، ئادەمنى چېكىپ باقىدىغانلارمىدۇ؟ نېمىلىكى بولمىسۇن بىر نەرسىلەرنى ئويلىغىنىكەنمەن، يەنىلا يازماي تۇرالمىدىم.

لىدېرنىڭ ھەربىر سۆز-ھەركىتى بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ ئەكس ئېتىشى بولۇپ، لىدېرنى ئۆز ھالىغا تاشلىۋېتىش، بىر تەشكىلاتنىڭ نەقەدەر مەسئۇلىيەتسىز ئىكەنلىكىنى؛ لىدېرنىڭ نەقەدەر ئۆز بېشىمچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە» دېگەندەك، لىدېرنىڭ سۆزلەيدىغان سۆزىنىڭ ئاساسىي مۇقامىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش تەرزى، كىيىم - كېچەك ــ تاشقىي قىياپىتىمۇ تەشكىلات تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى كېرەك.

داھى (ياكى لىدېر)نىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى ھەرگىزمۇ بىلىم سەۋىيىسى ئەمەس، چۈنكى بىلىم سەۋىيىسى جەھەتلىرى لىدېرلار كوللېكتىپى، مەسلىھەتچىلەر تەرىپىدىن تولۇقلانسىمۇ بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى مىجەز - خۇلقى. ئۇ دەرھال ھاياجانلىنىپ كەتمەيدىغان، ئاچچىقىنى يۇتۇشنى بىلىدىغان، ئەقىللىق ئادەملەرنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر، تەشكىللەش تالانتى بار، چىقىشقاق، پەزىلەتسىزلىكلەرنى چاندۇرمايدىغان، يەنى پەزىلەتلىك تەسىرات بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

«ئاقكۆڭۈللۈك، سېخىيلىق، ۋاپادارلىق قاتارلىق خىسلەتلەر بىر ھۆكۈمدار ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ئەمما ھۆكۈمدار باشقىلارغا ئەنە شۇ خىسلەتلەرنىڭ ئىگىسىدەك كۆرۈنۈشى كېرەك، شۇنىڭدەك ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ ياۋۇز تەبىئىتىنى قانداق نىقاپلاشنى بىلىشى كېرەك ۋە ئۇلۇغ ساختىپەز، ئۇلۇغ مەككارغا ئايلىنىشى كېرەك.

«ھۆكۈمدار يىراقنى كۆرەر بولۇشى، ۋۇجۇددا دۆلەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان ناچارلىقلار بولسا ئۇنى تۈزۈتۈشى كېرەك. ھەتتا، زۆرۈر تېپىلغاندا، دۆلەتكە نەپ كەلتۈرۈدىغان يامان تەرەپلىرىنى ئېپ قېلىشى لازىم.

«بىر ھۆكۈمدار ئىنساندىكى ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىمەن دەپ تۇرۇۋالسا بولمايدۇ. ئەمما، ئۇ كىشىلەرگە گوياكى ئاشۇ ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ كامىل ئىگىسى بولۇپ كۆرۈنەلىشى كېرەك. »[1]

قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشقا سېلىش بۇيرۇق، بېسىم ۋاستىسى بىلەن بولىدىغان ئىش ئەمەس. مانا بۇنىسى لېدىرنىڭ مىجەز-خۇلقىنى شەرت قىلىدىغان نۇقتا. ئۇ بىر پىسخولوگ بولۇشى كېرەككى، كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدا ئىشلەشنى ياقتۇرىدىغان، ئارزۇ قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ بولسا، لېدىرنىڭ كىشىلەرگە قانداق تەسىرات بېرىشى، كىشىلەردە سۆيگۈ ياكى نەپرەت ئويغۇتۇشىغا مۇناسىۋەتلىك.

«ھۆكۈمدارنىڭ سۆز - ھەركىتىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئاڭلاپ تۇرىدىغان كىشىلەر ئۇنى رەھىمدىل، ۋاپادار، ئىنسانپەرۋەر، سەمىمىي، تەقۋادار ئىكەن دېگەن تەسىراتقا كېلىشى كېرەك.

«ھۆكۈمدار دانىشمەنلەرگە تەقەززا بولۇپ تۇرۇشى، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئىشقا سېلىشى، تۈرلۈك ساھەلەردىكى ئالاھىدە كىشىلەرگە شان - شەرەپ بېرىشى كېرەك. »[2]

پەزىلەتلىك كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ئەينەكلىك رولى ناھايىتى چوڭ. بىزنىڭ كونىلاردا «ئۆلپىتىنىڭ قاغا بولسا يېيىشىڭ پوق»

---

[1] نىككولو ماكىياۋىللى [ئىتالىيە]: «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»
[2] يۇقارقى كىتاپ.

دېگەن تەمسىل بار. بۇ نورمالدا جامائەتنىڭ ئادەم باھالاش مىزانى ۋە بۇ مىزان مىڭلىغان يىللارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەچكە خەلق ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان ماقال-تەمسىللەر ئىچىدىن ئورۇن ئالغان. كىشىلەرنىڭ ئارىلاشقان ئادىمىگە قاراپ باھا بېرىش ئادىتى پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرىگىمۇ ئومۇمىي دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھەقتە يەنە شۇ ماكياۋىللى شۇنداق يازغان:

«كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ پاراستى ھەققىدىكى تۇنجى تەسىراتى، ھۆكۈمدارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى كۆزىتىشتىن كېلىدۇ. » چۈنكى ئىنسانلار ھەر خىل كىشىلەر بىلەن ئارىلاشسىمۇ، بۇ ئارىلىشىشلارنىڭ مەزگىل خاراكتېرى بولىدۇ، ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا «خىل ـــ خىلى بىلەن» بولۇشتەك مۇقىم ھالەت شەكىللىنىدۇ. «خىل ـــ خىلى بىلەن» دېگەننىڭ ئۆزىدىنلا شۇنى ھىس قىلىش مۇمكىنكى، ئارىلىشىدىغان بىر توپ ئىچىدىكى كىشىلەر مەلۇم خۇسۇسىيەت ئورتاقلىقىغا، پەزىلەت ئورتاقلىقىغا، كۆز قاراش ئورتاقلىقىغا ئىگە. ئۇ ھالدا ئوغرى بىلەن ئاغىنىدارچىلىقى بولغان بىر كىشى ھەرقانچە ئۆزىنى پەزىلەتلىك قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشسىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئوغرى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئىشەنچ قىلالمايدۇ.

كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرات قۇرۇق ۋەدىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلمەيدۇ. بۇنداق ئاغزاكى ئۆز ـ ئۆزىنى ئىسپات قىلىشلار بىرەر قېتىم كارغا كەلسىمۇ، بۇ پەقەت «ياغاچ قازان» بولۇپ قالىدۇ. ماكياۋىللىنىڭ شۇ سۆزى قارىشىمىزنى دەلىللەيدۇ: «ئۇلۇغۋار ئىش ۋە ئۆزى ئۆلگە كۆرسۈتۈشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش ھۆكۈمدارنى تېخىمۇ زور ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ. »

داھىنىڭ خاراكتېرى، ئۇنىڭ بىلىم ساپاسىدىنمۇ موھىملىقىنى ھەمىشە تەكىتلەپ كەلدۇق. بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، خاراكتېر موھىم بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ چوقۇم مۇرەككەپ قاتلاملىرى بولۇشىدا گەپ يوق. يەنى، بۇ خاراكتېر ناھايىتى مۇرەككەپ، ئادەملەر ئاسانلىقچە ئۇجۇر-بۇجۇرىنى بىلىۋالالمايدىغان بولۇشى كېرەك دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئۆزلىرى ئۇجۇر-بۇجۇرىگىچە بىلىۋالالمايدىغان نەرسىلەرگىلا سىرلىق ھالدا مەپتۇن بولىدۇ، ھېيىقىدۇ، ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەگەر بىر لىدېر، دانا مەسلىھەتچىلەرگە ئېتىۋار قىلمىسا، ھەمىشە تەنتەك ھەركەتلەر

سادىر قىلىش ئارقىسىدا، دانالار ئەمەس، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ياراتمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈدۇ. بۇ دېگەنلىك، جىمى ئادەم ئۇنىڭ قۇسۇرلىرىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ، جىمى ئادەم تۈزۈتۈش بېرىشكە باشلايدۇ. بۇ لىدىر ئۈچۈن چوڭ بىر بەختسىزلىكتۇر.

بۇ جەھەتتە بىر موھىم نۇقتا شۇكى، داھى ئىپادە بىلدۈرۈشكە ئالدىرىماسلىقى، ھەتتا بەزى ئېنىقسىز ۋەزىيەتلەردە زادىلا ئىپادە بىلدۈرمەسلىكى، كىشىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدە مەلۇم باھا شەكىللەندۈرۈشىگە ئىمكان بەرمەي، دائىما سىرلىق قېلىشى كېرەك. مەسىلەن: نورۋېگىيىدە تۇتۇلغان «ئەلقائىدەگە باغلىنىشلىق ئۇيغۇر تېرورىست» ۋەقەسىدەك ۋەقەلەر ھەققىدە يا سۈكۈت قىلىش، يا «ئۆزى توقۇغان توقۇمنى ئۆزىنىڭ بېشىغا كەيدۈرۈش» ئۇسۇلى قوللىنىش كېرەك. سىياسىدا ئۆز ئارا دۈشمەن ئىككى تەرەپ دائىم بىر ـ بىرىگە «توقام توقۇيدۇ»غان ئىش بار. ئۇستا سىياسىيونلار دۈشمەننىڭ توقۇمنى ئۆزىگە كەيدۈرۈپ قويالايدۇ. ۋاھالەنكى، «ئۇيغۇر ئەلقائىدەچى» ھەققىدە زورۇقۇپ بېرىلگەن بايانات، ئۇ قەدەر بىچارە بولغانكى، گويا بۇ تۈپەيلى «غەرپلىك دوستلار» رەنجىپ قالىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن مائاشنى توختۇتۇۋېتەرمۇ؟ دېگەن ئەندىشە تۆكۈلۈپ تۇرۇدۇغان شەكىلدە بولغان. بۇنىڭ نېمە ھاجىتى ئىدى؟

ختايلار 90-يىللاردىن كېيىن دۇنيا ۋەزىيىتىدە بارلىققا كەلگەن «يېڭى دۈشمەن» فورمىسى بولغان «ئىسلامىي تېرورىزىم»نى ئۇيغۇرلارغا باغلاپ، دۇنيانىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا ماسلاشقان ھالدا قىرغىن ئېلىپ بېرىشىنى قانۇنىيلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى مەيداندا ئېنىق تۇرغان بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ ئاندىن يەنە 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاتالمىش ئەلقائىدەنىڭ بىرگە تەرەپدارلىق قىلىش جاكاسى بىلەن بۇ نىيەت قىسمەنلىكتە خەلقارا ئىسلام تېرورىزمىغا باغلاش پىراكتىكىسى بولمىدىمۇ؟ چوقۇمكى بۇ ئابىستراكت بايانغا بىرەر ئەمەلىي ئۆرنەك بېرىش زۆرۈرىيىتى بۇنداق بىر ئويۇننى تەقەززا قىلاتتى. شۇڭا، ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوقكى، غەرپلىكلەر بۇنىڭ بىر تۈرلۈك ئىستىخبارات ئويۇنى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. پەقەت بۇنچىلىك ئويۇنلارنى بىلىدىغان قىياپەت ئىپادىلەپ، بۇ توقۇمنى

خىتايىنىڭ بېشىغا كەيدۈرۈشلا ئەڭ ئۇيغۇن جاۋاپ ئىدى!

«ھەممە ئادەم ساڭا راست گېپىنى قىلىشقا پېتىنالىغان ئىكەن، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىڭنى كۆرسىتىدۇ. »

ئەگەر ھېچكىم راست گەپ قىلىشقا پېتىنالمىسا قانداق بولىدۇ؟ بۇ دېگەنلىك ئەتراپىڭ ساختا بىلەن تولغانلىقى دېمەكتۇر. يەنى خۇشامەتچىلەر، ساختىپەزلەر بازار تاپتى دېگەنلىك بولىدۇ.

«ھۆكۈمدارلار ئېھتىياتچان بولمىسا ياكى تاللاشنى مۇۋاپىق ئېلىپ بارمىسا، خاتالىقتىن خالىي بولۇشى قىيىن گەپ بولىدۇ. چۈنكى ئوردا خۇشامەتچىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولىدۇ. كىشىلەر ئۆز ئىشىغا كەلگەندە خۇشامەتكە مەستانە ھالدا ئۆزلىرىمۇ سەزمەي ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداپ، خۇشامەت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايدۇ.

«باشقىلارنىڭ خۇشامىتىنى رەت قىلماقچى بولساڭ، خۇشامەتچىلەرگە راست گەپتىن زادىلا خاپا بولمايدىغانلىقىڭنى ھېس قىلدۇرۇشۇڭ كېرەك.

«بىراق، ھەممە ئادەم ساڭا راست گېپىنى دەۋېرىدىغان بولسا، سەن ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىدىن ئايرىلىپ قالىسەن. شۇڭا، ئاقىل ھۆكۈمدار ئەقىللىق كىشىلەرنى تاللىۋېلىپ، راست گەپ قىلىش ھوقۇقىنى شۇلارغىلا بېرىشى كېرەك.

«ھۆكۈمدار ئۇلاردىن ھەرقانداق ئىشنى سورىشى، ئۇلارنىڭ بارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئاڭلاپ بېقىشى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز ئىدىيىسى بويىچە قارار چىقىرىشى لازىم.

«ھۆكۈمدار ھەمىشە باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشى، ئۇنى باشقىلارنىڭ رايى بويىچە ئەمەس، ئۆزىنىڭ رايى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.»

لېدىرنىڭ ئېغىر ـ بېسىق بولۇشى ناھايىتى موھىم. ئۇ ئالەمچە دەرت ـ ئەلەم كەلسىمۇ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويمايدىغان، دۇنياچە شاتلىق بىلەنمۇ ھېجىيىپ كەتمەي، پەقەت مەيىن كۈلۈمسىرەپ قويىدۇغان بولۇشى كېرەك.

ئۇ ماڭغان يولدا ئۇدۇل نىشانغىلا قارىشى كېرەككى، پۇتىغا ئىلىشكەن ھەربىر چەررەندىگە خاپا بولۇپ، ئۇنى «يولۇمنى توسۇۋالدى» دەپ قاخشاپ ياكى

يولدىن نېرى قىلىمەن دەپ ۋاقىت سەرپ قىلىدىغان نەزىرى پەس بولماسلىقى، نورمال قەدىمىنى ئېلىپ كېتىۋېرىشى كېرەك. ئەگەر رەقىپ ياكى رىقابەتچىلەرگە دۇچ كەلگەندىمۇ سەمىمىي، خۇش چىراي كۆرسۈتۈپ مۇئامىلە قىلالايدىغان، ئاچچىقىنى يۇتۇشنى بىلىدىغان، نەپرىتىنى نىقاپلاشنى بىلىدىغان، بولۇشى كېرەككى، كىشىلەردە «كەڭ قوشاق» تەسىراتى قالدۇرىشى كېرەك. رەقىبىنى يوقۇتۇشقا توغرا كەلكەندىمۇ، «يوقۇتۇمەن! » دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرمەي، بۇ ئىشنى غىمىسسىدا بېجىرەلەيدىغان، بېجىرىلگەندىن كېيىنمۇ «مەن يوقاتتىم» دەپ داپ چېلىپ يۈرمەي، ئۇنىڭغا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈدىغان، ھەتتا بۇ مۇراسىمدا خۇددى ئۆزىنىڭ قەدىسانى ئۇزۇتۇپ قويۇۋاتقاندەك، تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلەپمۇ قويالايدىغان بولۇشى كېرەك.

داھىلارنىڭ نوپۇزىنى قوغداش پارتىيە (تەشكىلات) ئەزالىرىنىڭ بىر موھىم بۇرچى. ئەمما بۇ دېگەنلىك داھى ئۆزىمۇ پۇشقاقنى تۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقىۋېلىپ، ئۆز نوپۇزى ئۈچۈن ھەر ئۇچرىغانغا ئۇسۇش، ھەر كىچىك بالا بىلەنمۇ «ئاناڭ-بالاڭ» دېيىشىپ يۈرىشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. داھى پەزىلەتلىك ئىپادىلىرى بىلەن نوپۇزىنى قوغدايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىۋېلىشى، نوپۇزىنى قوغداشقا ئەمەس، نوپۇزىنىڭ تېخىمۇ بەك چۈشۈشىگە يارايدۇ. ئۇ «كەڭ قوساق» ئاتا سۈپىتى بىلەن، گويا ئاڭلىمىغاندەك ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىشى، بۇنداق ئۇششاق ئىشلارنى (شەكلەن بولسىمۇ) مەنسىتمەيدىغاندەك ئالىجاناپ كۆرۈنۈش ئىپادىلىشى، ھەر بۇلۇڭ-پۇشقاقتا دوقۇرۇپ يۈرمەسلىكى كېرەك.

كەچمىشىمىزدە مەن م. ھەز...گە ئون تۈرلۈك تەكلىپ بەرگەن ئىدىم. بۇلاردىن بىرى ھەر بىر ئەسكەر بىلەنمۇ بىۋاستە تېلېپۇنلۇشۇپ يۈرمەسلىك، بىر ئاز سىرلىق بولۇش مەزمۇنىدا ئىدى. ئەمما بۇ ئادەم «سەن ماڭا ئەقىل ئۆگۈتەمدىغان» دېگەندەك بىر خىل تەتۈرلۈك بىلەن، شۇندىن باشلاپ مەندىن باشقا ھەممە ئادەم بىلەن تېلېپۇنلىشىدىغان بولدى. تەتۈرلۈكنىڭ زىيىنىنى ئۆزى كۆردى: تۆرت بالا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆلگۈچىلەرنىڭ يېقىنلىرى (بىرىنىڭ ئىنىسىمۇ باردى) ئۇنىڭغا تېلېپۇن قىلىپ ئېغىزغا ئالغۇسىز

هاقارەتلەرنى ياغدۇرۇپتۇ. مېنىڭ دېگىنىم بويىچە بولغاندا، بۇنچە ئۇششاق بالىلار لېدىرنىڭ تېلىپۇننى بىلمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ بالدۇرلا «تىيەنئەنمىن»گە چىقىپ، «مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈشكە تەشنا بولغان مىليونلىغان خەلق»قە قول پۇلاڭلىتىشقا ئالدىراشتەك بىرمۇنچە قىلىقلىرى ئىختىيارسىز هالدا بوغدا ئابدۇللانىڭ شۇ مىسرالىرىنى ئېسىمگە سالدۇ:

بەڭگى چۈشىدە تەختىگاھتىمىش،
سۈزگۈدەكمىش قاندىن تىللانى.
ئاشۇ شەرمەندە كۆردى ئۈڭىدا
سىقىمداپ قالغان قولى هاۋانى.[1]

(بۇ ئادەم ئۆزىنى كۆرسۈتۈشكە ئالدىراپ كېتىدىغان مىجەزىنى ئۆزگەرتەلمىسە كېرەك؛ يېقىنقى زاماندىمۇ «م. ئازات دېگەن مەن بولۇمەن» دېگەن بىمەنىلىكنى قىلىپ، ئەسلى قىزىقۋاتقانلارنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇۋەتتى)

دېمەك، نوپۇز قوغداش مەسىلىسى يەنىلا داھىنىڭ پەزىلىتىگە باغلىق؛ لېدىر باشقىلارنىڭ نوپۇز قوغداش تىرىشچانلىقىنى يالغانغا چىقىرىدىغان پەزىلەتسىزلىك ئىپادىلىمەسلىكى كېرەك؛ قوغدىغۇچىلار ئۇنىڭ بىرەر يېغىرىغا چاپان يېپىپ، ئۇنى «قاراقاش» كۆرسۈتۈۋاتقان بولسا، ئۇ يېغىرىنى ئۆزى نامايان قىلماسلىقى لازىم.

ئادەملەرنىڭ كامالەتلىك بولماسلىقى نۇقتىسىدىنمۇ، لېدىر ئۆزىنى كامالەتلىك دەپ تەمەننادا بولماسلىقى، مۇتەكەببىر بولماسلىقى كېرەككى، شۇندىلا بىر گورۇپپا ئادەمنىڭ ئەقلىنى توپلاپ، يۇغۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يولىدا پايدىلىنالايدۇ.

[1] 1975 ـ يىللىرى نەشىر قىلىنغان، لىن بياۋ-كوڭزىنى تەنقىدلەش دولقۇنىغا بېغىشلانغان شېئىرلار توپلىمى «جەڭ ناخشىسى»دىن ــ ئا.

خۇددى شۇنداق، باشقىلارمۇ، ئىنسانىنىڭ مۇكەممەلسىزلىكىنى ئەقلىدە تۇتۇپ، لىدىرنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە ئەيىبى بىلەنلا ئۇنىڭدىن پەشنى قېقىپ، ئۇنى سىپستىش ھەركىتىدە بولماي، ئۇنىڭغا بىر زامان پۇرسەت بېرىش كېرەك. بولۇپمۇ پارتىيە (تەشكىلات) ئەزالىرى لىدىرنىڭ ئەيىپلىرىنى ئىمكان قەدەر كىشىلەر قوبۇل قىلالايدىغان شەكىلدە ئىزاھلاپ، ئۇنى پەدازلاپ، «ئادەم قىلىۋېلىش» تىرىشچانلىقىدا بولۇشى كېرەك. ئەمما «مال بولۇش»نىغا كۆز يەتمىگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۇنى پەدازلاش، نوپۇزىنى قوغدايمەن دەپ چاپانچىلىق قىلىش ئۇرۇنۇشلىرى، دوستانىلىق ھىساپلانمايدۇ، بەلكى خۇشامەتچىلىككە ئۆزگۈرۈپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنىسى زىيانلىق بولۇشى مۇقەررەر. بۇ ھالدا خەلقنى داۋاملىق ئالدىماسلىق، «ئاناڭنىڭ ئايغۇچىلىكى قالدىمۇ، بالام» دېگەندەك ئىش قىلىش. ئومۇمي يۈزلۈك نەزەردىن چۈشكەن لىدىرنى ھېچكىم قۇتقۇزۇۋالالمايدۇ. «ھۆكۈمدار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ياخشى قورغان خەلقنىڭ ھىمايىسىدۇر. ئەگەر خەلق سەندىن نەپرەتلەنسە قورغىنىڭ بولغان ھالەتتىمۇ، ئۇ قورغان سىنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. »[1]

لىدىر نورمال خىزمەت ۋاقتىلىرىنىڭ سىرتىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ سالاھىيتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇشى، غايىسىگە، ۋەزىپىسىگە ئۇيغۇنلۇق ساقلىشى لازىم.

ئەگەر بىرەر ئامىمۋىي زىياپەت سورۇنلىرى — توي مۇراسىمى قاتارلىقلار —غا بېرىشقا توغرا كەلسە، ئاۋال بېرىۋېلىپ، ئاخىرغىچە ئۇ يەردە تۇرۇدۇغان قىلىقنى ھەرگىز قىلماسلىقى كېرەك. ھەممە ئادەم توپلۇنۇپ بولغان مەزگىلنى پەملەپ بېرىش، بىرەر قىسقا نۇتۇق سۆزلەپ، بىرەر لوقما ئېغىز تېگىپلا سورۇندىن ئايرىلىش، تويغىچە يەپ-ئىچمەسلىك كېرەك.

كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە مېھماندارچىلىققا بېرىشتىن ساقلىنىش؛ موھىم بىرەر سەۋەپ بىلەن يوقلاش، ھال سوراش مۇمكىن، ئەمما تاماققىچە ئولتۇرماسلىق؛ بارىدىغان ئۆي ئىگىسىنىڭ جامائەت ئىچىدىكى ئاتىقى ناھايىتى موھىم. جامائەت مۇناپىق دەپ قارايدىغان (ھەتتا بۇ قاراش خاتا بولغان

[1] نىككولو ماكياۋىللى [ئىتالىيە]: «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى».

تەقدىردىمۇ) ئادەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ داستىخانغا داخىل بولۇش — «يىگەننىڭ يۈزى ئۇيۇتار» نەتىجىسى بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ھالدا بۇ ئادەمنى جامائەت ئالدىدا ئاقلايدىغان، ئىناۋەتلىك قىلىپ قويۇدۇغان خاتالار كېلىپ چىقىدۇ. ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن ئېيتقاندا، خېلى كاتتا ئەرباپقىمۇ ئۆيىگە چاقىرىپ «بىرەر تاۋاق يۈندا» ئىچىرۇۋالسىلا، ئۇ ئادەم بىلەن «تەڭتۇش» بولۇۋېلىش، دوستىغا گەپ قىلغاندەك تارتىنماي گەپ قىلىۋېرىش ئادىتىمىز ناھايىتى تېزلا نوپۇزنى مىنىمۇمغا چۈشۈرىۋېتىدۇ. شۇڭا سىرلىقلىقنى ساقلاشقا دىققەت قىلىش ناھايىتى موھىم.

بىر تەشكىلات ئىچىدىكىلەر مەسئۇلىيەت — سىياسىي غايە، كۆز قاراش،... جەھەتتە بارابەر دەرىجىدىكى سەبداش ھېساپلىنىدۇ. تەشكىلاتتىكى ئەمەللىرى خىزمەت تەقسىماتىنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ تەشكىلات ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى لىدېرنىڭ قۇللىرى دېگەنلىك ئەمەس. ئۇلار تەشكىلات ئىچىدە بىر-بىرىگە ھېساپ بېرىدۇ، ھېساپ ئالىدۇ. مانا بۇ مۇنداق ئۆزئارا ئەينەك بولۇش مۇناسىۋىتى بولمىسا لىدېر مۇستەبىتلىشىپ كېتىدۇ. لىدېر ھەربىر سۆز-ھەركىتىدە تەشكىلات تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن سىزىقتا بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، تەشكىلاتتىكىلەر ئۇنىڭدىن ھېساپ ئېلىشقا، ئۇنى چەكلەشكە ھوقۇقلۇق، ھەتتا شۇنداق قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. ئەگەر تەشكىلاتتىكىلەر مۇشۇ مەجبۇرىيىتىنى قىلالمىسا، بۇ تەشكىلاتتىكىلەر قانداقتۇر غايىسىگە سادىق، سىياسىي كىملىكى روشەن كىشىلەر ئەمەس، بەلكى «قورۇق ئۆستەڭنىڭ مىراپلىقى»غا كۆنۈپ قالغان ۋە ھاياتتىن بىردىن بىر زەۋقى، خۇشاللىقى «بىرنېمىنىڭ بىر نېمىسى» دېگەن ئاشۇ ئاتتىن ئىبارەت بولغان ئاۋارىلاردىن بولىدۇ. يەنە بىر تولۇك ئىپادە قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇ يەردە قانداقتۇر تەشكىلات دەپ بىر نېمە يوق، دېيىشكىلا بولىدۇ. چۈنكى، ئۆزىنىڭ فونكسىيەلىك رولىنى جارى قىلالمىسا، نېمىسىنى تەشكىلات دەيمىز؟

دانا لىرېد ھىچقاچان ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشنىڭ كەينىگە كىرىپ، خاتالاشقان سەبداشلىرى ھەتتا قارشى سەپكە ئۆتۈپ كەتكەن رەقىپلىرىگە بېرىلىدىغان جازانى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېلان قىلماسلىقى كېرەك. بۇنداق جازا،

تەنبىھ، ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىق ھەرقانداق ئىنساننىڭ روھىغا ئېغىر كېلىدىغان ئىشلارنى قول ئاستىدىكى ياردەمچىلىرىنىڭ ئاغزى بىلەن ئېلان قىلىش، ھەتتا ئۆزى بۇنداق سورۇنلاردىمۇ كۆرۈنمەسلىك كېرەك؛ مۇكاپاتلاش، تەقدىرلەش، ئۆستۈرۈش،... قاتارلىق كىشىلەرنى خۇش قىلىدىغان قارارلارنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېلان قىلىشقا دىققەت قىلىشى كېرەك.

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، «كۆسەي ئۇزۇن بولسا قولۇڭ كۆيمەيدۇ». گەرچە ئىنسانلار بىر ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن مەلۇم تەشكىلاتقا توپلاندۇق، بۇ يولدا جېنىمىز پىدا دېسىمۇ، ئىنسان بىلەن بىللە يارىتىلغان «نەپس» دېگەن بۇ شەيتان بولغاچقا، ئىنساندا يەنىلا ئۈستۈن بولۇش تۇيغۇسى، ماختىلىش تامايى، ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەش خاھىشى بولماي قالمايدۇ. ئۇنداقكەن، گەرچە «غايىمىز يولىدا خاتالاشسام بوينۇم قىلدا باغلاغلىق» دېگەن دەبدەبىلىك ۋەدىلەرگە قارىماي، يەنىلا جازانى توغرا قوبۇل قىلىشى ناتايىن، بۇ ھال ئۇنىڭ قەلبىدە لىدېرغا قارىتا كىن ھاسىل قىلىشى چوقۇم.

«ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ ئىش ھەركىتىدە ئۇلۇغۋارلىق، باتۇرلۇق، تەمكىنلىك ۋە ئىرادىلىك بولۇشتەك پەزىلەتلەرنى تىرىشىپ نامايەن قىلىشى، باشقۇرۇش جەھەتلەردە چىقارغان قارارلىرىدىن قەتئىي يانماسلىقى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتمەسلىكى كېرەك. ئۇ كىشىلەرگە شۇنداق تەسىرات بەرسۇنكى، ئۇلار ھۆكۈمدارنى ئالداش مۇمكىن ئەمەسكەن، دەيدىغان بولسۇن.[1]»

[1] نىككولو ماكياۋىللى: «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» — ئا.

# «...يۈزەكى مۇھاكىمە»نىڭ شەرھى ۋە مۇلاھىزىلەر

(ئەسلى ماتېرىيال ئۈچۈن كىتاپنىڭ ئاخىرىدىكى «قوشۇمچە»گە قارالسۇن)

خىتايلارنىڭ ھەققىمىزدىكى نىيىتىنى ھازىرغىچە باللارچە ساددىلىق بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقان، كوممۇنىست تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئېزىقتۇرغۇچى تەشۋىقاتى تەسىرىدە كاللىسى تۇمانلاشقان، ئەخمىقانىلىق بىلەن: «مەركىزىي ھۆكۈمەتتە چاتاق يوق، تۆۋەندىكىلەر ئاشۇرىۋېتىپ بارىدۇ...» دەپ سوڭ جياڭ[1]چە ئويلايدىغانلار ھالا مەۋجۇت. تاجاۋۇزچىلار ھەققىدىكى بۇنداق ساددا چۈشەنچىلەر كوممۇنىست تەشۋىقاتىنىڭ مەھسۇلى بولۇشىمۇ، خىتايلار تەرىپىدىن مەنپەئەتلەنگەن مۇناپىقلارنىڭ مەنپەئەتپەرەستلىك تەبىئىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇشىمۇ مۇمكىن. نېمىلىكى بولمىسۇن، بۇ ئادەملەر خىتايلار ياكى ھەرقانداق بىر باشقا تاجاۋۇزچىنىڭ زېمىن ئىگىلىرىنى تامامەن يوقۇتۇۋەتمىگۈچە ئارام تاپالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەقەللىي رېجىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمايدىغانلار بولۇپ، بۇ قەدەر ئىنسانىيەتسىزلىك ھېچقانداق ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە سىغمايدىغاندەك قىلىدۇ. بۇنداق ساددىلىق ئېڭىمىزدا مەۋجۇتلا بولىدىكەن، كەلگۈسى تەقدىرىمىزنىڭ خەتىرىنى ھەقىقىي تونۇش بارلىققا كەلمەيدۇ. شۇنداقلا خىتايلارنى ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي دۈشمەن دەپ

[1] خىتاي كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرىدىن «سۇ بويىدا» رومانىدىكى باش قەھرىمانلاردىن بىرى، — ئا.

بىلىدىغان ئاڭسىزلىق قاتلىمىمىزغىچە سىڭگەن روھى ھالەت، مىللىي ھوشيارلىق، ئاڭ ئويغاقلىقى، مىللىي سەزگۈرلۈك بولمايدۇ. بۇلار بولمايدىكەن، مىللىي ئازادلىق روھى، ھەرقانداق قۇربان بېرىشكە قارىماي ئازادلىققا ئىنتىلىش روھى بارلىققا كەلمەيدۇ. ئەسلىدە 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن كېيىن بۇ ماتېرىيال ئەمەلىي قىممىتىنى يوقاتتى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان بەدەننى تىكەنلەشتۈرۈۋېتىدىغان سەترىلەر، 5-ئىيۇل قەتلىئامى ئالدىدا ئادەتتىكى بىر ئىش بولۇپ قالدى. لېكىن يەنىلا نۇرغۇن ساددا ئادەملەر ياكى خىتايلاردىن يەنىلا شەپقەت كۈتىدىغان ھاماقەت ئادەملەر ئاز بولمىغاچقا، ئۇلار بۇ ۋەقەنىمۇ، يامان نىيەتتىكى ئۇيغۇرلار كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق قوللۇق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى دېيىشمەكتە! شۇڭا خىتاينىڭ نىيىتىنى ئۆز تىلى بىلەن ئىپادىلىگەن بۇ ماتېرىيال، ئاشۇنداقلارنى نەزەردە تۇتقاندا يەنىلا مەلۇم قىممەتكە ئىگە دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

«...يۈزەكى مۇھاكىمە»دىكى ۋاڭ جېن جاللاتنىڭ جاللاتلىق تەبىئىتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان، شۇنداقلا كوممۇنىستلارنىڭ چۈمپەردىسىنىمۇ ئېچىپ تاشلاپ، ياۋۇز ئەپت - بەشىرىسىنى كۆرسىتىدىغان سەترىلەر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ سەترىلەردىكى ئەڭ ياۋۇز فاشىستلارمۇ قىلمىغان جاللاتلىق ھەققىدە بۈگۈنكى خىتايلارنىڭ سۆيۈنۈش، ئىپتىخارلىنىش، ماختاشقا تولغان باھاسى، بۈگۈنكىلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى خىتاي جاللاتلىرىدىن ھېچقانداق پەرقىنىڭ يوقلىقىنى دەلىللەيدۇ.

«ۋاڭ جېن — جوڭخۇا مىللىتىنىڭ يۈرەكلىك قەھرىمانى.» نېمە ئۈچۈن؟

« كېچىسى تولا يىغلايدىغان بالا، گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا قورقۇپ، يىغىسىدىن توختاپ» قالىدىغان دەرىجىدىكى قانخور جاللات بولغانلىقى ئۈچۈن!

« كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ۋاڭ جېن ئارمىيىنى يېزىلارنى قورشاشقا بۇيرۇپ، ئازادلىق ئارمىيىنى ئۆلتۈرگەنلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە، تاپشۇرۇپ بەرمىسە شۇ مەھەللىدىكى ئەرلەردىن بىر ئەسكەر ئۈچۈن بەشنى ئۆلتۈرىۋېتىشكە

بۇيرۇق چۈشۈرگەن.» مۇئەللىپ بۇ قىلمىشنى ئومۇمىي مودىغا كۆرە «سەل ئاشۇرىۋەتكەن» دەپ، گويا ئۆزىنى جاللات ئەجداتلىرىغا قارىغاندا سەل ئىنسانپەرۋەردەك كۆرسۈتۈشكە تىرىشسىمۇ، ئەمما يەنە دەرھال تاجاۋۇزچى مىللەتنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا بۇ قىلمىشنى توغرا بولغان دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ: « لېكىن ئىنچىكە ئويلانغاندا بۇنىڭمۇ داۋلىسى بولۇپ، جوڭخۇانىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولغان.» دېمەك، دېمەكچى بولۇدۇكى، ئەگەر كىرەك تېپىلسا بۇ ئۇسۇلنى يەنە قوللۇنۇشقا بولۇدۇ.

« شۇ چاغدىكى دۆلەت كۈچى تۈپەيلىدىن مەركەز شىنجاڭ رايونىغا بەك كۆپ يۇمشاقلىق قىلمىدى. زوراۋانلىقتىن قالغان داغنى ئۆز ۋاقتىدا يوقىتالمىدى.» بۇ نېمە دېگەن گەپ؟ ياۋۇزلۇقنى قىلىپ- قىلىپ بولۇپ، پەپىلەپ، ئالدامچىلىق بىلەن ياغلىما گەپ قىلىپ، مەزلۇملارنىڭ قەلبىدە يوشۇرۇن ھالەتكە كۆچكەن قىساس ئوتىنى ئۆچۈرۈش، ئۆچ- ئاداۋەتنى ئۇنتۇلدۇرۇش، ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت ئۈچۈن ئۇلارغا باشقا بىر ئوبيېكت كۆرسۈتۈپ بېرىش ياكى ئۇلارنىڭ نەپرىتىنىڭ نىشانىنى بۇرىۋېتىش كېرەك ئىدى، دېمەكچى. بۇمۇ كوممۇنىستلارنىڭ دائىم ئىشلىتىپ ئادەتلەنگە ئۇسۇللىرىدىن بولۇپ، نورمالدا قىلغۇلۇق قىلىنىپ، خاتالار، ياۋۇزلۇقلاردىن ھاسىل بولغان غەزەپ قىيانى كوممۇنىستلارنىڭ سەلتەنىتىنى گۇمران قىلىشقا يۈز تۇتقان ۋەزىيەتتە، ئۇلار بىرەر ھوقۇق رىقابەتچىسىنى قۇربانلىق قىلىپ، بارلىق يامانلىق، رەزىللىكلەرنىڭ سەۋەپكارى ئۇمۇشتەك كۆرسۈتۈپ، كىشىلەردە «يامان يوقۇتۇلدى، ئەمدى ئىشلار ئىزىغا چۈشۈپ، ياخشىلىنىپ كەتسە كېرەك» دېگەندەك ئۈمىد پەيدا قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە كوممۇنىست ئۇستازلىرىدىن لېنىن شۇنداق دېگەنىدى: «جىمىكى ئەزگۈچى سىنىپىنىڭ ھەرقانداقى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىككى ئىجتىمائىي فونكسىيىگە مۇھتاج بولۇدۇ: بۇنىڭ بىرى، جاللات فونكسىيىسى؛ يەنە بىرى، پوپلۇق فونكسىيىسى. جاللات — ئېزىلگۈچىلەرنىڭ قارشىلىقىنى ۋە قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرىدۇ، پوپ ئېزىلگۈچىلەرگە تەسەللى بېرىدۇ. ئۇلارغا سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، ئازاپ- ئوقۇبەت ۋە قۇربانلىقنى ئازايتىشنىڭ كەلگۈسىدىكى مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ...

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى مۇنداق ھۆكۈمرانلىققا چىداشقا دەۋەت قىلىدۇ.»[1]

شەرقىي تۈركىستاننى «ئەزەلدىن خىتاينىڭ ئىدى» دېگەننى ئېتىراپ قىلدۇرۇشنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك مەھسۇلى شۇ بولۇدۇكى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى «خىتايلىق» («جوڭگولۇق») دەپ تونۇيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى «خىتايلىق» دەپ ئېتىراپ قىلمىغانلىقى، «بىزنىڭ ۋەتىنىمىز باشقا» دېگەنلىك بولۇدۇ. بۇ دېمەك، «ھازىر بۇ دۆلەتنى خىتايلار ئىشغالىيەت ئاستىدا تۇتۇۋاتىدۇ» دېگەندەك بىر گەپ. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، خىتايلار بىزدىن ئۆزىمىزنى خىتايلار بىلەن بىر دۆلەتكە تەۋە، بىر ۋەتەنگە تەۋە دەپ بىلىشىمىزنى كۈتىدۇ ۋە بۇنى مەجبۇرى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماي ئۇرۇنىدۇ. ھەتتا خىتايلار بۇنداق بىر تونۇشنى بىزگە ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلدۇرۇپ بولدۇق دېگەن خىياللاردىمۇ بولۇدۇ. چۈنكى يېرىم ئەسىردىن بېرىكى ئىدىئولوگىيىلىك ئىسكەنجە ــ ئاشكارا- يوشۇرۇن تەشۋىقات، مائارىپ ۋاستىلىرى بىلەن بۇنى سىڭدۇرۇپ بولغاندەكمۇ قىلاتتى. بۇ ۋەتەننىڭ بېسىۋېلىنغانلىقىغا شاھىت بولغان بىر ئەۋلادنىڭ ئۆلۈپ تۈگۈشى، خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن(خىتاينىڭ دېيىشىگە ئادەتلەنگەن فورمىسى بويىچە: «قىزىل بايراق ئاستىدا تۇغۇلۇپ، قىزىل بايراق ئاستىدا ئۆسكەن») ئەۋلاد ناھايىتى تەبىئىي ھالدا خىتاينىڭ كۈتكىنىدەك ئىدىيە بىلەن يېتىشكەن بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، خىتايلارنىڭ كۈتكەنلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى ئەۋلادى ئىچىدىمۇ خىتاي ۋەتىنىنى «ۋەتىنىمىز» دەپ تونۇشقا ئۇنىمايدىغانلارنىڭ بايقىلىشى خىتايلارنى تەئەججۈپلەندۈرىدۇ. توغرىسى چۆچۈتۈۋېتىدۇ:

« ئۇيغۇرلار جوڭگونى ئۆزىنىڭ دۆلىتى دەپ قارىمىدى. غەرپنىڭ بىر مۇخبىرى مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلغان: دۆلەت بايرىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھەركۈنى چىقىرىپ بولۇپ

---

[1] «ئىككىنچى ئىنتېرناتسونالنىڭ بەرباد بولۇشى»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، خىتايچە نەشرى، 638 - بەت.

يىغىۋېلىنغان دۆلەت بايرىقىنى ئەكىرىپ دەسسىگەن!»

تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرگىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئېڭى بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلەنگەن خىتايلار، بېسىۋېلىنغان بىر مىللەت پۇخرالىرىنىڭ، تاجاۋۇزچى دۆلەتنى «دۆلىتىم» دەپ ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەقىللىي ئادەتكىمۇ ھەيران قالىدۇ.

«شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ھەقىقىي تايىنىشقا بولۇدىغان كۈچ ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى خىتايلار ئىكەنلىكى...» بۇ قۇرلار ئالدامچى تەشۋىقاتلىرىدا دېيىلىۋاتقان بارلىق ساختا ساخاۋەتچىلىك، «ماشايىخ»لىق چۈمپەردىسىنى ئېچىپ بېرىشكە يېتىپ ئاشىدۇ. خىتايلار نورمالدا ۋەتىنىمىزنىڭ بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ؛ بۇ تۇپراقتا نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى قان بىلەن گۆشتەك بىرلىكتە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئىددىئا قىلىدۇ؛ ئۆزلىرىنىڭ بىزنى زۇلۇمدىن ئازاد قىلىپ يورۇقلۇققا چىقارغانلىقىنى ھېچ قىزارماستىن تەكىتلەپ تۇرۇدۇ. ئەمما، يوقارقى سۆزى بىلەن شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، مۇستەملىكە قىلىنغان زېمىننى قولدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، مۇستەملىكە خەلققە ھېچ ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيىسى بولۇشى كېرەك! چۈنكى تاجاۋۇزچى بىلەن ئىستىلاغا ئۇچرىغۇچى مەڭگۈ دوست ئەمەس، بەلكى ئەبەدىيلىك دۈشمەندۇر!

يەنە بۇ قۇرلاردا خىتاي ھۆكۈمرانلىرى، مۇناپىق ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن بىرىنچى قول باشلىقلىقتىن ئىبارەت ئېتى بار سېپى يوق ئالدامچى سىياسىتىنىمۇ بىز ئۈچۈن ئارتۇق كەتكەن ھېساپلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن «خىتايلارنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك پۇخرا»لىق ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن داتلايدۇ. بۇ خۇددى ھازىرقى زامان ناتسىستى دەپ تەرىپلىنىۋاتقان رۇس شوۋېنىستى ژىرنووۋسكىنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. ژىرنووۋسكى، قازاقىستاندىكى مىللىي تەڭسىزلىكنى تەتۈرسىچە تەسۋىرلەپ، قازاقىستاندا رۇسلارنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك پۇخرا ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن داتلىغان ئىدى. ئۇ قازاقلارنىڭ پاراۋان، بەختىيارلىقى، ئۆزلىرىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدىكى ئېچىنىشلىق ھاياتىنى تەسۋىرلەپ، «ئاپامدىن ‹بىزنىڭ نېمىشكە بۇنداق...؟› دەپ سورايتىم. ئاپام: ‹چۈنكى بىز قازاق ئەمەس› دەپ جاۋاپ

بىرەتتى» دەپ يازغان. بىر ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى مۇستەملىكە مىللەتنىڭ ھۆكۈمران مىللەتتىن بەختلىك، ھوقۇقلۇق بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى بۇ رەزىل ھېكايە قانچىلىك ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى ئەقلى نورمال ھەركىم ھېس قىلالايدىغان ئاددىي رىجە.

خىتاي ئەنە شۇ ئاتالمىش «شەپقەتلەرگە كۆمۈۋېتكەن ئۇيغۇرلار»دىن ئاغرىنىپ شۇنداق يازىدۇ: «ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇ بولدىكى، بۇنداق سىياسەت ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا بولغان ياخشى تەسىراتىنى كۈچەيتەلمىدى.» بۇنىڭ ئىككى تەرىپى بار: بىرى، دېمەك، ساڭا بەك شەپقەت قىلىۋەتكەندەك تۇيۇلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەن! يەنە بىرى، شەپقەتنىڭ راست بولغان تەقدىردىمۇ، كونىلاردىن كېلىۋاتقان «قەپەس ـــ ئالتۇندىن ياسالغان بولسىمۇ يەنىلا قەپەس» دېگەن تەمسىلدىكى ھەقىقەتنى چۈشەنگىلى ئۇنىمىغان خىتاي مىللىي ئەقلى!

«... ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغانلار 60% (يەرلىكلەردىن) بولۇش سىياسىتىمۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى بازارغا يۈزلىنىش ئارقىسىدا يوك بولۇپ قالدى، بولغاندىمۇ بەك خەتەرلىك يوك بولۇپ قالدى. ئۇلار مۇئەييەن بىلىم ئىگىلىدى، لېكىن خىزمەت تاپالماي نارازى بولدى.» ئىش بەرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خىتاي بولغانلىقى سەۋەبلىك، شوۋىنىستلىق خىتاي روھى ئۇيغۇرلارنى تەبىئىي چەتكە قېقىپ ئىشقا ئالمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىش تاپالماسلىقى ئۆزلىرىنىڭ شورى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى تەبىئىي مۇستەملىكە تۈزۈلمىسى ـــ تاجاۋۇزچى مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھەر يەردە قارار چىقارغۇچى ئورۇندا بولىشى سەۋەپ بولۇشتىن قاچۇرۇلىدۇ. ھەتتا خىتايلارنىڭ ئۆزلىرى مەيدانغا كەلتۈرگەن بۇ ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ۋە بۇ تەڭسىزلىكتىن تۇغۇلغان كىرىزىستىن نارازى بولۇشقا بولمايتى. يەنى خىتايلارنىڭ رەزىللىكىمۇ گۈزەللىك قاتارىدا ئۇلۇغلىنىشى كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق ھېسسى مايىللىق تۈپەيلى، خىتاي، ئىشسىز قېلىش سەۋەپلىك جەمئىيەتتىن نارازى بولۇۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنى گويا ناھەق نارازى بولۇۋاتقاندەك كۆرسىتىدۇ!

تېخىمۇ زەھەرخەندە يېرى شۇكى، بۇنداق نارازىلىق ۋە بۇ نارازىلىقتىن

تۇغۇلىدىغان مۇقەررەر قارشىلىق ــ مىللىي زىددىيەت ئۇچۇنمۇ خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ تەڭسىز سىياسەتلىرىدىن، شوۋىنىزىملىق تۇتۇمىدىن سەۋەپ ئىزدەشنى خالىماي، چارىنى، ئۇيغۇرلارنى كۆپلەپ ئوقۇتماسلىقتا كۆرۈدۇ ۋە شۇنداق كۆرسۈتۈدۇ. تەربىيە ئالغان نارازىلارنىڭ خەتەرلىكلىكىنى، نادان قالدۇرۇلغان هالدا نارازى بولسا، ئۇنىڭ ئانچە قورقۇنۇچلۇق خەۋپ بولمايدىغانلىقىنى ئىما قىلىدۇ: « تارىختا ئۆتكەن هەرقانداق بىر مالىمانچىلىق، هەرقانداق بىر تەشكىلىنىڭ مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن بىلىملىك نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قاتنىشىشىغا توغرا كەلگەن. بىر توپ ساۋاتسىزلارغا تايىنىپ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ۋاهالەنكى، شىنجاڭدىكى هازىرقى ئالىي مەكتەپلەر ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئادەملەرنى تەييارلاۋاتىدۇ.» خىتاي قاخشايدۇكى، «ئۇيغۇرلار بىلىمسىز قالدۇرۇلسا، نارازىلىقىمۇ تايىنىلىق بولاتتى. چۈنكى بىلىمسىز ئادەملەر تەشكىللىنەلمەيتى. ئەمدى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، تەڭسىز جەمىيىتىمىزنىڭ شوۋىن تۈزۈمى كاساپىتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان بۇ بىلىملىك تەبىقە، تەشكىللىك قارشىلىق قىلىشقا يارايدىغان، هەتتا مۇۋەپپىقىيەتلىك هالدا قارشىلىق هەركىتى تەشكىللىيەلەيدىغان بولۇپ قالدى، ئەمەلىيەتتە بۇنداق دۈشمەننى ئۆزىمىز تەربىيىلەپ بېرىۋاتىمىز. ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنى ئوقۇتماسلىق كېرەك ئىدى!»

مانا بۇ هەقىقىي ئىستىلاچىنىڭ نىيىتى! فاشىستىك مەپكۇرە! ناتسىستلار شۇنداق دېيىشمىگەنمىدى: « سىلاۋيانلارنى ... تەربىيىگە ئىگە قىلىش خەتەرلىك. ئۇلار 100گىچە ساناق سانىيالىسىلا بولدى... تەربىيە ئالغۇچىدىن بىرى كۆپەيسە كەلگۈسىدە دۈشمەندىن بىرى كۆپىيىدۇ...»[1]

خىتايلارنىڭ شوۋىنىستلىق ئىشتاهاسى شۇ دەرىجىدە چوڭىيىۋاتىدۇكى، شۇئانغا قەدەر ۋەتىنىمىزدە ئىجرا قىلىنىپ كېلىۋاتقان تەڭسىز قانۇنلار يېتەرلىك تۇيۇلمايۋېتىپتۇ. ئەسلىدىمۇ ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ قالغان بولسا،

[1] مارتىن بورمان (گىتلېرنىڭ پارتىيە ئىشلىرى كاتىبى) («3 ـ ئىمپېرىيىنىڭ گۈللىنىشى ۋە هالاكىتى»4 ـ كىتاپتا كەلتۈرۈلگەن نەقىل)

بىرى خىتاي بولسا، چوقۇم خىتاي ھەقلىق ھېساپلىنىدىغان بۇ ئاتالمىش قانۇن، تاجاۋۇزچى مىللەتنىڭ پۇخرالىرىدا يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتا ھۆكۈمران خاراكتېر يېتىلدۈرۈش، مىللەتچىلىك خورىكىنى ئۆستۈرۈش، ھەرگىزمۇ چۆكتۈرمەسلىك، مىللەتچىلىك روھىغا زەربە بەرمەسلىكنى ئاساس قىلىپ كېلىۋاتقان بولىشىغا قارىماي، ماقالە ئاپتورى بۇ تەڭسىزلىكنى يېتەرلىك دەپ قارىماي، خىتايلارغا بەك ئۇۋال بولغان، ئۇيغۇرلارغا بەك كەڭچىلىك قىلىۋېتىلگەندەك ئويلايدۇ. خىتايلاردىكى تىپىك مىللىي كۆزى كىچىكلىكتىن مەنبەئەلەنگەن بۇ كۆز قاراش ھەر بىر دوقمۇشتا ئىپادىلىنىپ تۇرىۋاتىسىمۇ، يۇتقۇنچىلىق تەبىئەت بۇ خىل تەڭسىزلىكنى، مىللىي زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

«قانۇن ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارغا كۈچىنى يوقاتتى — دەپ زارلايدۇ ئۇ، — ئەگەر ھەقىقىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈلىدىغان بولسا، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈرمىگە كىرىدۇ.» دېمەك، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئاتالمىش قانۇن ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ئەسلى نىيىتى دېگەنلىك بولۇپ، جۈملە بۇ تەرتىپتە بولسا ئاندىن ھەقىقىي مەخسەت ئىپادىلەنگەن بولىدۇ: «ئەگەر ھەقىقىي نىيىتىمىز بويىچە ئىش كۆرۈلىدىغان بولسا، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈرمىگە كىرىدۇ.» بۇ جۈملىلەرنى يېزىۋاتقان خىتاي، خىتايلارغا خاس بولغان چەميۈزلۈك بىلەن، دەل ئۆزلىرىنىڭ شوۋىنىستلىق سىياسىتى، تەڭسىز جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، ئادالەتسىز مۇستەملىكە قانۇنى ئۇيغۇر ياشلىرىنى جىنايەتكە قىستاۋاتقان، جىنايى ئۆسۈملۈك يېتىشتۈرۈۋاتقان يامان تۇپراق ئىكەنلىكىنى بىلمەس بولۇۋېلىپ، «يامان سۈپەتلىك ئۆتلار ئۈنۈپ كەتكەنلىكى»دىن قاخشايدۇ. ئاددىي ساۋات شۇكى، مۇۋاپىق تۇپراق بولمىسا مۇناسىپ ئۆسۈملۈكمۇ بولمايدۇ!

بۇ قۇرلاردىكى خىتايلارنىڭ يېتەرلىك ئەتىۋارلانمىغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە «ئارزۇلۇق بالا» مۇئامىلىسى كۆرۈۋاتقانلىقى ھەققىدىكى بايانلاردىن خىتايلارنىڭ نەقەدەر نومۇسسىزلىقىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ تېخى بۇ مەۋجۇت تەڭسىزلىكنى تېخىمۇ تەڭسىزلەشتۈرۈش ياۋۇز نىيىتىنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس!

«تىل ــ بىر مىللەتنىڭ جېنى. بىر مىللەتنى كۆڭۈلدىكىدەك كونترول قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ــ ئۇلارنىڭ تىلىنى ئاستا- ئاستا يوقۇتۇشتىن ئىبارەت.» ئىلگىرىكى جىلدلىرىمىزدىكى ماقالىلاردا مىللىي تىلىمىز ھەققىدە، ئۇنى قوغداش، ساقلاپ قېلىشنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقۇمىزنى ساقلاشنىڭ شەرتلىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان ئىدۇق. بۇ مەۋزۇدا مۇنازىرە قوزغاش، ھەممە كىشىنىڭ بۇ جەھەتتىكى پىكرىنى، ئەقلىنى، چارە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا تۆكۈشىنى كۈتكەن ئىدۇق. مىللەتكە كۆيۈنۈپ ھېرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن شۇنچە كۆپ بىلەرمەنلىرىمىزنىڭ بولغىنىغا قارىماي، بۇ ھەقتە ئىلمىيلىكى، ئەمەلىي مەنپەئەتى بولغان بىرەر ماقالىمۇ ئوتتۇرىغا چىقماي، بۇ تېما كونىراپ كەتكەن ئىدى. بۇ قېتىم مەزكۇر «يۈزەكى مۇھاكىمە» ئېلان قىلىنغان «ئەينەك» تور بېتىدە يەنە بىر قېتىم مۇنازىرە قوزغاشقا ئۇرۇنۇلغان بولسىمۇ، مىللىي تەقدىرگە كۆيۈنۈپ، ھەر ئىشقا دىققەت قىلىپلا تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈدىغان ۋە «پىت بازىرى»دا توختىماي «پىكىر بايان قىلىپ» تۇرۇدىغان جاناپلارنىڭ بۇ سورۇندا قارىسى كۆرۈنمىدى. (دېمەك بۇ يەردە ئانچىكى بىر نەرسىلەرنى ئۇلۇغلاپ ئونلاپ ئىنكاسلارنىڭ يېزىلىشى ئەمەلىيەتتە كىملەردۇر تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن بىر توپ ئادەم تەرىپىدىن مەلۇم بىرلىرىنى سەھنىگە چىقىرىش ئۈچۈن يېزىلىۋاتقان بۇيرۇتما «ئىنكاسلار» ئىكەنلىكىنىمۇ ئاشكارىلاپ قويىدى) ئەمدى مەزكۇر خىتاينىڭ ماقالىسى ئەندىشىلىرىمىز ۋە قاراشلىرىمىزنىڭ ئىسپاتى بولۇپ تۇرۇپتۇ.

تىل مەسىلىسىدىكى جىددىيلىك مۇستەملىكچىلىك تارىخىدا بىلىنگەن ۋە كۆپچۈلۈك تەرىپىدىن بىردەك تونۇلغان نۇقتا بولۇپ، باشقا كونا مۇستەملىكچىلەرمۇ ئۆز مۇستەملىكىلىرىدە يەرلىك تىللارنى يوقۇتۇۋېتىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشكەن ئىدى. بۇنىڭ ئىزنالىرىنى بۈگۈنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولۇدۇ: بۇ مۇستەملىكىلەر مۇستەقىللىقا ئېرىشكەن ئۇزۇن بىر قەرنەدىن كېيىنمۇ بۇ دۆلەتلەردە مۇستەملىكچىلەرنىڭ تىلى بىرىنچى ياكى ئىككىنچى تىل بولۇپ تۇرماقتا. تىلنىڭ يوقۇلۇشى بىلەن مىللىي سۈپەتنىڭ ئەڭ موھىم بىرسى يوقالغان بولۇدۇ ۋە بۇ مىللەتنىڭ مىللىي خاسلىقىنىڭ

يېرىمىدىن كۆپرەكى تۈگىگەنلىكى دەرھال ھېس قىلىنىدۇ.

ئەكسى ھالدا، تىل بىرلىكى ھېسسىيات بىرلىكى، ئېستېتىك ئۆلچەم، ھەتتا دۇنيا قاراش بىرلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ دېمەك، خىتاي تىلىنى مېڭسىگەن ئۇيغۇرلاردا خىتايلار بىلەن ھېسسىيات ئورتاقلىقى شەكىللىنىدۇ دېگەن گەپ! خىتايلارنىڭ ئەسلىدە يىرگىنىشلىك بولغان نۇرغۇن تەرەپلىرى گۈزەل كۆرۈنۈشكە، ئەلا ئالاھىدىلىك بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئىنساننىڭ مەلۇم نەرسىدىن يىرگىنىشى — ئۇ نەرسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، ئۆزىنى قوغداشقا سەۋەپ بولۇدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، مەلۇم نەرسىنىڭ گۈزەل ۋە ئەلا بولۇپ تۇيۇلۇشى — ئىنسانلارنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىۋېلىشقا ھېرىسمەن بولىدىغانلىقىنىڭ سىگنالىدۇر. خىتايچە مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ ھەتتا خىتاي يوق مۇھىتلاردىمۇ (چەتئەللەردە) خىتايىنى ئىزدەپ تېپىپ دوست تارتىشىپ يۈرىدىغانلىقى، خىتايلارنىڭ نەرسىلىرى، قىلىقلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ خالىس تەشۋىقاتچىلىقى ۋە ئادۋوكاتلىقىنى قىلىشلىرىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز. مانا بۇ تىل بىرلىكىدىن شەكىللەنگەن ھېسسىيات بىرلىكىدۇر.

خىتاي شۇنداق زارلايدۇ: «... مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن بالىلار دىنىي مەكتەپلەرگە كىرىپ دىن ئوقۇدى ۋە كونا يېزىقنى ئۆگەندى. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى خىتاي مەكتەپلىرىگە بەرمەي، بالىلارغا دىن ۋە كونا يېزىق ئۆگەتتى.» « شۇ چاغدىكى مەركىزىي كومىتېت، ‹ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئالدىدا، دىن بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ› دەپ قارىغان ئىدى. نەتىجە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. 30 يىل ئاتېئىزىم تەشۋىقاتى، ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنى جەلپ قىلىش كۈچى غايەت زور بولدى.»

ئەگەر «دۈشمەن قارشى تۇرغانلىكى نەرسىنى ھىمايە قىلىش» توغرا دېيىلسە، ئۇ ھالدا خىتاينىڭ زارلاشلىرىدىن نېمىنى ھىمايە قىلىپ نېمىگە قارشى تۇرۇشىمىز ئېنىق بولۇدۇ. ئەمما، بىزنىڭ نۇرغۇن «غەرپلەشكەن، ئۇقۇمۇشلۇق»لىرىمىز دىندىنمۇ، كونا يېزىقىمىزدىنمۇ بىزارلىق تۇيغۇسىدا بولۇشماقتا. خىتايلارنىڭ دىنىمىز ۋە يېزىقىمىز ھەققىدىكى ئۆيلىغانلىرىنى

ئۇقۇپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا تۇتۇملىرىنى ئۆزگەرتمىسە بۇ «ئېڭى ئالغا كەتكەن ئىلغار» تەبىقىمىز ھەققىدە نېمە ئويلىساق توغرا بولۇدۇ؟ يېزىقىمىز ھەققىدە خىتاي يەنە شۇ قۇرلارنى يازىدۇ:

«تېخىمۇ ئەخمەقلىق شۇ بولدىكى، 1982- يىلى 13 - سىنتەبىردە ئاپتونوم رايون قانۇن چىقىرىش شەكلى بىلەن ئۇيغۇرچە، قازاقچە كونا يېزىقنى قوللۇنۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى جاكارلىدى. ... شۇنىڭ بىلەن ماۋزېدوڭ دەۋرىدە باشلانغان يېزىق ئىسلاھاتى ــ شىنجاڭلىقلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنىڭ ئەڭ موھىم ھالقىسى نابۇت قىلىندى!»

«مۇشۇنداق مەجبۇرىي يولغا قويۇلغان يېزىق ئىسلاھاتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئەنئەنىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولمايدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلار ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى تونۇمايدىغان، كونا يېزىقتىكى تارىخىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيالمايدىغان، كونا يېزىق بىلىدىغان چوڭلار يېڭى يېزىقنى بىلمەيدىغان بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈزۈك ھالەت كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ، خىتايلىشىش بارغانسېرى ئومۇملاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كونا يېزىقى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئەنئەنىسىنى خاتىرىلەيدىغان ئەڭ موھىم ۋاستە، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئاشۇ سىياسەت داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش كۆپ ئاسان بولغان بولاتتى. شۇ جاغدىكى خىتاي بېكىنمىچىلىك ئىچىدە تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. خەلقارادىكى بېسىم نەزەرگە ئېلىنمىسىمۇ بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە خەلقارا بېسىم ئالدىدا ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇمىز. يېزىقنى ئىسلاھ قىلىدىغان بۇنداق ئىشنى ئەمدى قىلغىلى بولمايدۇ.»

چەتئەللەردە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ زۇۋانى ھېساپلىنىدىغان توربەتلىرى بار. بۇلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ دەل خىتايلار ئارزۇلىغان «يېڭى يېزىق»نى ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنى مىللىي داۋانىڭ ھەغداسى دەۋالغىنىغا قارىماي، يېزىقىمىزدىن ئىبارەت

مىللىي بەلگىمىزنى تاشلىۋېتىۋاتقانلىقىنى ئېچىنىش ئىچىدە كۆرۈمىز. بۇ داۋاچىلارنىڭ سەمىمىيتى قانچىلىك ئىشەنچلىكتۇر؟

خىتايلار ئاشۇ زاماندىكى ئالدىنقى ئەۋلاد خىتاي ھۆكۈمرانلىرى يولغا قويغان ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىگە ھەۋەسلىنىدۇ. ئەمدى بۇنداق بىر يېزىق ئۆزگەرتىش تەكرارلانسا، نىيەت ھەددىدىن زىيادە چېنىپ قالغاندىن باشقا، « بۈگۈنكى كۈندە خەلقارا بېسىم ئالدىدا ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىمىز. يېزىقنى ئىسلاھ قىلىدىغان بۇنداق ئىشنى ئەمدى قىلغىلى بولمايدۇ.» دەپ زارلايدۇ.

بەلكىم دەل شۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەللەردىكى ئايغاقچى كۈچلەر، «خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك» ئۇيغۇر يېزىقى قوللانماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، «ئۆتكۈر قىرلارنى يۇمشۇتۇش سىنىقى» ئېلىپ بېرىۋاتقان بولىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن ئاستا- ئاستا ئادەتلەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتسا كېرەك. ئاندىن گويا «ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى شۇنى خالىغان»دەك ۋەزىيەت يارىتىپ، خىتايلارنىڭ خەلقارا بېسىمغا ئۇچرىماستىن يەنە بىر قېتىم يېزىق ئۆزگەرتىشكە زېمىن يارىتىۋاتقان بولىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇنداق ئەمەس دېيىلسە، ئەمىسە نېمىشكە؟ نېمىشكە ئۇيغۇر يېزىقى ئىشلىتىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇدۇ؟

ئۇيغۇر مۇناپىقلار شۇ قۇرلاردىن نېمىلەرنى چۈشۈنەر؟ « ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ 1- قولى ئۇيغۇردىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىش، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستانچى كۈچلەرنىڭ غالجىرلاشقان ھەيۋىسىگە مەدەت بولدى. تارىختا شىنجاڭدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك نۇرغۇن ئۇيغۇر كادىرلار شەرقىي تۈركىستان پائالىيىتىگە قاتناشقان ياكى شەرقىي تۈركىستانچىلارنى ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن قوللىغان.» شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش مىللىي باشلىقلار نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە، مىللىي غورۇر تۇيغۇسى، ئىنسانىي تۇيغۇسى تامامەن يوقلۇقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن تاللىنىدىغان ۋە تاللانغاندىن كېيىنمۇ ھېچقانداق ئەمەلىي ھوقۇق بېرىلمەي قورچاق قىلىپ قويۇلۇدىغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ غالچىسى بولغان ئاشۇ مۇناپىقلارغىمۇ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭمۇ مەلۇم تارىخىي باسقۇچتا يەنە ئەسلىگە قارتىپ، شەرقىي تۈركىستانچىلارغا يان بېسىپ

قىلىشى مۇمكىنلىكىنى، ھەتتا بۇنىڭ تارىختا نۇرغۇن مىساللىرى بولغانلىقىنى يازىدۇ! بۇ دېگەنلىك، بىر ئۇيغۇر قانچىلىك غالچىلىق قىلىپ كەتسىمۇ، مىللىيلىكىدىن تانسىمۇ، ھەممىنى ئۇنۇتقان بىر يالاقچىغا ئايلانغان تەقدىردىمۇ خىتايلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ!

«مىللەت باشقا بولغانىكەن، نىيىتىمۇ باشقا بولىدۇ.» خىتايلار بۇ قانۇنىيەتنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا تەبىئىي قانۇنىيەتكە قارشى ھالدا «ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» ئۇرۇنۇشىدىن يانمايدۇ. بۇ خىل ئىچكىي قانۇنىيەتكە خىلاپ كېلىدىغان ئۇرۇنۇش ناھايىتى تەبىئىيكى، ئىختىيارلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. زورلۇق كۈچ تەلەپ قىلىدۇ. زورلۇق كۈچنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ خىتايلار بۇنىڭغىمۇ ئۆزلىرى جاۋاپ بېرىپ كەلگەن ئىدى: «زۇلۇم بار يەردە قارشىلىق بولىدۇ!» ئەمما خىتايلار يەنە تەتۈرلۈك بىلەن، بىزنىڭ قارشىلىقلىرىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ زۇلۇمى زېمىنىدە ئۈنگەن دېگىلى ئۇنىمايدۇ. مانا بۇ خىتاي مىللىي خاسلىقىدۇر.

«يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تايىنىپ، يەرلىك مىللەتلەرنى يۆلەپ ۋە پارچىلاپ، خىتايلاردىن ئايرىلالمايدىغان قىلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.» بۇنىڭ كونكرېت شەكلى قانداق؟ «ئۇيغۇرلارنى تۇڭگان، موڭغۇل، قازاقلار ئارقىلىق تىزگىنلەش كېرەك.»

بۇ يەردە خىتاي يەرلىك مىللەتلەرگە ياخشىچاق بولۇش سىياسىتى ئارقىلىق بۇ زېمىننى تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، يات بىر مىللەت باشقا بىر مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنە شۇنداق پارچىلاش ئارقىلىق، بىر ئاساسىي مىللەتنى يىتىم قالدۇرۇش، باشقا ئاز سانلىقلارنى بىر ئاز يۆلەش شەكلى بىلەن، نەپرەتنىڭ نىشانىنى بۇرىۋېتىش ۋە كۈچىنى پارچىلىۋېتىش مېتودىنى قوللۇنۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە، قەدىمدىن كېلىۋاتقان كونا مېتودنىڭ يېڭىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلىشىدۇر.

ئىككىنچى ئۇسۇل، « كۆپلەپ كۆچمەن يۆتكەپ كېلىپ، خىتاي مىللىتىنىڭ نوپۇسىنى نوپۇسنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە يەرلىك مىللەتلەرنى تەدرىجىي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ بولۇش لازىم.»

بۇمۇ يېڭى كەشپىيات ئەمەس. غەرپ مۇستەملىكىچىلىرى بۇ ئۇسۇلنى ئومۇملاشتۇرالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، مۇستەملىكىلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى (ئامېرىكا قىتئەسى، ئوكيانىيە خارىج). ئەمما خىتايلار بۇ ئۇسۇلنى مۇۋەپپىقىيەتلىك قوللىنىپ، ئىلگىرى مانجۇلارنىڭ ۋەتىنىنى تامامەن خەرىتىدىن ئۆچۈرىۋەتكەن ئىدى: «بۈنى ئەمەلىيەتتە جاڭ زولىن شەرقىي شىمالدا قوللانغان ـــ شەندوڭ قاتارلىق جايلاردىن شەرقىي شىمالغا ھەركۈنى نەچچە يۈزلىگەن ئادەم يۆتكىگەن. بۇ ـــ يېقىنقى زاماندا شەرقىي شىمالنىڭ بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكىدىكى ئەڭ ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك.»

بىزمۇ مانجۇلاردەك خىتاي كەلكۈنى ئاستىدا قېلىپ تۈگەپ كېتىمىزمۇ؟

ياق! بىزنىڭ ئەھۋالىمىز مانجۇلاردىن پەرقلىق. بىرىنچىدىن بىز مۇسۇلمان. دىنىي پەرقىمىز خىتايلارنى بۇ نىيەتلىرىگە يېتىشتە ئۇزاققىچە توسۇپ تۇرالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئېتىقادىمىزدا مەھكەم بولۇشۇمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، بىز بىلەن خىتايلار بىر كۇلتۇر تۈپىغا، بىر تىل سىستېمىغا تەۋە خەلقلەردىن ئەمەس! بۇنىڭ ئۈچۈن خىتايلار بىلەن بولغان كۇلتۇر پەرقىمىزنى، تىلىمىزنى جان- جەھلىمىز بىلەن قوغدىشىمىزغا توغرا كېلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

ئاھالە كۆچۈرۈش ئىشى تەبىئىي توسالغۇغا دۇچ كېلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا يەر بىپايان، ئەمما سۇ قىس. يېتەرلىك ساندا خىتاي كۆچۈرەلمىسە قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭمۇ چارىسى بار: «باشقىچە ئاھالە كۆچۈرۈش شەكلىنى قوللىنىشىمىزغا، يەنى ئىچكىرى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان شىنجاڭلىقلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قالدۇرۇپ، 2- ئەۋلادىنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلغىلى، ھەم ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا يېڭى كۈچ سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولۇشىغا ئىشەنچ بىلەن قاراشقا توغرا كېلىدۇ.» يەنى، خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرگىلى بولماي قالسا، ئۇيغۇرلارنى خىتاي يۇرتلىرىغا كۆچۈرۈش كېرەك!

ئەمما بۇنىڭدا دېيىلگەن ئۇيغۇرلارنى خىتايغا كۆچۈرۈش نىشانى تېخىمۇ دەھشەتلىك تۇرۇپ، تېخىمۇ زەھەرخەندە شەكىلدە، خىتايلارغا نىسبەتەن

ئېيتقاندا، تېخىمۇ بەك پايدا كەلتۈرىدىغان ــ قوش پايدىلىق شەكىلدە ئىجرائاتقا قويۇلۇۋاتىدۇ:

ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خىتايغا مەجبۇرى ئېلىپ كېتىلىپ، ئەرزان باھالىق ھازىرقى زامان قۇللار سىنىپىنى شەكىللەندۈرۈشى، خىتايلارنىڭ يالغۇز بالا سىياسىتى تۈپەيلى پەقەتلا ئوغۇلبالا تېپىشنىلا نىشان قىلغان خىتاي ئائىلىلىرىنىڭ ئېپتىدائىي، فېئوداللىق ئاڭ فورمىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەر ـ ئايال نوپۇسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق ــ خىتاي جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن ئاياللار نوپۇسىنىڭ كەملەپ كېتىش كىرىزىسىنى مەلۇم دەرىجىدە يېنىكلىتىش نىشانىغا يەتمەكچى ۋە بىزنىڭ كەلگۈسى نوپۇسىمىزنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئانىلارنى تۈگەتمەكچى بولۇشتەك قوش پايدىغا ئېرىشىۋاتىدۇ!

«چاشقانغا قىيىن، مۈشۈككە ئويۇن» دېگەندەك، بىرياقتا «ئېنىدىنمۇ، گېزىدىنمۇ كېتىش»؛ يەنە بىر تەرەپتە «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش».

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خىتايلاردا يەنە بىر ئەندىشىمۇ بار (ۋاي، بۇ خەقنىڭكىنى مېنىڭ دېۋالماقنىڭ تەسلىكى!): تاجاۋۇزچى كۆچمەنلەرنىڭ ھەر پۇرسەتتە ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىش مەسىلىسى. تاجاۋۇزچىلار، ئىستىلا خاراكتېرىدىكى كۆچمەنلىرىنى ۋەتىنىمىزگە يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنلىكى شۇملۇقنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، خىتايلار بۇ يات ئەلدە ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ماكانلىشىپ قېلىشنى خالاپ كەتمەيدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەر پۇرسەتتە ۋەتىنىگە كېتىشنىڭ كويىدا.

ماقالە ئاپتورى كېيىنكى يىگىرمە يىلدا 200 مىڭ خىتاي كۆچمەننىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇنىڭ قورقۇنۇچلۇق تەرەپلىرى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزىدۇ. بۇ يەردە ئۇ يوقۇرىدا كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان «خىتايلارغا بەك ئۇۋال بولۇپ، ‹ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇخرا› سالاھىيىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقى»دەك شەرمەندە يالغاننىڭ كۆتى ئېچىلىپ قالغىنىغىمۇ قارىماي، شۇنداق زارلايدۇ: « كېتىپ قالغان بۇ ئادەملەر ھۆكۈمران تەبىقە تايىنىدىغان ئوبيېكتلار ئىدى.» دېمەك، ۋەتىنىمىزدىكى ئىستىلاچى خاراكتېرى ئالغان كۆچمەن نوپۇس بۇ يەردە « ھۆكۈمران تەبىقە تايىنىدىغان ئوبيېكتلار» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ گۇماشتىلىرى «ئىككىنچى دەرىجىلىك

پۇخرا» بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كىچىك بالىمۇ بىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، خىتاينىڭ ئاۋالقى سەھىپىلەردە بازارغا سالغان دەۋالىرى يالغانغا چىقىدۇ. بۇ كېيىنكى قۇرلاردا تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ: « بۇنداق كېتىپ قېلىش ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ كۈچىنى بىۋاستە ئاجىزلاشتۇردى.»

خىتاي بۇنداق كېتىپ قېلىشنىڭ يامان ئۈلگىسى، ئارقىدىن داۋاملىق كېتىپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدۇ. بۇنداق ئاھالە كېتىپ قېلىشى، ئەمەلىيەتتە مۇستەملىكىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇش ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا، ئاتالمىش بازارغا سېلىنىۋاتقان «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشكە ئىختىساس ئىگىلىرى كېلىۋاتقانلىقى» ئالدامچىلىقىنىمۇ ئۆزى ئېچىپ تاشلايدۇ. يەنى، ئۇ كېتىپ قالغانلارنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرى بولىشى ئانچە قورقۇنۇچلۇق ئەمەس، قورقۇنۇچلۇقى ئادەتتىكى خىتاي پۇخرالىرى دېگەننى ئېتىراپ قىلىدۇ: «ھازىر زىيالىي ۋە تېخنىكلاردىن ئىبارەت ئىختىساس ئىگىلىرى ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئانچە قورقۇنۇچلۇق ئەمەس. قورقۇنۇچلۇقى شۇكى، كوسوۋودىكى سېربلار كەڭ كۆلەمدە يوگسلاۋىيىنىڭ ئىچكىي رايونلىرىغا كۆچكەندەك، ئادەتتىكى خىتاي پۇخرالار كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىسىگە قايتسا، جوڭگودىكى يامان ئىش بولۇدۇ، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئايرىلىپ قېلىشىدەك بىشارەت بولۇدۇ»

نېمە ئۈچۈن ئادەتتىكى خىتاي پۇخرالىرى شۇنچىلىك موھىم؟ مۇستەملىكىنى ئادەتتىكى خىتاي پۇخرالىرى تۇتۇپ تۇرامدۇ؟ ياكى ھەر خىل نام ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى خىتاي ئارمىيىسىمۇ؟ ئەسلى چۈشىنىشكە تېگىشلىك مەسىلە بۇ.

پۇخراسى يوق ئارمىيە يېتىم ئارمىيە بولۇپ، بۇنداق ئارمىيەنىڭ چوقۇم يۈرىكى پوك- پوك بولۇدۇ. يۈرىكىنىڭ پوك- پوك بولىشى جەڭگىۋارلىقىنىڭ سۇنىشى دېمەكتۇر. ئەڭ ئاددىي بىر تەسەۋۋۇر بىلەن بۇنى شۇنداق ئىسپاتلاش مۇمكىن: بىر ئەسكەر يارىلانسا ۋە دېھقانىنىڭ ئېتىزىغا يىقىلىپ قالغان بولسا، دېھقان ئۇنى دۈشمەنگە كۆرسەتمەي سامانىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويسا، بۇنىڭدىن ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكسېپىدىن ئىبارەت پولات قورغان ھاسىل

بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەسكەرنىڭ دېھقان ياكى ئىشچىدىن پۇخراسى يوق بولسىچۇ؟ دېھقان ئۇنىڭ ئەمەس، «دۈشمەن»نىڭ دېھقىنى بولسىچۇ؟ تەبىئىيكى ئۇنى يوشۇرۇپ قويمايلا قالماي، ئۇنىڭ ياردارلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ كۆكسىگە ئارا تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. بۇ بىر ئەسكەر ئۈچۈن نەقەدەر قورقۇنۇچلۇق؟

دەل مۇشۇنداق پىسخىك ئاساسنى تەتقىق قىلغان كىشىلىرىمىزدىن «ئىزچىمەن» ئەپەندى «يا مۇستەقىللىق، يا ئۆلۈم» كىتابىدا خىتايلارنىڭ ئارمىيىسى بىلەن ئەمەس (بىزنىڭ بۇنداق ئىمكانلىرىمىز بولماسلىقىدەك ئەمەلىيەتكە كۆرە)، خىتاي پۇخرالىرى بىلەن ھەپىلىشىش، ئۇلارنىڭ ئىچىگە ۋەھىمە تېرىپ، ئۇلارنى قاچۇرۇش، بۇ ئارقىلىق تاجاۋۇزچى ئارمىيىنى يېتىم قالدۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

ئەمدى خىتاينىڭ «ئىنسانلىق سۈپەتلىرى»نى دەلىللەيدىغان قۇرلارغا قارايلى: «تېرورلۇق ھەركەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. تېرورچىلار بايقىلىپ تەكشۈرۈلۈپ چىقىلغان ھامان قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆلتۈرۈش، خەلقارادىكى ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارىلىشىشىنى ھەرگىز نەزەرگە ئالماسلىق لازىم.» مانا بۇ خىتايلارنىڭ ياۋۇز ئەپتى ـ بەشىرىسى!

بىر چاغلاردا ــ خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا ھەركۈن دېگۈدەك غەرپ جاھانگىرلىكى ۋە «سوتسيال جاھانگىرلىك»نى سۆكۈدىغان چاغلاردا ــ 3- دۇنيا ئەللىرىدىكى خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىق ھەركەتلىرى ھەققىدە «دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولىشى، مىللەتلەرنىڭ ئازاد بولىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىمغا (ياكى بەزىدە ــ پولات ئېقىمغا) ئايلاندى» دەپ كاپىشىيدىغان كوممۇنىستلار بىزنىڭمۇ مۇستەقىل بولۇش ھەققىمىزنىڭ بارلىقىنى، مىللەت بولۇش سۈپىتىدە بىزنىڭمۇ باشقا بىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى رەت قىلىش ھەققىمىزنىڭ بولۇشىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن، ئەجەبا؟ بىزگە كەلگەندە «ئازاتلىققا ئىنتىلگەن گۇناھ»ىمىز ئۈچۈن «قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆلتۈرۈش كېرەك»كەن، ئەجەبا!؟

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك مىللەتلىرىنى بىر ـ بىرىگە سېلىش ئارقىلىق باشقۇرۇش كونا چارە بولۇپ، بۇنى ھازىر ھەركىم بىلىدىغان دەرىجىگە

كەلدى. بىزمۇ ئىلگىرىكى كۆپ ماقالىلەردە بۇ مەزمۇنلاردا مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بارغان ئىدۇق. بۇ يەردە خىتايلارنىڭ ۋەتىنىمىزنى مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈشتىكى سۇئىقەستلىك شۇملۇقلىرىدىن ئاز تولا بىلىپ قويغىنىمىزنىڭ زىيىنى يوق دەپ، شۇ ئېتىراپلارغا دىققەت چەكمەك ئىستەيمىز:

«يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى مەمۇرىي رايونلارنىڭ بۆلۈنۈشىدە بۇ پىرىنسىپ ئەكس ئەتتۈرۈلدى. مەسىلەن، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى نوپۇس ئىچىدە موڭغۇللار ئاران 4.5%نى، ئۇيغۇرلار 34.3% نى ئىگىلەيدۇ. موغۇللارنىڭ يەنە بىر ئاپتونوم ئوبلاستى بولغان بۆرتالادا موڭغۇللار نوپۇسىنىڭ 6.8%نى، ئۇيغۇرلار 16%نى ئىگىلەيدۇ. شەكسىزكى، بۇ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىلى رايونىدا ئۇيغۇرلارنى قازاقلارغا تايىنىش ئارقىلىق كونترول قىلىش كېرەك...»

بۇ ئۇسۇلمۇ كونا- يېڭى مۇستەملىكىچىلەر ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ئۇسۇل بولۇپ، سابىق يوگسلاۋىيىدىكى مىللىي رايونلارنىڭ بۆلۈنۈشىدە كۆرۈلگەن توقۇنۇشلارنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىشى، ئەنە شۇنداق شۇملۇقنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇنداق ئەھۋال بۇگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، خۇددى مۇددەتلىك بومبىدەك، تېنچلىقنى بۇزىدىغان يوشۇرۇن خەۋپ بولۇپ تۇرماقتا: ئۆزبېكلەر بىر قەدەر كۆپ بولغان ئوش ۋە جالال ئاباد رايونىنىڭ قىرغىزستانغا بېرىلىشى، چىمكەنت رايونىنىڭ قازاقىستانغا بېرىلىشى؛ تاجىكلار كۆپرەك بولغان بەزى جايلارنىڭ ئۆزبەكستاندا، ئۆزبەكلەر بىر قەدەر كۆپ بولغان بەزى جايلارنىڭ تاجىكستاندا بولىشى؛ ھەتتا دۆلەت ئىچىدە باشقا دۆلەت زېمىنى بولۇش (ئارال شەكىللىك) قاتارلىق شۇملۇقلار ھامان بىر كۈنى بۇ دۆلەتلەرنىڭ بىر- بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

يىللاردىن بېرى «ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن- مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان تاجاۋۇزچىلار ئەمدى بۇنىڭ بىر قۇرۇق شوئار ــ ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ: « شىنجاڭدىكى خەنزۇ كادىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش لازىم.» بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، «ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا» شەكلىدىكى ئالدامچىلىقنى داۋاملىق

چىڭ تۇتۇشىنى، ئىلگىرىكى ئالدامچىلىق تەشۋىقاتلىرىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇدۇ. «بىزگە مەلۇمكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازى تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇدۇ.» ئەمەلىيەتتە ھېچنېمە بەرمەي تۇرۇپ، بەرگەندەك بولۇۋېلىپ يالغاننى ئېيتىۋەرسەڭ، كىشىلەر خالار-خالىماس بۇ يالغانلارغا ئىشىنىپ قالىدۇ، دېمەكچى بولۇشىدۇ. دېمىسىمۇ ئاتالمىش «ئازاتلىق»تىن بۇيان تاجاۋۇزچى خىتاي كوممۇنىستلىرى ھەمىشە دېگۈدەك ئېتىكىمىزنى پۈچەك ياڭاق بىلەن تولدۇرۇپ كەلدى.

«شىنجاڭدىكى قانۇن-تۈزۈمنى ھەقىقىي يولغا قويۇپ، خىتايلار ئاممىسىنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، كۆچمەنلەرگە ئىلھام بېرىش كېرەك. خىتايلار كۆچۈشنى خالىمايدۇ، دەپ قارىماسلىق لازىم. ... ئەگەر مۇئەييەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بېرىلسە، ئەينى يىللاردا شەندوڭلۇقلار شەنخەيگۈەننىڭ شەرقىدىكى جايلارغا بېسىپ كىرگەندەك دولقۇن چوقۇم شىنجاڭدا پەيدا بولۇدۇ.»

يېتەرلىك دەرىجىدە ئەتىۋارلانمايۋاتقان تاجاۋۇزچى كۆچمەنلەرنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاش تەكلىپى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارغا بېسىمنى ئاشۇرۇش دېمەكتۇر. يەنى خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى قانچە تەكىتلەنسە، ئۇيغۇرلارنىڭ قۇللۇقى شۇنچە ئاشكارىلىشىدۇ؛ ئاتالمىش «خىتايلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى» (ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى — قانۇن ھالقىغان ھوقۇقى) قانچە تەكىتلەنسە، ئۇيغۇرلار شۇنچە بوزەك قىلىنىدۇ. ئىلگىرىدىنلا بۇنداق تەڭسىزلىك مەۋجۇت بولسىمۇ، خىتايلار بۇنى يېتەرلىك دەپ قارىمايدۇ. ئەمدى زۇلۇمنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، يەرلىك خەلقلەرنى يوقۇتۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنى كۈتەرتىپنىڭ ئالدىغا قويۇشنى تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ.

«ئۇيغۇرچە بىلمەيدىغان مىللەتچى»لەر ۋە «ئۇيغۇرچە ئىشلىتىشنى خالىمايدىغان مىللەتچىلەر»گە يەنە بىر قېتىم سىگنال بۇ: « يىراقتىن قارىغاندا، ئاخىرقى نىشان ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش بولۇشى كېرەك. ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى يوقۇتۇش لازىم.»

بۇ نىشاننىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى خىتايلار ئۈچۈن ئانچە قىيىن بىلىنمەيدۇ. « خىتاي تىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قوغداپ، ئۇيغۇر

تىلىنىڭ تەسىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلىتىش لازىم. بۇ، ئەمەلىيەتتە قىيىن ئىش ئەمەس. شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ئىچكىرىسى بىلەن ئالماشتۇرۇش كۆپەيسە، خىتاي تىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى مۇقەررەر كۈچىيىدۇ. خىتايلار يېتەكچى ئىقتىسادىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە كىچىكىدىن خىتايچە ـ ئۇيغۇرچە قوش تىللىق ئوقۇتۇشىنى يولغا قويۇش،...»

سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تامامەن بېقىندىلىق ئورۇنغا چۈشۈرۈلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتايچە ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولۇدىغانلىقى راست. بۇنى قىلىپ كەتكىلى بولۇشى ۋە ئاسانلىقى راست. ئەمما ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تىلىنى تامامەن تاشلىۋېتىپ، خىتاي تىلىنىلا ئىشلىتىدىغان بولامدۇ؟ ياكى ئۆز ئارا يەنىلا ئۇيغۇر تىلى ئىشلىتىپ، ھايات ئېھتىياجلىرى مەجبۇر قىلغان دائىرىدە خىتايچە ئىشلىتەمدۇ؟ بۇ تامامەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە باغلىق. يەنى، بىر تەرەپى جەمىيەتنىڭ بېسىمى ۋە مەجبۇرلىشىدىن مەيدانغا كېلىدۇ؛ يەنە بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىي مايىللىقى، مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش يوشۇرۇن كۈچى، مىللىي ئاڭلىقلىقىغا باغلىق. خىتايلار تىلىمىزنى يوقۇتۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مەخسەتكە ئۇيغۇن پروگراممىلانغان ئومۇمىي جەمىيەت ماشىنىسى ئارقىلىق مەجبۇرلاپلا قالماي، يەنە سىلىق ۋە «يەمچۈك تاشلاپ بېرىش»تەك ئالدامچى ۋاستىلەرنىمۇ قوللانماقچى: «(ياكى خىتايچىنى ياخشى ئۆگىنىشىنى مۇكاپاتلاش شەرتى قىلىش) لازىم. ئىچكىرىسىدىكى كارخانىلار ۋە ھەر خىل فوندلارمۇ ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشۇش. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خىتايچە ئۆگىنىش مۇكاپات پۇلى قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك.»

بۇنداق كۈچلۈك بىر ئومۇمىي ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالالامدۇق؟ بۇ مەسىلىنى جىددىي ئويلىماق لازىم. دەبدەبىلىك شۇئارلار بىلەن: «مىللىتىمىز يوقالمايدۇ!» دەپ جاكالاپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنمەي، يەنە كونكرېت چارە ـ تەدبىرلەر ھەققىدىمۇ باش قاتۇرۇش لازىم.

خىتاي بۇ قەدەر ئاشكارە ۋەھشىيلىكلەرنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كونىراپ جۇلىقى چىققان كونا مۇقام: «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»نى

بازارغا سېلىشتىن ھېچ نومۇس قىلمايدۇ. بىرى ئالاھىدە ئېتىۋات بېرىشلەردىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ھۆكۈمران مىللەت، يەنە بىرى بۇنىڭ قارشىسىدىكى، ھەممە ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان مۇستەملىكە مىللەت بولغان ئەھۋالدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»نىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بەلكىم مۇمكىن. پەقەت، مۇستەملىكە مىللەت بارلىق زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە، ئاشكارە- يوشۇرۇن ھاقارەتلەرگە، زەربىلەرگە چىداپ سۈكۈت قىلسا بۇنداق بىر شەرمەندە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئەسلى تەبىئىتىدە ياتقان ئاخىرقى ھېساپتا يەرلىكلەرنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش غايىسى، ئۇلارنى كۆنسېرى قىستاپ كېلىشكە، يول قويغانسېرى تېخىمۇ كۆپ يول قويۇشنى تەلەپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ؛ مۇستەملىكە مىللەت يا تىركىشىپ ئۆلۈش، يا جىم تۇرۇپ ئۆلۈشتەك تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ. بۇ ھالدا يەنە بۇ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»غا بازار بارمۇ؟

بىر مىللەتنىڭ قىسمىتىدە ئىككى تاللاشنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئۆلۈمدىن ئىبارەت بىرلا نەتىجە بېرىدىغان بولسا، بۇ شۇ مىللەتنى نېمىنى تاللاشقا ئۈندەر؟ تىركىشىپ ئۆلۈش ئىچىدە مەلۇم پىرسەنت (مەيلى قانچىلىك تۆۋەن بولسىمۇ) قۇتۇلۇش ئېھتىماللىقى ياتىدۇ. شۇڭا مۇقەررەركى، تىركىشىش يولى تاللىۋېلىنىشى مۇمكىن.

# قوشۇمچە (1)

مەجمۇئەمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى سانلىرىدا داۋاملىق ئىستىخبارات ۋە يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىدا ئانتى جاسۇسلۇق مەسىلىلىرى ھەققىدە ساۋات بېرىشكە تىرىشىمىز. بۇ بىزنىڭ تەشكىلاتلىنىش ۋە سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە ھۇشيارلىق جەھەتتە ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

# جاسۇسلۇقنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى

## قىسقىچە چۈشەنچە

جاسۇسلۇق — بىرگە ئەرەپچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، بىزدە ھامان سەلبىي مەنا بېرىدىغان بولغاچقا، جاسۇس ئەڭ رەزىل ئادەملەر بولۇپ ئاڭلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، بىر دۆلەتنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا جاسۇسلۇقنىڭ ئورنى ئارمىيىنىڭكىدىن يوقۇرى تۇرىدۇ. يەنى، بىر دۆلەتنى ئاياقتا تۇتۇپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىل جاسۇسلۇقتۇر.

بىز دەۋاتقان جاسۇسلۇق ئېنگىلىزچىدا Secret Intelligence (مەخپىي ھۇشيارلىق \ مەخپىي چېچەنلىك \ مەخپىي ئەقىل،...مەنىلىرىدە) دېيىلىدۇ: مەسىلەن: CIA (Central Intelligency Agency — مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى)؛ MI5, MI6 (ئەنگىلىيەنىڭ Military Intelligence بەشىنچى باشقارما ۋە ئالتىنچى باشقارمىسى). بەزىدە ئانچە رەسمىي بولمىغان شەكىللەردە Secret Service (مەخپىي مۇلازىمەت \ خىزمەت) مۇ دېيىلىدۇ. ئۇيغۇرچىغا ئىلگىرى رۇسچىدىن كىرگەن نۇسقىدا رازۋېدكا شەكلىدىمۇ قوللۇنۇلغان بولسىمۇ، كېيىن خىتاي تىلىدىكى ئاتالىشنىڭ تەرجىمىسى ئىشلىتىلىپ، ئاخبارات دەيدىغان بولدۇق. ئەمەلىيەتتە خىتايچىدا چىڭباۋ ۋە گوڭباۋ[1] دېگەن ئايرىم- ئايرىم ئىككى ئاتالغۇنى سۆز تاپالمىغاچقا بىر خىللا «ئاخبارات» دەپ تەرجىمە قىلغىنىمىز ئۈچۈن، زادى قايسى ئاخباراتنى دەۋاتقىنىمىز بەك ئېنىق

[1] 情报(چىڭباۋ) ۋە 公报(گوڭباۋ) — ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاشلا ئاخبارات دەپ تەرجىمە قىلىنىپ كەلدى. ئاخبارات — ئەرەپچىدە ئەخباردىن تۈرلەنگەن بولۇپ، خەۋەر دېگەن مەنىدە. ئۇيغۇرتىلىدا بۇ مەتبۇئاتقا بېرىلىدىغان رەسمىي جاكا ۋە جاسۇسلۇق ئۇچۇرى مەنىلىرىدە قوللۇنۇلۇپ كېلىنمەكتە. — ئا.

بولۇپمۇ كەتمىدى.

بۇ سۆزنىڭ تۈركچىدىكى ئاتىلىشلىرى ئاخبارات دېگىنىمىزگە يېقىن كېلىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. تۈركچىدىمۇ ئەرەپچىدىن كەلگەن ئاخبارات (خەۋەر) دېگەن سۆزنىڭ تۈرلەنگەن شەكىللىرى قوللىنىلىدۇ: بۇ كەسپنى رەسمىي ئاتىغاندا «ئىستىخبارات» دەپ ئاتايدۇ. بۇ بىزنىڭ ئاخبارات دېگىنىمىز بىلەن پەرقلىق بولسىمۇ يەنىلا سۆز يىلتىزى ئاخبارات. تۈركچىدە يەنە «خەۋەر» شەكلىمۇ قوللىنىلىدۇ: جاسۇسلۇق «خەۋەر ئالماق» شەكلىدە ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، CIA تۈركچىگە «مەركىزىي خەۋەر ئېلىش تەشكىلاتى» شەكلىدە تەرجىمە قىلىنىدۇ. تۈركچىدە يەنە ئېنگىلىزچىدىكى Secret Service كە پاراللېل «مەخپىي مۇلازىمەت» (Gizli Servis) شەكلىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل خىزمەتنى بېجىرىدىغان ئورگىنىنى MIT (مىللىي ئىستىخبارات تەشكىلاتى) دەپ ئاتايدۇ.

KGB دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى مەنىسىدە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىز دەۋاتقان جاسۇسلۇق ئورگىنىدۇر. ۋەتىنىمىزدىكى «ئامانلىق ئىدارىسى» دېگەنلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى ئۇيغۇرچىدىكى «ئايغاقچىلىق» دېگەن سۆزگە دەل كېلىدىغان بولسىمۇ، ئۆزىمىزنىڭكىنى ياراتماسلىق پىسخىكىمىزغا كۆرە بۇ سۆز تەدرىجىي سۆزلۈكۈمىزدىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇندىن باشقا «ئايغاقچى»، «ئايغاقچىلىق» دېگەندە هامان رەزىل كىمسەلەر كۆز ئالدىمىزغا كېلىۋالىدىغان بولغاچقا، خۇددى جاسۇسلۇققا ئوخشاشلا سەلبىي مەنادىكى سۆز دېگەن قاراش هاكىم بولۇپ كەلدى. يەنە كېلىپ، بۇ سۆزنى دەۋرمۇ- دەۋر توختاۋسىز ئىشلىتىپ تۇرمىغىنىمىز، ئۇ كونا كىتاپلاردىلا ئۇچرايدىغان ۋە ئۇزاق يېزىلاردا پىشقەدەملىرىمىزنىڭ تىلىدىلا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سۆز بولغاچقا، سۆزلۈك مەنىسى تەرەققىي قىلماستىن، قەدىمىي مەنىسىدىلا تۇراقلىشىپ قېلىپ، ئۇ گويا تار دائىرىدىكى گەپ توشۇش، چېقىمچىلىق،.. دېگەندەك مەنىلەرنىلا ئاڭلىتىدىغان شەكىلدە قالدى.

قىسقىسى، بۇ پەقەت سەلبىي مەنا بېرىدىغان بىر كەسپ بولماستىن، بىر دۆلەتتە بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەت بولۇش بىلەن بىللە، دۆلەتنىڭ

مەۋجۇتلۇقىنى بەلگىلىگۈچى ئامىللارنىڭمۇ بېشىدا كېلىدىغان بىر ئورگاندۇر. شۇنداقلا، بۇ ئورگاندا ئىشلىگۈچىلەر، ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ سالامەت مەۋجۇت تۇرۇشى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان نامسىز قەھرىمانلار ھېساپلىنىدۇ.

ئەمدى بۇ ئاتالغۇنى ئۇيغۇرچە «ئاخبارات» دەپ ئاتاش بىلەن كېلىپ چىقىدىغان مۈجمەللىكتىن ساقلىنىش ۋە «جاسۇسلۇق» دېگەندە دەرھال كۆڭۈللەرگە كېلىدىغان مايماق شىلەپە، بەتبەشىرە يامان ئادەم تەسەۋۋۇرىدىن ساقلىنىش، «ئايغاقچى» دېگەندە كۆز ئالدىمىزغا كېلىدىغان مەھەللىمىزدىكى پالانچى- پوكۇنچى چېقىمچىدەك تار مەنىگە كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، «ئىستىخبارات» شەكلىنى مۇۋاپىق تېپىپ، شۇ ئىسىم بىلەن بۇ تېما ئۈستىدە ئومۇمىي مەلۇمات بېرىشكە تىرىشىمىز.

## ماۋزۇغا كىرىش

بىر دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى زىر- زەۋەر بىلىشكە مەجبۇر. شۇنداقلا ئىچكىي قىسمىدا مۇخالىپ كۈچلەرنىڭ سۆز- ھەرىكەتلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرۇشى كېرەك. ئۆتمۈشتە، قوشنا دۆلەت ئىستىخباراتى ئۈچۈن جاسۇس كىرگۈزۈلەتتى. ھازىر كونسۇلخانىدا بولۇدىغان جاسۇسلۇق بۆلۈمىنىڭ قولى بىلەن شۇ دۆلەت كىشىلىرىدىن سېتىۋېلىپ ئىشلىتىش بىر قەدەر ئومۇمىيدۇر.

بارلىق ئىستىخبارات تەشكىلاتلىرى «ئېزىقتۇرغۇچى ئۇچۇر» تارقىتىش ئاساسىغا قۇرۇلۇدۇ، دېيىش مۇمكىن. بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ھەقىقىي نىيىتىنى بىلىشكە تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپ، سىرلىرىنى ساقلاشقا، يالغان ئۇچۇر بىلەن قارشى تەرەپنى ئېزىقتۇرۇشقا تىرىشىلىدۇ. چۈنكى، كىچىككىنە بىرەر قەغەز پارچىسى، تىڭشالغان تېلېفون ياكى شۇنىڭدەك ئەرزىمىگەن بىر سەۋەپ بىلەن، پۈتۈن بىر ئۇرۇش مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىشى، بىر پۈتۈن دۆلەت مۇنقەرز بولۇشى مۇمكىن.

بۈگۈنكى ئۇرۇشلارنىڭ ئاساسى ـــ نېمىلىكى بولمىسۇن ئىستىخبارات

ئۈستىگە قۇرۇلغان.

سۈنزى «ئۇرۇش سەنئىتى» كىتابىدا شۇنداق يازغان: «...بۇ سەۋەپتىن جاسۇسلارنىڭ ئارمىيىنىڭ پايدىسىغا ئەڭ ئوبدان شەكىلدە خىزمەت قىلىشى، ئاڭلىق باشقۇرغۇچى بىلەن ئەقىللىق قوماندانىنىڭ قولىدا. ئۈستۈنلۈك مانا مۇشۇنداق بىر خىزمەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈلۈدۇ. ئىستىخبارات ئۇرۇشنىڭ ئەڭ موھىم بىر تەركىبىدۇر. چۈنكى ئارمىيىنىڭ غەلىبە قىلىشى، ئىشەنچلىك مەلۇمات ئالالىغان بولىشىغا باغلىق.»

«..... پەقەت بىرقانچە سەر كۆمۈشىنى خىراجەت قىلىشنى ئارتۇق كۆرۈپ، دۈشمەننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قېلىش ئەقىلنىڭ ئىشى ئەمەس. بۇ مەلۇماتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىردىن بىر يولى، ئىستىخبارات تەشكىلاتى قۇرۇپ، جاسۇس ئىشلەتمەكتۇر. ئۇرۇش ئۈچۈن ئىستىخبارات تەشكىلاتى قۇرمىغان كىشى ئىنسانلارنىڭ لىدېرى ئەمەس. جاسۇسى بولمىغان ئارمىيە كۆز- قۇلىقى بولمىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ.»

ئىستىخباراتنىڭ مەخسىدى — دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ قارار ئېلىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن «ئايرىۋاشلانغان» مەلۇماتلاردىن بارلىققا كەلگەن تەييارلىقنى سۇنۇش.

ئىستىخبارات — سىياسىي ئىستىخبارات، ھەربىي ئىستىخبارات، ئىقتىسادىي ئىستىخبارات، ئىجتىمائىي ئىستىخبارات، تېخنىكا ئىستىخباراتى، ئېلېكترونلۇق ئىستىخبارات قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنۈدۇ. بۇنىڭدىكى ئېلېكترونلۇق ئىستىخبارات — ئىستىخبارات ئوبېكتىغا قارىتىلمىغان؛ ئىستىخبارات توپلاش ئۇسۇلىغا قارىتىلغاندۇر.

ئىستىخباراتنىڭ ئىشلەش پىرىنسىپى: بىلىش كېرەك بولغان نەرسە — نىشان — نېمە ئىكەنلىكى كۆزۈتۈلۈدۇ، مەلۇمات توپلۇنۇدۇ، توپلانغان مەلۇمات دۆۋىسى يېشىلىپ، ئايرىۋاشلىنىدۇ. ئانسىكلوپېدىك تەرەپتىن قارىغاندا، سىياسىي ئىستىخبارات قول بىلەن تۇتقىلى بولۇدىغان مەلۇماتلار نۇقتىسىدىن تېخىمۇ ئىنچىكە يېشىم، مۇلاھىزىگە مۇھتاج بولسا، ھەربىي ئىستىخبارات «سانلار» تۈرىدە قول بىلەن تۇتقىلى بولۇدىغان نەتىجە بېرىدۇ.

ئىسرائىل ئىستىخبارات تەشكىلاتى (MOSSAD) نىڭ سابىق باشقانلىرىدىن ئېفرائىم ھالېۋى ئىستىخبارات ۋە ئىستىخباراتچىلار ھەققىدە شۇنداق تەرىپلەرنى يازىدۇ: «ئىستىخباراتچى ھەممىدىن ئاۋال تەھدىت بىلەن، دۈشمەن بىلەن ھەپىلىشىدۇ. دۈشمەننىڭ ئىمكان ۋە قابىلىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى قولغا كەلتۈرۈش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. دۈشمەننىڭ ھەم سىياسىي ھەم ئوپېراتسىيىلىك مەنىدىكى كۈچىنى ۋە نىيەتلىرىنى ئۆلچەشكە مەجبۇر. ئۆز دۆلىتىنىڭ تەھدىتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىمكانى ۋە قابىلىيىتىنى ئۆلچەش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس.» «دېموكراتىك بىر جەمئىيەت بىلەن، دېموكراتىك بولمىغان بىر تۈزۈمنىڭ پەرقى ئىستىخباراتتا بىلىنىدۇ. دېموكراتىك بولمىغان تۈزۈملەردە ئىستىخبارات تەشكىلاتى، ھۆكۈمران سىستېمىنىڭ موھىم بىر قولى، سىياسىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا داۋاملىق تۇرۇشىنى تەمىن ئېتىدىغان ۋاستەدۇر. ...» دېموكراتىك سىستېمىدا ئىستىخبارات مەۋجۇت ھاكىمىيەت ئۈچۈن ئەمەس دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئىستىخباراتنىڭ مەنبەسى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئوچۇق مەنبە. فىلىملەر، گېزىتلەر، تېلېۋىزىيە، رادىئو ئاڭلىتىشلىرى ۋە ھۆكۈمەت دوكلاتلىرى.

يەنە بىرى، يېپىق مەنبە. ئەسلى ئىستىخباراتنىڭ بۇ تۈرى كىشىلەرنىڭ تەخمىنلىرىدىكى جاسۇسلۇقتۇر. ئەمەلىيەتتە، ئوچۇق مەنبەلەرنى تەھلىل قىلىش، مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش يولى بىلەنمۇ ناھايىتى قىممەتلىك ئىستىخبارات نەتىجىلىرى قولغا كەتۈرۈلۈشى مۇمكىن.

ھەر ئىستىخبارات تەشكىلاتىنىڭ تۇنجى ئىشى — خەتەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كۆزىتىشتۇر. بۇ نۇقتىدا توماس پوۋېرس مۇنداق يازىدۇ: «ئەرەپ دۇنياسىدا ئەنئەنىۋي شەكىلدە تەھلىكىنىڭ ئىچكىي قىسىمدىن كېلىدىغانلىقى قوبۇل قىلىنغان؛ چۈنكى ئىچكىي قىسىمدا رايوننىڭ ئامانلىق تەشكىلاتى ‹مۇخابارات› تەرىپىدىن دائىم كۆزىتىلىۋاتقان ۋە بەلگىلىك ئارىلىقلاردا تۇتقۇن قىلىنىدىغان ئىنقىلاپچىلار، دىنىي تەلىۋىلەر ۋە ھاكىمىيەت كويىدىكى خىرىسلىق ھەربىي ئەمەلدارلار بار. مىسىر ۋە ئىراقتا، ئىئوردانىيە ۋە

سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئەھۋال ئوخشاش: مەخپىي ساقچىنىڭ ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ۋە قىلىدىغىنى دۆلەت ئىچىدىكى ئۆكتىچى كۈچلەر ئۈستىگە مەركەزلەشكەن...[1]»

دېمەك، ھەر دۆلەتتە ئىستىخباراتنىڭ ئوبيېكتى ھەر خىل بولىدۇ. ئومۇمەن مۇستەبىت دۆلەتلەردە ئىستىخبارات ئاساسىي دىققىتىنى ئىچكە قارىتىدۇ. ھاكىمىيەتتىكى سىنىپ، ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئاساسىي دۈشمىنىنى ئۆكتىچى كۈچلەر دەپ قارايدۇ؛ تاشقىي دۈشمەن ئىككىلەمچى ئوبيېكت ھېسابلىنىدۇ.

ئىستىخبارات تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلما فونكسىيىسى ئاساسەن: تەشۋىقات (تەشۋىقات ــ نورمالدا ئىچكە قارىتىلغان، جامائەت پىكرىنى يۆنىلەندۈرمە، دىققەتنى چالغىتما، قىزىقىش قوزغاش قاتارلىق مەخسەتتىكى تەشۋىقاتتۇر؛ ئەگەر ئۇرۇش دەۋرى بولسا، دۈشمەن ئىچىدە ۋەسۋەسە يايماق، پاراكەندىچىلىك، ئەنسىزلىك تۇغدۇرماق، خاتا قىياسلارغا باشلىماق، جامائەت پىكرىنى ئۇتماق مەخسەتلىرىدە بولىدۇ)؛ جاسۇسلۇق (نىشان دۆلەتلەر ياكى گورۇھلارغا ئائىت ئۇچۇر توپلاش)؛ قارشى جاسۇسلۇق (دۈشمەن جاسۇسلۇقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش)؛ ئۆكتىچى ھەركەتلەر تەشكىللەش (بۇ ئاساسەن دۈشمەن دۆلەتلەر ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلەردۇر).

## تەشۋىقات

ئىستىخباراتنىڭ موھىم بىر تارمىقى بولغان تەشۋىقات، پەقەتلا تەشۋىقات قوراللىرى ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان تەشۋىقات ئەمەس، بۇ يەنە خەلق ئىچىدە، نەدىن چىققانلىقى بەلگىسىز سۆز- چۆچەكلەر، «مىش- مىش گەپلەر» شەكلىدىمۇ بولىدۇ. بۇنىسىنىڭ پىسخىك ئۈنۈمى تېخىمۇ زور بولۇش بىلەن بىللە، بۇنداق بىر تېما ئوتتۇرىغا چىقىرىپلا قويۇلسا، كىشىلەر بىلىپ بىلمەي ئۆزلىرى يېيىۋېرىدۇ، چىقىمسىز ئەمما تەسىرلىك.

[1] توماس پوۋېرس: «ئىستىخبارات ئۇرۇشلىرى» (تۈركچە نەشرى)

بىر دۆلەتتە هاكىمىيەت بېشىدىكى ئاساسىي مىللەتتىن باشقا بىرنەچچە ئېتنىك گورۇپ بولسا، ئۇلارنىڭ بىرلىكسەپ بولۇۋېلىپ، هۆكۈمران مىللەتكە ئورتاق قارشى تۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن، ئىستىخبارات ۋاستىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئىتتىپاقسىزلىق، ئىشەنچسىزلىك تېرىپ تۇرۇلىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن هەم ئۇلارنىڭ زور كۈچكە ئايلىنىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ، هەم ئاساسىي زىددىيەت ئۇنتۇلدۇرۇلۇپ، دىققەتنى ئۆز ئىچىگە بۇرىۋېتىش مەخسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئىراقتىكى سۈننى- شىئە زىددىيىتى ئىشغالىيەتچىلەر تەرىپىدىن ئوينىلىۋاتقان ئويۇن ئىكەنلىكى هەركىمگە ئايان. بۇ زىددىيەتلەر ئارقىلىق هەم ئاساسىي دۈشمەن ئۇقۇمىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، دىققەتنى ئۆزئارا زىددىيەتكە باشلىۋەتكىلى، شۇنداقلا بۇ خىل بىر- بىرىنى قىرغىن قىلىپ، تېنچلىقنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا كاشىلا بولىدىغان ئۇرۇشقاقلار ئارىسىدا بىر خالىس كېلىشتۈرگۈچى ياكى خالىس تۇتۇپ تۇرغۇچى (ئامېرىكا)نىڭ بولۇشىنى زۆرۈرىيەتتەك هىس قىلدۇرۇش مەخسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنى سۈننى، شىئە رەهبەرلىرى بىلمەمدۇ؟ ئەلۋەتتە بىلىدۇ. لېكىن ئىنسان پىسخىكىسىدا شۇنداق بىر بوشلۇق بار، بۇنى كۆزى كىچىكلىك دېسىمۇ بولىدۇ: ئومۇمغا ئائىت مەنپەئەتلەر هامان مەۋهۇم، شۇئار تېرىقىسىدە بولۇپ، هەممە كۆڭلىدە بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنىڭكىنى قويۇپ تۇرۇپ، چوڭ ئىشىمىزنى ئورتاق هەل قىلايلى، دېيەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ تەشكىللىنىشنى تەقەززا قىلىدىغان ئىش، قولاي باشلىغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. ئەمما شەخسىي ياكى تار گورۇهنىڭ مەنپەئەتلىرى ئەمەلىي، كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان شەكىلدە بولغاچقا تېخىمۇ رېئال بولىدۇ. شۇڭا بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنى تۇتالماي قالىدىغان گەپ. مەسىلەن: شىئەلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ يېقىنلىرى ئۈچۈن بۇ ئازاپ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىراقنى بېسىۋالغان ئومۇمىي مىللىي خاپىلىقىقا قارىغاندا تېخىمۇ رېئال، تېخىمۇ كۆڭۈلگە يېقىن، قولغا يېقىن بولىدىغان بولغاچقا، ئالدى بىلەن بۇ دەردىنى ئېلىۋالمىسا بولمايدىغاندەك هىسسىيات ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدۇ.

بۇنىدىن باشقا ئىستىخبارات يەنە يۇرتلار ئارا زىددىيەت، ئۇرۇقداشلار ئارا زىددىيەت، مەهەللە ئارا زىددىيەتلەر تېرىشى مۇمكىن. يەنى زىددىيەت

تېرىيدىغانغا تەرەپلەر تېپىلىپ تۇرىدۇ.

يەنە سىياسەتمۇ شۇنىڭغا يارىشا ئېلىپ بېرىلىپ، زىددىيەتنىڭ ئىزچىللىقى، پەرۋىشى ساقلىنىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم فېدراتىۋ دۆلەتتە فېدراتسىيەدىكى ئاساسىي مىللەتنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىش ئارزۇسى بىلەن ھۆكۈمران مىللەتكە قارشى چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، شۇ فېدراتسىيە ئىچىدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى يېنىغىراق تارتىپ، ئېتىۋار بەرگەندەك قىلىپ، ئاۋۇسى يېتىم قالدۇرۇلىدۇ ھەمدە بۇ ئېتىۋار بېرىشلەر تۈپەيلى، فېدراتسىيەنىڭ ئاساسلىق مىللىتىدە ھەسەت، غەزەپ تۇغدۇرۇلىدۇ. گويا ئۇلارنىڭ ھەققىنى ھۆكۈمران مىللەت ئەمەس، ئاشۇ ئاز سانلىقلار ئېلىۋېلىپ بارغاندەك. مەسىلەن: سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە قازاقىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ جەمىيەتتە تۇتقان ئورنى خېلى يۇقۇرى ئىدى، ھەتتا بىر زامانلار قازاقىستان فېدراتسىيىسىنىڭ بىرىنچى قول رەھبىرىمۇ ئۇيغۇر بولغان. بۇنىڭدىن مەخسەت قازاقلارنى يېتىم قالدۇرۇش، قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا زىددىيەت تېرىش ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر بۇنداق ھاللاردا زىددىيەت، ئۆچمەنلىك «ئاڭلىق» شەكىللەنمىگەن تەقدىردىمۇ، ئىستىخبارات يولى بىلەن «چۈشەندۈرۈلۈپ»، دىققەت جەلپ قىلىنىپ، «كۆزىنى ئېچىپ» قويسا بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن: «جۇمھۇرىيەت كىمنىڭ؟ قازاقلارنىڭ! ئەمما ھەممە يەرگە قارىساڭ پولەكلەر، نېمىسلار جاھان سوراۋاتقان!...» بۇنىڭ بىلەن جاھاننى ئەسلىدە رۇسلارنىڭ سوراۋاتقىنى دىققەتتىن قېچىپ، ئاۋۇلار بىلەن سۈركىلىش تۇغۇلىدۇ.

تەشۋىقات — ئىستىخباراتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوراللىرىدىن بىرى. تەشۋىقات — جامائەت پىكرىنى ھاكىمىيەتنىڭ پايدىسىغا يۆنىلەندۈرۈشتە تەسەۋۋۇرنى ئاشقان بىر قۇدرەتكە ئىگە. بۇ ھەقتە گىتلېر شۇنداق دېگەن: «ئاخبارات — يېتەرلىك دەرىجىدە تۇتامسىز، ھەتتا كۈلكۈلۈك بىر ۋەقەنى قىسقا مۇددەتتە ناھايىتى موھىم بىر دۆلەت مەسىلىسى ھالىغا كەلتۈرۈپ، ئەسلى ناھايىتى موھىم بولغان بىر مەسىلىنى جامائەتنىڭ دىققىتىدىن قاچۇرۇپ،

ئۇنۇتتۇرۇش كۈچىگە ئىگە.[1]»

دېمەك، تەشۋىقات ئارقىلىق، كىشىلەرگە ئەسلىدە قوبۇل قىلغۇسىز، ۋىجدانىي ۋە ئىنسانىي تۇيغۇلىرىغا سانچىلىدىغان نەرسىلەرنى گۈزەل كۆرسىتىپ، قوبۇل قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

«ئىستىخباراتتىكى تەشۋىقات ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، نىشانى ۋە مەنبەسى ئېنىق بولغان تەشۋىقات، ئاق تەشۋىقات؛ مەنبە ۋە نىشانى ئېنىقسىز بولغان تەشۋىقات كۆككا تەشۋىقات دېيىلىدۇ. ئىستىخبارات تەشۋىقاتلىرىدا مۇئەييەن پىرىنسىپلار بولىدۇ:

**جەزبە پىرىنسىپى.** ئىستىخبارات پائالىيىتىگە تېما بولغان ئىدىيىلەر دىققەتنى تارتالايدىغان، جەلپ قىلارلىق پىچىم ۋە شەكىلدە توپلۇم (جەمئىيەت)غا سىڭدۈرۈلىدۇ.

**ئېنىقلىق ۋە ساددىلىق پىرىنسىپى.** تەشۋىقات مەزمۇنى پىكىرلەرنىڭ نىشان قىلىنغان ئاممىغا چۈشىنىشلىك، ئوچۇق، ئېنىق شەكىلدە، ئاددىي ھەم ساددا تەرزدە بولۇشى كېرەك.

**قىزىقارلىق بولۇش پىرىنسىپى.** نىشان قىلىنغان ئاممىغا سىڭدۈرمەكچى بولغان ئىدىيە ئۈچۈن بىر قىزىقتۇرغۇچىلار مۇھىتى ياراتماق كېرەك. بۇ شەكىلدە، ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئاڭ- پىكىر ئەتراپىدا بىر ھېسسىيات ئورتاقلىقى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

**ھەيرانلىق پەيدا قىلىش پىرىنسىپى.** قىسقا مۇددەت ئىچىدە نىشان قىلىنغان ئامما ئىچىدە ھاڭ - تاڭ قېلىش كەيپىياتى يارىتىش ئارقىلىق، ئاڭ- پىكىرنىڭ قوبۇل قىلدۇرۇلۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**سىنتېز پىرىنسىپى.** بۇنىڭدا مېنىڭسىتمەك مەخسەت قىلىنغان ئاڭ- پىكىرلەر نىشان قىلىنغان توپلۇمغا پارچە- پارچە بېرىلىدۇ. بەلگىلىك بىر باسقۇچتىن كېيىن بۇ بۆلۈملەنگەن ئۇي پىلىرلەرنىڭ بىرلەشتۈرۈلىشى، يەنى سىنتېزى ئارقىلىق ئاساسىي تېمىغا يېتىلىدۇ.

**تەكرارلاش پىرىنسىپى.** سىڭدۈرۈلۈشى كېرەك بولغان پىكىرلەر نىشان

---

[1] ئادولف گىتلېر: «كۆرەشلىرىم» (تۈركچە نەشرى) ــ ئا.

ئامـمـغا مـەلۇم يۆنۈلـۈشكە تـوغـرۇلاپ دائـمـي تـەكـرارلاش ئـارقـلـق هـەر پۇرسـەتتـە كۈنتەرتـپكە كەلتۈرۈلۈدۇ.

**تويۇنـــدۇرۇش پـرىنسـپى**. نـشـان ئـامـمـنى تويۇنـۇش نۇقتـسـغا كەلتۈرگەنـدىن كـېـيـن، كـېـرەكسـز تـەكـرارلاشـتـن بـزار بولۇشـقا باشـلايدۇ. بـۇ تـەكـرارلاشـتـكى مـەخسـەتـنـڭ تـەتـۈرسـنى نـشـان قـلـغـان ئـۇسـۇل بولـۇپ، كـشـلەرنى قاچۇرمـاقچى بولغـان نـەرسـدىن تـويـدۇرۇش، زـېـركـتـۈرـۋېتـش دېمەكتۇر.

**گارمونـيـه پـرىنسپى**. بۇ پـرىنسـپ ئۇركـستـرلـق ياكى ئاهاڭ بـېـرش دەپمۇ ئاتـلـدۇ. نـشان ئامـمـغا ئـستـخبارات تەشۋىقاتى ئـېلـپ بـېـرلـۋاتقانـدا ئـەهـمـيـەت بـېـرلـگەن هالـدا كۆزتـلـشـى كـېـرەك بولـغـان ماسـلـشـش ۋە ئۇسۇللارنى بـلدۈرىدۇ.

**بـرلا دۈشـمەن پـرىنسـپى**. نـشـان ئـامـه كـېڭەيتـۋېتـلـمەسـلـكى كـېرەك. تار دائـرىدە ۋە كـچـك توپلار، شەخسـلەرنى نـشان قـلـش.

**بـرلـك ۋە نـۆۋەت پـرىنسـپى**. ئـلـگـرى سـۈرۈلـۈۋاتقان ۋە مـېـنـگـسـتـلـۋاتقان پـكـرلـەرنـڭ گـورۇپلار ئارسـدا ئايلـنـشـنى تـەمـن ئـېتـش ئۈچۈن ئامـمـنـڭ پـسخولوگـيـسـدىن پايدلـنـش.[①]»

تەشۋىقات كاتـگورىيـسـگە كـرگۈزۈشكە بولۇدىغان يەنە بـر ئۇسـۇل «تـەتـۈر رېكـلام (ئـېلان)» ئۇسـۇلـدۇر. بـۇ ئۇسـۇل خـۇددى تـوۋار ئـېلانلـرىغـا ئوخـشـاش، كـشـلەرگە قوبـۇل قـلـدۇرۇش كـۆزلەنگەن شـەيئـنـڭ ئـېلانـى بولـۇپ، ئوخشـمايدىغان يېرى ئـېلان تەتۈر تەرەپتـن قـلـنـدۇ.

مـەسـلـەن: بـر مۇسـتـەبـت دۆلەت تۈزۈمـدە كـشـلـەر كـۆپ هـالـلاردا مۇسـتـەبـتلـەرنـڭ چـرايلـق كـۆرسـۈتـۈشـكە ئـۇرۇنـۇۋاتقـان نـەرسـدىن قاچـدىغان، چەكلـگەن نەرسـلەرگە ئـۆزىنى ئـۇرۇدىغـان پـسـخـكا شـەكـلـلـنـپ قالـدۇ. بـۇ هالـدا توغـرىدىن ـ تـوغـرا تـوۋار ئـېلانـى شـەكلى بـلـەن كـشـلەرگە ئـستـەلگەن نەرسـنى قوبۇل قـلـدۇرغـلى بولـمايـدۇ. كـشـلەردە شـەكـلـلـەنگەن هۆكۈمدارنـڭ دېگـنـنى تەتۈر ئۆلچەم قـلـش پـسخـكـسـغا كۆرە ئۇلارغـا تـەتـۈر

[①] گۈلتـېكـن ئاۋجى: «ئـستـخبارات تـېخنـكلـرى» (تۈركچە نەشرى)

رېكلام (تەتۈر ئېلان) ئۇسۇلى بىلەن قوبۇل قىلدۇرغىلى بولىدۇ. خەلققە ئۆزى بەلگىلەپ قويغان «نىشان»لارنى سۆيدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى سۆكۈش، قارىلاش، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە «دېمەك ئۇ ھۆكۈمەتكە ياقمايدىغان نەرسىكەن، بىزگە پايدىلىق بولسا كېرەك» دېگەن ھىسسىيات تۇغدۇرۇلىدۇ.

## «ئەركە بالا» ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇلمۇ مۇستەبىت تۈزۈملەردە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىككى ئىش ئۈچۈن كېرەك بولىدۇ: بىرى، «قارا نۇرلۇق چىراق» سىۈپىتىدە مۇخالىپلارنى توپلاپ يوقۇتۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ توپلىنىشىغا «مۇما تىكلەپ بېرىش» ئۇسۇلى؛ يەنە بىرى بەزى موھىم تەشۋىقاتلىرىنى پەردىلەشتە «خەلق ۋەكىلى» سۈپىتىدىكى «باھالىغۇچى» قىلىپ پايدىلىنىش ئۈچۈن «يۈرەكلىك»، «جاسارەتلىك»، «ۋىجدانلىق» قەھرىمان يارىتىش ئۇسۇلى.

مەسىلەن: سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر ئېغىز ھەق گەپ قىلىپ سالغانلار ئېغىر ئەمگەك كامپىلىرىغا ئەۋەتىلىپ، شۇ يەردە ئۆلۈدىغان بولسىمۇ، قىزىل ھاكىمىيەتنى، قىزىل ئارمىيەنى ئاشكارە ئەيىپلىيەلىگەن بىر شولوخوپ يارىتىلغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ «ئەركە بالا» قىلىپ سۈنئىي قويۇۋېتىلگەن. ئۇنىڭ بىر ئايغاقچى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان كىشىلەر بەك ئاز بولغاچقا، ئومۇمىي خەلق ئۇنى گويا ئۆزلىرىنىڭ دەردىنى ئاڭلىتالايدىغان «جۈرئەتلىك»، «يۈرەكلىك» قەھرىماندەك كۆرۈشكەن. ھەتتا ئۇنىڭ «تېنچ دون»نى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىغىمۇ كۆز يۇمۇلۇپ، ئۇنىڭ «مەشھۇر» بولۇشىغا يول ئېچىپ بېرىلگەن. «تېنچ دون»نىڭ ئەسلى ئاپتورى قىزىل ھاكىمەتكە قارشى «خەلق دۈشمىنى»دىن بىرى بولغاچقا، بۇ شولوخوپقا تېخىمۇ ئوڭ كەلگەن.

خۇددى شۇنىڭدەك، دىن دەھشەتلىك تۈردە چەكلەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا، بىر تۈركۈم موللىلارغا، ياكى باشقا دىنىي تەشۋىقاتچىلارغىمۇ غەرەزلىك يول قويۇلۇپ، «ئەركە بالا» قىلىنغان. ئۇلار خالىغان يەردە سۆزلەپ، كىشىلەرگە دىنىي تەبلىغ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن سوۋېتلەر ئىككى مەخسەتنى كۆزلەيتى: بىرى، كىشىلەرنىڭ رايىنى سىناپ، دىنغا سۆيگۈسى بولغانلارنى قارا

تىزىملىككە چۈشۈرەتتى؛ يەنە بىرى، تەبلىغ مەزمۇنى ئىنتايىن ئۇستىلۇق بىلەن تۈزۈپ بېرىلگەن بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ دىنىي سۆيگۈسىدىن سۈئىستېمال شەكلىدە پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ دۈشمەن قارىشىغا مۇجىمەللىك ئارىلاشتۇراتتى. يەنى، گويا ئۇلارنىڭ دۈشمىنى رۇس بولشېۋىكلىرى ئەمەس، غەرپ جاھانگىرلىكى! شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۈشمەن قارىشى سۈئىي ئۇسۇلدا شەكىللەندۈرۈلەتتى.

كىشىلەر هامان ساددا بولۇدىغان بولغاچقا (شۇڭا بۇرۇندىن، خەلق پادىغا ئوخشۇتۇلۇدۇ) هېچ ئەقىل ئىشلىتىپ باقمايلا بۇ هۆل خىشقا دەسسەيتى. يەنە چەتئەلگە چىقىش ئىشلىرىمۇ ناهايىتى قاتتىق كونترول ئاستىدا بولۇشىغا قارىماي، بەزىلەر ئۈچۈن بەكلا ئاسان بولاتتى. گۇمانغا ئۈندەيدىغان ئاددىي سېلىشتۇرمىلار كۆز ئالدىدىلا مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن: باشقىلارنىڭ ئوخشاش ئىشى جازالىنىۋاتقان تۇرسا، بۇ نېمىشكە جازالانمايدۇ؟ باشقىلارنىڭ شۇنچە يوشۇرۇن قىلغان ئىشىنى بىلىۋالىدىغان هۆكۈمەت بۇنىڭ خېلىلا ئاشكارە قىلىپ يۈرگىنىنى نېمىشكە كۆرمەي قېلىۋاتىدۇ؟ كىشىلەرنىڭ پاسپورتلىرى يىغىۋېلىنىۋاتقان بىر زاماندا پالانىلار نېمىشكە ئۇنداق ئاسانلا پاسپورت ئېلىپ چەتئەلگە كېتىۋاتىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ باقمايلا هاكىمىيەتنىڭ دېيىشىغا ئۇسۇل ئويناپ قالىدۇ.

## جاسۇسلۇق

ئىستىخباراتنىڭ مەخسىدى شۇ دۆلەت هاكىمىيىتىنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاش بولغاچقا، ئۇنىڭ ئوبېكتى غايەت تەبىئىيكى، هاكىمىيەتنىڭ هەر تۈرلۈك دۈشمەنلىرىنى كۆزىتىش، ئۇلار هەققىدە ئۈچۈر توپلاش بولۇپ، دۈشمەننىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇش ئەمەس، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇش مەخسەتتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەنئەنىۋي جاسۇسلۇقتا، قارشى تەرەپكە سىڭىپ كىرىش ئۇسۇلى ئومۇملاشقان ئىدى. يەنى، دۈشمەن تەشكىلاتلىرىغا سوقۇنۇپ كىرىش؛ دۈشمەن دۆلەتلەرگە سوقۇنۇپ كىرىش ئاساس قىلىناتتى. هازىر بۇنداق ئۇسۇل تەدرىجىي هالدا كېرەكسىز

بولۇپ، قالاق دۆلەتلەردىلا قېلىۋاتىدۇ. ئەمما قىسمەنلىكتە يەنىلا بۇ ئۇسۇلنىڭ يارارى بار. بۈگۈنكى كۈندە ئېلېكترونلۇق ئەسۋاپلارنىڭ ئومۇملۇشۇشىغا ئەگىشىپ، بۇنداق تۇتۇلۇپ قېلىش خەۋپى زور بولغان ئۇسۇلنىڭ ئورنىغا ئىنتايىن بىخەتەر بولۇش بىلەن، ئۈنۈمىمۇ ئىنتايىن يوقۇرى بولغان ئېلېكترونلۇق جاسۇسلۇق دەسسىمەكتە. شەخسلەرگىچە ئىشلىتىلىۋاتقان تېلېپۇن، يانپۇن، كومپيۇتېر، چاقىرغۇ... قاتارلىقلار سىڭىپ كىرگۈچى جاسۇس ئورنىدا ئۇچۇرلىرىمىزنى تارقاتماقتا. بولۇپمۇ يانپۇننىڭ سۈنئىي ھەمرادىن تارقىتىلىش ئالاھىدىلىكى، ھەر شەخسنى سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق كۆزىتىش مەخسىدىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، جاسۇسلۇق پائالىيىتىنى خەتەرسىز، قولايلىققا ئىگە قىلدى. بىر مىسال:

«ئاخشام بىر يازغۇچى دوستۇم ۋە ئۇنىڭ يازغۇچى ئايالى بىلەن ...شەھەرنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە مودا بولغان بىر كاۋاپخانىسىدا ئىدىم. پەرەز قىلغىلى بولۇدۇكى، پارىڭىمىزنىڭ تېمىسى سىياسى ئىدى. گېزىتلىرىمىز توغرىسىدىمۇ بىرئاز سۆز- چۆچەك قىلىشتۇق. ئىككى سائەتچە داۋام قىلغان پاراڭ ئارىلاش تاماقتىن چىققىنىمدا يانفونۇمغا تېلېپۇن قىلغان بىر دوستۇم بىز ئۈچىمىزنىڭ كاۋاپخانىنىڭ خالى بۆلىكىدا قىلىشقان بارلىق گېپىمىزنىڭ ھەممىسىنى ماڭا تەكرارلاپ بەردى. دېيىشىچە ئۆيىنىڭ تېلېپۇنى چاپتۇ، تېلېپۇننى ئالغان ئىكەن ئۇنىڭدىن بىزنىڭ كاۋاپخانىدىكى پارىڭىمىز ئاڭلىنىپتۇ... ‹ئۈچ قېتىم قويۇۋەتتىم، تۆرتىنچى قېتىم يەنە چالدى، يەنە شۇ سۆھبەت› دېدى ئۇ دوستۇم.»

بۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، تاقاغلىق بىر يانفون ئارقىلىقمۇ (باتارىيەسى ئېلىۋېتىلمىگەن ئەھۋالدا) مەخپىي ئاڭلاش مەخسىدىگە يەتكىلى بولۇدۇ.

ھازىرقى جاسۇسلۇق خەتەرسىز بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە توغرۇلۇق نىسبىتى يوقۇرى، تەپسىلىي. چۈنكى، بەك ئىگىز ئۇچۇدىغان جاسۇس ئايروپىلانلىرى، سۈنئىي ھەمرالار رەسىم ۋە ئۇچۇرلارنى ئېلېكترونلۇق سىگنال ياكى ئىلغار ئانتېننالار ئارقىلىق يەريۈزى پونكىتلىرىغا يەتكۈزىدۇ. يوشۇرۇن ۋە ياكى يەر ئاستى ئاتوم سىناقلىرىمۇ بۆلارنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلمايدۇ.

مىللىي خەۋپسىزلىك ئاگېنتلىقى (NSA) بەلگە ئىستىخبارات ۋەزىپىسى ئۈچۈن، مۇھىتتىكى شىفىرسى يېشىلگەن ئېلېكتروماگنىتلىق دولقۇن (EMF) لارنى كومپيۇتېرغا سىمسىز ساقلاش ۋە كىشىلەرنى بەدەنلىرىدىكى ئېلېكترونلۇق ئېقىملار ئارقىلىق كۆزەتمەك ئۈچۈن بىر كومپيۇتېر پروگرامىنى ئىشلەپ چىقتى. بەلگە ئىستىخباراتى ــ ئىچىدە ئېلېكتىر ئېقىمى بولغان ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئەتراپىغا ئېلېكتروماگنىتلىق دولقۇن تارقىتىدىغان بىر ماگنىت مەيدانىغا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلانغانلىقى ئۈچۈن ئېلېكترونلۇق خۇسۇسىيىتى بولغان ئىنسان قۇرۇلمىسى ياكى ئورگانىك ھەر جىسىمنى ئۇزاقتىن ئانالىز قىلغىلى بولىدىغان سىفىرلىق (دىجىتال) بىر ئۇسكۇنىدۇر.

## قارشى جاسۇسلۇق (قارشى ئىستىخبارات)

جاسۇسلۇققا قارشى جاسۇسلۇق دېمەكتۇر. بۇ بىر شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئوخشاش، ئىستىخباراتتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەرەپ. ئىستىخباراتنىڭ مەخسىدى پەقەتلا قارشى تەرەپنىڭ ئۇچۇرلىرىنى توپلاش ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭكىنى ئىنسى ـ جىنغا بىلدۈرمەسلىك ــ «چاشقانغا كېپەك ئالدۇرماسلىق»نىمۇ مەخسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىستىخباراتنىڭ موھىم بىر تارمىقى قارشى جاسۇسلۇق (ئانتى جاسۇسلۇق).

## ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى

بىر دۆلەت ئىچىدىكى ئۆكتىچىلەرنى قوللاش مەسىلىسى ئىستىخباراتنىڭ تەشكىللەيدىغان ئىشلىرىدىن بىرى بولۇپ، نورمالدا بۇنداق ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىنى قوللاش ــ ئۆكتىچىلەرگە بولغان ئامراقچىلىق، كۆيۈنۈش، ئىنسانپەرۋەرلىكتىن كېلىپ چىققان ئەمەس، بەلكى ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتلىرى تەقەززاسى ئۈچۈندۇر. مەسىلەن: ئامېرىكا ئىراقنى ئىشغال قىلىشتىن خېلى كۆپ يىللار ئىلگىرىدىنلا CIA پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا

ئايلىنىپ، ئىراق مۇھاجىرلىرى ئىچىدىن ساددام ھۈسەيىنگە قارشى قويغىدەك ئۆكتىچى ئىزدىگەن ئىدى. مەخسەت: ئەگەر بۇنداق بىرسى تېپىلسا، ئۇنى سىمۋوللۇق شەكىلدە ئىشىنىڭ بېشىدا كۆرسۈتۈپ، ئىراقتا بىر ئاغدۇرمىچىلىق ھەركىتى تەشكىللەش، ئۆكتىچىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىدى. ئەمما بۇ ئىراقنى سادداMدىن ئىبارەت بىر مۇستەبىتتىن قۇتقۇزۇش، ئىراق خەلقىنى ئەركىنلىككە چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، ئامېرىكىنىڭ بۇ دۆلەتتىكى مەنپەئەتلىرىنىڭ تەقەززاسىدىن ئىدى.

ئۆكتىچىلەرگە ياردەم قىلىشتا، ياردەم قىلىنغۇچىنىڭ سەۋىيىسى ناھايىتى مۇھىم: ئۇلار «نادانغا بەرگەن ئېسىت كۆڭلۈم» شەكىلدە ياردەم بەرگۈچىنى ئوسال قىلىپ قويمىغۇدەك سەۋىيىدە بولۇشى ئالدى بىلەن ئويلىشىلىدۇ. ئاندىن بۇ ياردەملەر دىپلوماتىيىدە سەتچىلىك پەيدا قىلماسلىقى ئۈچۈن «پىچاق ئارىيەت ئېلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش» ئۇسلۇبىدا بولۇدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياردەم كىم تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقانلىقى پەردىلىنىدۇ. مەسىلەن: سوۋېت ئافغان ئۇرۇشىدا CIA مۇجاھىتلارغا بېرىلگەن قورال- ياراقلارنى سوۋېتتە ئىشلەنگەن، مىسىرغا ياردەمگە بېرىلىپ، مىسىر ئامبارلىرىدا بېسىلىپ ياتقان قوراللارنى سېتىۋېلىپ، پاكىستاننىڭ قولى ئارقىلىق تەمىنلىگەن؛ بۇنىڭ بىلەن گويا مۇجاھىتلار سوۋېتلەردىن ئولجا ئېلىنغان قوراللارنى ئىشلىتىۋاتقان مەنزىرە يارىتىلغان. بۇندىن باشقا تۈركىيە ئامبارلىرىدا ياتقان ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن قالغان قوراللار ئەۋەتىلگەن. چۈنكى ئامېرىكا ھەم بۇ ئۇرۇشقا ئارىلىشىپ بالاغا قېلىشتىن ئۆزىنى تارتسا، ھەم سوۋېتلەرنىڭ پەخش يەپ، ئاجىزلىشىشىنى ئىستەيتى.(بۇ ھەرگىزمۇ بەزى سىياسىيون سىياقىدىكى ئابداللارنىڭ چۈشەنگىنىدەك، «ئافغانىستاننى قۇتقۇزىۋېلىش» ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش يولىدىكى رىقابەتچىسىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن ئىدى!)

باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، ئۆز مىللىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىق سىياسەت يۈرگۈزۈشكە (ئاستىرتتىن) يېتەكلەش، مەجبۇر قىلىش قاتارلىق ئىشلارمۇ ئىستىخبارات خىزمىتىنىڭ ئۆكتىچى ھەركەت تەشكىللەش تىپىدىكى تارمىقىدۇر.

مەسىلەن: ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە مۇقىم يەرلىشىپ قېلىشى ئۈچۈن ئىراقنىڭ كۈۋەيتنى بېسىۋېلىشىدەك قانۇنىي باھانە كېرەك ئىدى. شۇڭا كۈۋەيتنىڭ ئىشغالىغا قەدەر CIA ئىراق ئارمىيىسىنى تېخنىك ۋە تاكتىكا نۇقتىلىرىدىن تەربىيىلىگەن. ئەڭ ئىلغار قوراللار بىلەنمۇ تەمىنلىگەن؛ يەنە قورال ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىمۇ بەرگەن ئىدى. ئۇرۇش ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنى بىرنەچچە پايدىغا ئېرىشتۈرگەن: ئاساسەن ھەممىسى دېگۈدەك يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا بولغان ئامېرىكا قورال سانائىتى ۋەيران بولۇش گىردابىدىن بىردىنلا گۈللەپ ـ ياشناش ۋەزىيىتىگە ئۆتكەن؛ ئامېرىكىنى ئوتتۇرا شەرقتە مەڭگۈلۈك قېلىشنىڭ قانۇنىي باھانىسى بىلەن تەمىنلىگەن؛ كۈۋەيتنىڭ قايتا قۇرۇلۇشىنى ئاساسەن يەھۇدىي شىركەتلىرى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ سەرمايىسى 50 مىليارت دوللار ئىدى. بۇندىن باشقا سەئۇدىي ئەرەبىستانى شۇ يىلى نېفتتىن 17 مىليارت دوللار پايدا ئالغان بولسا، ئۇرۇش سەۋەبىدىن (ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ چىقىملىرى، قوغدىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغدۇرغان قورال ئېھتىياجلىرى) 30 مىليارت زىيان تارتقان بولۇپ، ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆچىيىپ كېتىشىنىڭمۇ ئالدى ئېلىنغان.

## يالغان خەۋەر تارقىتىش

ئەسلىدە بۇنى تەشۋىقاتنىڭ بىر تۈرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق خەۋەرلەر رەسمىي مەتبۇئات ئارقىلىقمۇ تارقىتىلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ مەتبۇئاتچىلار تەرىپىدىن بېرىلىدىغان خەۋەر ئەمەس، ئىستىخبارات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن جامائەت ياكى نىشاننىڭ ئالاقە مۇھىتىغا مۇئەييەن بىر مەخسەتكە تايانغان ئازدۇرغۇچى، خاتا ۋە ياكى چالا ـ كەمتۈك ئۇچۇرلارنىڭ يېيىلىشى يالغان خەۋەر تارقىتىش دەپ ئاتالماقتا. بۇ ئىستىخبارات تۈرىنى سوۋېت ك گ ب سى كەشىپ قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەخسىدى: دۈشمەننىڭ مېڭىسىنى ئېلىشتۇرماق ياكى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرماق ئۈچۈن قەستەن يالغان خەۋەرلەرنى جامائەت ئىچىگە تارقىتىشتۇر.

تارىخىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ساختا خەۋەر ئويۇنى ئامېرىكىلىقلار تارقاتقان «يۇلتۇزلار ئارا ئۇرۇش» لايىھىسى بولۇپ، پۈتۈن «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كىرىشىلگەن قورال - ياراق مۇسابىقىسىنىڭ يوقىرى پەللىسى ئىدى. ئۇزۇن يىللار كېيىن ك گ ب جاسۇسلىرىنىڭ ئەسلىمىسىدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، «يۇلتۇزلار ئارا ئۇرۇش» پىلانىغا ئىشەنگەن رۇسلار ھەقىقەتەنمۇ قوراللىنىش مۇسابىقىسىدە يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولغان؛ غەرپنىڭ ئىستىلا ھەركىتى باشلىنىشىدىن ناھايىتى قورقىقان. بۇ سوۋېت ھۆكۈمىتىنى تېخىمۇ كۆپ راسخود ئاجرىتىپ، مۇقابىل قوراللار ئۈستىدە ئىزدىنىشكە مەجبۇر قىلغان. سوۋېتنىڭ رېئال ئىقتىسادىي كۈچى كۆتۈرەلەيدىغان چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ھەربىي خىراجەت، سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلەتكەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

## كۆنىمىزدىكى ئىستىخبارات تەشكىلاتلىرىغا دائىر قىسمەن مەلۇماتلار

دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىستىخبارات تەشكىلاتى ئىسرائىلىيەنىڭ MOSSAD (ھەربىي ئىستىخباراتى AMAN )؛ ئامېرىكىنىڭ CIA، FBI(ئىچكى ئامانلىقىقا قارىتىلغان)، DIA، NSA؛ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە بۈگۈنكى رۇسىيىنىڭ KGB؛ ئەنگلىيىنىڭ MI5, MI6؛ گېرمانىيىنىڭ BND قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بەزى غەرپلىك ئىستىخبارات مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يېزىشىچە خىتايلار دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمىي ئىستىخبارات ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەتتى ھېساپلىنىدىكەن. چەتئەللىك ئىستىخبارات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ كىتاپلىرىدا ھەرقاچان سۈنزىنىڭ «ئۇرۇش سەنئىتى»[1] ناملىق كىتابىدىن نەقىللەر

---

[1] سۈنزى (战术) «Zhanshu» (نەشىرتىەس شۇرۇئ) ـــ ئا.

كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن.

كۆنىمىزدە ئىستىخباراتقا بېرىلىۋاتقان ئەھمىيەت شۇنىڭدىن ئاڭلىشىلىدۇ: ئامېرىكىنىڭ NSA(National Security Agency) دا 95 مىڭ كىشى ئىشلەيدۇ، دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار كومپيۇتېرلىرى مۇشۇ يەردە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئورگاننىڭ قولىدىن يىلىغا 50 ــ 100 مىليون پارچە ھۆججەت ئۆتىدۇ. بىر كۈندە قىرىق توننا (مەخپىي) ئەخلەت چىقىرىدۇ. يىللىق مالىيە سەرپىياتى ئون مىليارد دوللار ئەتراپىدا. بۇ CIA دىن باشقا يەنە بىر ئىستىخبارات تەشكىلاتىدۇر.

NSA بۈگۈنكى كۈندە مەۋجۇت كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن 15يىل ئالغا كەتكەن نانوتېخنىكىلىق كومپيۇتېرلارغا ئىگە. بۇ تەشكىلات دۇنيانىڭ بەش قىتئەسىگە جايلاشقان ئاڭلاش سىستېمىسى ئارقىلىق ئاتموسفېرادىكى بارلىق سىگناللارنى توپلايدۇ، ئانالىز قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى تېلېفون كۆرۈشمىلىرىدىن تارتىپ، دۆلەتلەرنىڭ سۈنئىي ھەمرا سىگناللىرىغىچە بار. مەسىلەن: 1967- يىلى ئاپرېلدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالەم كېمىسى «سويۇز ــ1» يەرشارىغا قايتىپ كېلىۋېتىپ چاتاق چىققاندا، تۈركىيەدىكى NSA پونكىتى بۇ قورقۇنۇچ ۋاقەنىڭ ھەممە تەپسىلاتىنى ــ پاراشۇتتىكى چاتاق ھەققىدە سۆزلەشسىلەر، ئۇچقۇچىنىڭ خوتۇنى بىلەن ۋىدالىششى، ئۇچقۇ ئاتموسفېرادا يېنىشقا باشلىغان چاغدىكى ئاخىرقى قېتىملىق پەرياتقا قەدەر ــ خاتىرىلىگەن ئىدى.

CIA (مەركىزىي ئىستىخبارات ئاگېنتلىقى) دا ھازىر 16مىڭ كىشى ئىشلەيدۇ. يىللىق خامچوتى 30 مىليارد دوللار.

NRO (مىللىي تەكشۈرۈش ئىشخانىسى) ئەڭ باي ئىستىخبارات تەشكىلاتى بولۇپ، يىللىق مالىيە خامچوتى 50 مىليارد دوللار. بوشلۇققا قويۇپ بېرىلگەن چارلاش ۋە مەخپىي ئاڭلاش سۈنئىي ھەمرالىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

DIA (مۇداپىئە ئىستىخبارات ئاگېنتلىقى) بۇ ھەربىي ئىستىخبارات ئورگىنى بولۇپ، 15 مىلياردلىق مالىيە سەرپىياتى بار. 21 مىڭ كىشى ئىشلەيدۇ.

بۇگــۈنكى دەۋردە زامـــانىۋىي ئـــارمىيىلەر ئـــالاقە ئىشـــلىرىنى چوقـــۇم ئېلېكترونلۇق ۋاسىتىلەر بىلەن قىلىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا مەخپىيەتلىكنىڭ جاكالىنىشى دېمەكتۇر. مەسىلەن: بىر باشقۇرۇلۇدىغان بومبا ئېتىلىشتىن بۇرۇن چوقۇم سىمسىز تېلېگراپ ياكى تېلېپۇنلاردىن بۇيرۇق بېرىلىدۇ. بۇ دېمەك، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىن خەۋەردار بولۇش دېمەكتۇر. ئۇنىڭسىزمۇ، باشقۇرۇلۇدىغان بومبا، ئېتىشقا ھازىرلانغىچە ئارىلىقتا سانسىز مىكرو دولقۇن سىگناللىرى تارقىتىدۇ. بۇمۇ قارشى تەرەپ ئۈچۈن ئىستىخبارات بېرىدۇ.

بۇ دېمەك، بۇگۈنكى ئىستىخباراتنىڭ خاراكتېرى ئېلېكترونلۇق ئىستىخباراتتۇر. بۇ نۇقتىدا شۇنى دېمەك مۇمكىنكى، ئېلېكترونلۇق ئىستىخباراتنىڭ بۇگۈنكى تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتتى. بۇنى شۇ سوئال - جاۋاپلاردىن بىلىشكە بولۇدۇ:

غەرپ رازۋېدكا فىلىملىرىدىكى ئۈستۈن ئېلېكترونلۇق كۆزۈتۈش تېخنىكىسى، كومپيۇتېرلاشقان ئايرىۋاشلاش، تەھلىل، خۇلاسە چىقىرىش جەريانلىرى ھەققىدە خىزمەتتىن ئايرىلغان بىر CIA خىزمەتچىسىدىن شۇنداق سورالغان:

— كىنولاردا كۆرسۈتۈلۈدىغان رازۋېدكىغا دائىر تەرەققىياتلار ھەرقانچە بولسىمۇ راست ئەمەستۇر؟ فانتازىيەدۇر؟

— راستلىقىغۇ راست، ئەمما بۇگۈنكى سەۋىيە ئەمەس، 15 يىلنىڭ ئالدىدىكى سەۋىيە.

يەنە بەزى مۇتەخەسسىلەرنىڭ بىلدۈرىشىچە، بۇگۈنكى ئۈستۈن ھەربىي تېخنىكىلارنىڭ كومپيۇتېر بىلەن باشقۇرۇلۇشى، يەنە شۇنداق بىر يوچۇقنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىدۇ: كومپيۇتېر پروگراممىلىرى ئارقىلىق، دۈشمەننىڭ سىستېمىغا كىرىش يوللىرىنى تېپىش، سىستېمىلىرىنى بۇزۇش ياكى يۇتۇلۇش ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ئېتىلغان باشقۇرۇلۇدۇغان بومبىلارنى كەينىگە قايتۇرۇپ، قوزغالغان مەنبەسىگە ياكى ئاتقۇچىلار تەرىپىدىكى باشقا نىشانلارغا بۇرىۋەتكىلى بولۇدۇ.

خۇددى شۇنداق. بۇگۈنكى ئېلېكترونلۇق ئىستىخبارات، ئىستىخبارات

ساھەسىدە ئىشلەيدىغانلاردىن باشقىلار تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك مەنزىلگە كەتتى. بۇ جەھەتتە ئەڭ ئىلغار ئېلېكتىرونلۇق ئىستىخبارات ئورگىنى سۇپىتىدە يەنىلا ئامېرىكىنىڭ مىللىي ئامانلىق ئاگېنتلىقىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

بۇ تېخنىكىلاردىن بەزىلىرى مۇنۇلار:

## يىراقتىن RNM ئەسۋاپلىرى

NSA نىڭ RNM جاھازى (يىراقتىن مېڭە كونترولى) كۆزىتۇلۇۋاتقان كىشلەرنىڭ مېڭىسىدىكى پوتېنسىياللارنى يىراقتىن ئوقۇيالايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىرىملىرى (بىرىم — بەرگەن نەتىجىسى، بەرگەن مەھسۇلاتى، بەرگەن،...قاتارلىقلار)نى تەسىرگە ئۇچراتماق ئۇچۇن نىرۋا سىستېمى ئارقىلىق ئۇچۇر ئەۋەتەلەيدۇ. RNM ئېلېكترونلۇق بولۇش بىلەن شەخسلەرنى تونۇيالايدۇ ۋە ئۇلارنى ئامېرىكىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە تورۇپمۇ كۆزىتەلەيدۇ.

## ئىنسان مېڭىسىدىكى EEG ئوقۇيالايدىغان ئالاھىدە EMF جىھازى

NSA دىجىتال (سىفىرلىق) كومپيۇتېر بىلەن كىشىلەرنى تونۇش ۋە كۆزىتىشنى قىلالايدۇ. NSA بەلگە ئىستىخباراتىدىن كەلگەن EMF (ئېلېكتروماگنىتلىق مەيدان) سىگنالى بىلەن ئىشلەنگەن ESB (مېڭە لكترىئونلۇق ئاگاھلاندۇرۇش) كىشىلەرنى كونترول قىلىش ئۇچۇن ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

## تېلېفون ئاڭلاش

تېلېفون ئاڭلاش بىر قەدەر ئومۇملاشقان ھەتتا ئادەتتىكى ئىستىخبارات مېتودىغا ئايلىنىپ قالغان بىر ئىش بولغاچقا، ھەممە كىشىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بار. ئەمما ئۇنىڭدىمۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تەرەققىيات بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ دەرىجىدە ئىلگىرى كەتكەنلىكى كىشلەرنىڭ يەنىلا ئەقلىگە كەلمەيدۇ.

بۇ مەۋزۇدىكى ئاڭلاش پەقەت تېلېپۇن ئاڭلاشقىلا قارىتىلمايدۇ. چۈنكى تېلېپۇن ئاڭلاش ئىنتايىن قولاي بىر ئۇسۇل بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بۇنى كىچىك بالىلارمۇ بىلىدىغان ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. مەخپىي ئاڭلاشنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. ھەتتا ئوق ئۆتكۈزمەيدىغان، ئاۋاز ئۆتكۈزمەيدىغان ئالاھىدە ئەينەكلەردىنمۇ ئاڭلاش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى:

ئۆي ئىچىدىكى ئاۋازلار ئەينەك يۈزىدە بەلگىلىك ئۆلچەمدە تىترەش ھاسىل قىلىدۇ. نورمالدا ھېچ ھېس قىلغىلى بولمايدىغان بۇ خىل تىترەش سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق پەرق قىلىنىدۇ، كۈچلەندۈرۈلۈدۇ ئاندىن يېشىلىدۇ. يەنى تەۋرىنىش خۇددى خېمىيەلىك تەجرىبىگە ئوخشاش قايتىدىن ئاۋازغا ئۆزگەرتىلىدۇ.

## ئېلېكترونلۇق جاسۇسلۇق

بۈگۈنكى كۈندە ئېلېكترونلۇق جاسۇسلۇقنىڭ تەرەققىياتى ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىغان بىر سەۋىيەگە يەتتى.

مەسىلەن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە ئىشغالىيەت ئاستىدىكى دۆلەتلەردە گېرمانىيە ئالاقە سىستېمىسى، قاتناش سىستېمىسى، ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى قاتارلىقلارنى بۇزغۇنچىلۇققا ئۇچراتماق ئۈچۈن مىڭلارچە قارشىلىق كۆرسەتكۈچى پارتىزانلارنى سەپەرۋەر قىلىشقا توغرا كېلەتتى. جېنىنى ئالقىنىغا ئالغان ئاگېنتلار ھاياتىنى دوغا تىكىپ، تېلېپۇن سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرىنى ۋە كۆۋرۈكلەرنى پارتىلىتىشى، ئوق - دورا توشۇۋاتقان پويىزلارغا ھۇجۇم قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمدى سىفىرلىق (دىجىتال) جاسۇسلۇق دۇنياسىدا بولسا ئوخشاش ئىشنى مىڭلارچە كىلومېتىر ئۇزاقتىكى شەخسىي بىر كومپيۇتېرنى ئىشلىتىپ قىلغىلى بولىدۇ.

شۇنداق بولغاچقا، بىرمۇنچە دۆلەتلەرنىڭ مىللىي بىلىم ئاساسىي زەئىپ بولۇشى، ئۇلارنى كەلگۈسىنىڭ سىبەر ئۇرۇشلىرىدا مۇداپىئەسىز قالدۇرۇدۇ. بۇ ئەسنادا، تېخىمۇ تېز ۋە ھۇجۇمچى كومپيۇتېرلار ئىشلەپچىقارماق ئۈچۈن مىليارتلاپ دوللار مەبلەغ سېلىنىۋاتىدۇ. دۈشمەننىڭ ئۇچۇر سىستېمىغا

سىڭىپ كىرەلەيدىغان جاسۇس پروگراملىرى ئىشلىمەكتە. بۇ ئارىدا ھەتتا بولغۇسى بىر ئۇرۇشتا ئىشقا سېلىش ئۈچۈن ھازىرلانغان ئونلارچە كومپيۇتېر ۋىرۇسى تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق ۋىرۇسلار دۈشمەن دۆلەتنىڭ پۈتۈن كومپيۇتېر سىستېمىنى يېمىرىپ تاشلايدۇ؛ ئىقتىسادىنى، ئالاقە ۋە ھەتتا دۆلەت مۇداپىئە سىستېمىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

## سىبەر ئىستىخبارات

Cyber ئىستىخبارات ــ ئېلېكترو- ئاپتوماتىك ۋە دىجىتال (سىفىر) سىستېمىلىرى بىلەن ئىلغار تېخنولوگىيە مۆجىزىسى بولغان ماشىنىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە كونترولى «سىبەرنېتىك» دەپ ئاتالماقتا.

بۇ تۈردە، تور ئارقىلىق ئۈچۈر ئوغۇرلاش، بۇزغۇنچىلىق، كونترول قىلىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. يۇمشاق دېتاللاردىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ كومپيۇتېرىغا جاسۇسلۇق سىستېمى يۈكلەش، بۇنىڭ بىلەن بۇ كومپيۇتېرنى شېرىك كۆرۈپ تۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپلا قالماي، بەزى يۇمشاق دېتاللار ئىشلەپچىقارغۇچىغا كېرەكلىك ئۈچۈرلارنىلا توپلاپ، بۇ يۇمشاق دېتالنى ئىشلەتكەن كومپيۇتېرلاردىن خوجايىنىغا يوللاپ تۇرۇشقا «ئۆگۈتۈلگەن» ئەقىللىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا.

مەسىلەن: پىرومىس ناملىق يۇمشاق دېتال ساقچى ئورگانلىرىدا ئىشلىتىشكە ماس كېلىدىغان دېتال بولۇپ، ئىزدىگەن شەخسنى تېپىش ياكى مەلۇم شەخس ھەققىدىكى بارلىق ئۈچۈرنى دەرھال بىر يەرگە توپلاش قاتارلىق ئىشلارغا يارايتى. بۇ دېتال ساقچى ئىدارىلىرى تەرىپىدىن مەمنۇنىيەت بىلەن قارشى ئېلىنغان. دۇنيادا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ساقچى ئورگانلىرى سېتىۋېلىپ ئىشلەتكەن. ئەمما بۇ يۇمشاق دېتال كۆرۈنگەن يۈزى بىلەن ساقچىلارنىڭ ئىشىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىش بىلەن بىللە، ساقچى ئىدارىسىنىڭ كومپيۇتېرىدىكى بارلىق ئۈچۈرنى يۇمشاق دېتالنى ئىشلىگەنلەرگە يوللاپ تۇرۇدۇغان يوشۇرۇن ۋەزىپىنىمۇ ئورۇندايتى.

فىرانسىيە ئىستىخبارات تەشكىلاتى مىكروسوفت ۋىندوۋسنىڭ بەزى

يوشۇرۇن «ئارقا ھويلا»لىرى بارلىقىنى بايقىغان. ئەمما بۇ ئارقا ھويلالار زادى نېمە ئۈچۈن كېرەكلىكىنى جەزم قىلالمىغان. يەنى ۋىندوۋسنىڭ ئومۇمىي مەشغۇلاتىدا «كېرىكى يوق» بەزى ھۆججەتلەرنىڭ بارلىقى بايقالغان. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئىستىخباراتچىلىق ۋەزىپىسى بولىشى مۇمكىنلىكى پەرەز قىلىنغاچقا، فىرانسىيەدە مىكروسوفت مەھسۇلاتلىرىنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنغان. كېيىن رۇسىيە ھۆكۈمىتىمۇ مىكروسوفت مەھسۇلاتلىرىنى ھۆكۈمەت كومپيۇتېرلىرىدا ئىشلەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزلىرى يۇمشاق دېتال ئىشلەپ چىققان.

مىكروسوفت مەھسۇلاتلىرى ھەققىدىكى گۇمان بەزى دۆلەتلەرنىڭ تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلگەن. كانادالىقلار مىكروسوفت مەھسۇلاتلىرىدا NSA بەلگىلىك بەزى كودلارنى بايقىغان ئەمما شىفىرلىرىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ يېشەلمىگەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇمشاق دېتال شىركەتلىرى بىلەن ئىستىخبارات تەشكىلاتلىرى ھەمكارلىقىدا ئوينالغان بەزى ئويۇنلارنىڭ بارلىقى قىياس قىلىنماقتا.

كومپيۇتېر قاراقچىلىرى (ھاكېر)نى ئومۇمەن ئىسرائىلىيە يوقۇرى مائاش بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئىشقا سالىدىغانلىقى، ھەر قېتىملىق ھاكېرلار ئۈچرىشىشى ئىسرائىلىيەدە بولۇدىغانلىقىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

## ۋۇقيېلېتلاق (Echelon)

دۇنيادىكى بارلىق تېلېفون، فاكس، يانفون، SMS ۋە ئېلختەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان غايەت زور بىر «قۇلاق» — تېلېقۇلاق. دۇنيانىڭ يوشۇرۇن بىر قۇلاق تەرىپىدىن تىڭشىلىۋاتقانلىقى 1960 - يىلى بىلىنگەن ئىدى. سوۋېتكە ئىلتىجا قىلغان NSA خىزمەتچىسى بېرنون مايكىل ۋە ۋىليام مارتىنىنىڭ ئاخباراتچىلاغا ئاشكارىلىشى بىلەن NSA نىڭ 2000 جايدىكى تىڭشاش پونكىتى ۋە بۇ پونكىتلار جايلاشقان دۆلەتلەر داخىل 40 دۆلەتنىڭ ئوغۇرلۇقچە تىڭشىلىدىغانلىقى مەلۇم بولغان ئىدى. بۇ

1960 ـ يىلىدىكى سەۋىيە بولسا، بۈگۈنكى ئەھۋال قانداقتۇ؟ بۇنى قىياسەن ھېس قىلىش مۇمكىن.

## ئېلېكتروماگنىتلىق ۋە پسىخوترونىك ئوپېراتسىيىلەر

كومپيۇتېرىڭىزنىڭ كونۇپكا تاختىسىدىن، ئېكرانىدىن، مودېم كابېلىدىن ۋە باشقا بۆلەكلىرىدىن تارقىلىدىغان ئېلېكتروماگنىتلىق تارقىلىملار كونۇپكا بېسىشلىرىمىز، ئېكراننىڭ كۆرۈنۈشلىرى ۋە مودېمدىن ئۆتۈۋاتقان سىگناللارغا مۇناسىۋەتلىك. كېرەكلىك جىھازلىرى بولغان بىرى بۇ نۇرلارنى بىر ھەتتا ئىككى كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىن خاتىرىلىيەلىشى مۇمكىن. ھەمدە ئېكرانىڭىزدا كۆرۈنگەنلەرنى، كونۇپكىدىن نېمىلەر كىرگۈزگەنلىكىڭىزنى ياكى مودېمىڭىزدىن نېمىلەرنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بۇ نۇرلارغا ئىشلەش ئارقىلىق تەكرار قۇراشتۇرالايدۇ، كۆرۈنۈش ھاسىل قىلالايدۇ. بۇلار ئېلېكتروماگنىتلىق ئوپېراتسىيىلەردۇر.

بۇنداق ئۇلترا نۇر يېيىلىمىنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن گۇمانلىنىدىغانلار ھەرقانداق بىر ئەرزان رادىئو ئارقىلىق كومپيۇتېر تارقاتقان «پارازىت»لارنى ئوخشىمىغان دولقۇنلاردىن ناھايىتى ئاسان ئۇقالايدۇ. مانا شۇ «پارازىت»لارنى ئوقۇغۇلى بولىدىغان بەلگىلەرگە ئايلاندۇرۇش تەسەۋۋۇر قىلىنغىنىدىن ئاسانراق.

بۇنداق ئېلېكتروماگنىتلىق كۆزىتىش ۋە ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاشتىن ساقلىنىش ئۇسۇللىرى شۇلار:

ئىشلىتىلىۋاتقان جىھازنىڭ دولقۇن تارقىتىشىنى نىقاپلاش، سۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق توسۇۋالماق؛ يېيىلىۋاتقان دولقۇنلارغا شاۋقۇن ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇققىلى بولماس ھالغا كەلتۈرۈش ياكى جىھازنىڭ ئىشلەش ئاساسىنى يەڭگۈشلەش ئارقىلىق، يېيىلغان بەلگىلەرنى ئىشلەپچىققان ئۇچۇردىن تازىلىماق.

## قورقۇنۇچلۇق قورال  ئېلېكترومېخانىك بومبا

ئامېرىكا رايدېئون شىركىتى يولۇچى ئايروپىلانلىرىنى يەردە تۇرۇپ تىزگىنلەش سىستېمى بولغان JPALS نى جىددىي تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ تۈر ئىشقا ئاشسا، كونترولىنى يوقاتقان يولۇچى ئاپروپىلانلىرى يەردىن باشقۇرۇلۇپ، ئامان- ئېسەن نىشانغا يەتكۈزىلىدۇ؛ ياكى ھاۋا قاراقچىلىرى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان ئايروپىلانلارنىڭ ئۈچۈش سىستېم كودلىرى (ئۈچقۇچى بەرمىگەن تەقدىردىمۇ) يېشىلىدۇ ۋە كوترولى ئىشغال قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەتتا ھاۋا مۇداخىلەسىگىمۇ ئارىلىشىپ، بىخەتەر بىر يەرگە قوندۇرۇۋېلىنىدۇ. ھەتتا بۇ تېخنىكا بىلەن ئادەتتىكى يولۇچى ئايروپىلانى بىر باشقۇرۇلۇدىغان بومبا ئورنىدا قوللۇنۇلىشى ھەم مۇمكىن. ئامېرىكا 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسى تۈپەيلىدىن بۇ تېخنىكىنى بىرلىرى قولغا كىرگۈزىۋالغانمىدۇر، بۇ شۇ تېخنىكا سايىسىدە قىلىنغان ۋاقەمىدۇر دېگەن گۇمان بىلەن بارلىق مۇناسىۋەتلىك كىشى ۋە ئورۇنلارنى قاتتىق تەقىپتىن ئۆتكۈزدى. چۈنكى بۇ تېخنىكىنىڭ تېرورچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى ھەرقانداق دۆلەتنى تەشۋىشكە سالاتتى.

ئامېرىكا يەنە ئېلېكترومېخانىك بومبا ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ بومبا تەسەۋۋۇرنى ھالقىغان ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن. ھەر ئىش كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا بولۇپ بولىدۇ: ئۆينىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان بىر كىشى ئاۋال ئۇزاقتىن كېلىۋاتقان قاسىلداشنى ئاڭلايدۇ. بۇ ئاۋازنى چاقماق چېقىش دەپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ بۇلارنى ئويلاپ بولغىچىلىك ئارىلىقتا بۈگۈنكى مەدەنىي دۇنيا ئەڭ ئاز 200 يىل ئارقىغا، توكنىڭ كەشپ قىلىنىشىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تاقاقلىق بولىشىغا قارىماي، تېلېۋىزور ئېكرانلىرى فتورلۇق نۇر بىلەن قورقۇنچ شەكىلدە پارلايدۇ. توك ۋە تېلېفون سىملىرى شۇ قەدەر قىزىيدۇكى، پىلاستىك قېپى ئېرىپ كېتىدۇ؛ ئۇزۇن قاتلىمى كۆيگەن پىلاستىك پۇرىقى بىلەن تولىدۇ.باتارىيىلەر قىزىپ، قول بىلەن تۇتقۇسىز ھالغا كېلىدۇ؛ كومپيۇتېرلار كۈلگە ئايلىنىدۇ. رادىئولار، تېلېفونلار، سىمسىز سۆزلەشكۈچلەر، بارلىق ماشىنىلار ھېچ كېرەككە كەلمەس ھالغا كېلىپ، ئۈنى ئۆچىدۇ. ئەمما بۇنىڭدا ئىنسانغا ھېچ زىيان كەلمەيدۇ ـ يۇ، ئىنسانلىق جەمىيىتى 200 يىل ئارقىغا چېكىنىدۇ. ئاۋستىرالىيەلىك يوقۇرى

تېخنىكىلىق ئۈزۈش مۇتەخەسسىسى كارلو كوپپانىڭ دېيىشىچە بۇ قورقۇنۇچ قورالنى 1940- يىللارنىڭ تېخنىكىسى بىلەنمۇ ياسىغىلى بولۇدىكەن. تېخىمۇ يامان يېرى بۇنى 400 دوللارچە سەرپىيات بىلەن پۈتتۈرگىلى بولۇدىكەن! بۇ دېمەك، بۇنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى شەخسلەر ئۈچۈنمۇ مۇمكىن بولۇدىغان چەكتە بولغانلىقى، يامان ئادەملەرنىڭ بۇنى تەتقىق قىلىپ ياسىۋېلىش ئېھتىماللىنىڭ چوڭلىقى دېمەكتۇر.

## زېھىن كونترولى ۋە ئىستىخبارات

زېھىن كونترولى — بىر كۆچ مەركىزى تەرىپىدىن بىر كىشى ياكى بىر ئىنسان توپىنىڭ ھەددى ـ ھەركىتىنى كونترول قىلىش، ئالماشتۇرۇش ياكى يۆنىلەندۈرۈش دېمەكتۇر.

دەسلەپكى چاغلاردا ئۆز ئارا رەقىپ ئىستىخبارات تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرىگە قارىتىلغان بۇ خىل كونترول مېتودى، بۈگۈن باشقۇرۇش ئاستىدىكى بارلىق شەخسلەرگە، گورۇپپىلارغا ھەتتا كەڭ ئاممىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولماقتا. يەنى زېھىنلىرى كونترول قىلىنغانلار باشقىلارنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن ئىش ـ ھەركەت قىلىدۇ؛ ئەگەر مەلۇم بىر ۋەزىپىگە ئەۋەتىلگەن ئادەم يىراقتىن كونترول قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىختىيارىدىن ئەمەس، كونترول قىلغۇچىنىڭ مەيلى بىلەن قىلدۇرۇلۇدۇ ياكى قىلماقچى بولغان ئىشى ئەكسىچە تەرەپكە يەتكۈشلىۋېتىلىدۇ.

بۇ ئۇسۇل ھازىر رەسمىي ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە قاراشلار ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە: يىراقتىن كونترول قىلىنغان ئادەم ئارقىلىق، «جانلىق بومبا» يەنى، ئۆلۈۋېلىش خاراكتېرىدىكى ھۇجۇملار تەشكىللىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

شۇئانغا قەدەر بولغان زېھىن كونترول مېتودلىرى شۇنداق تۈرلەندۈرۈلگەن:

**ئا. كوچا تىياتىرى (Street Theatre):** سوتسىيال پىسخولوگىيەدىكى «ئىتائەت سىناقلىرى»نىڭ نەتىجىلىرىدىنمۇ پايدىلىنىپ، كوچىدىكى

كىشىلەرنىڭ ھەركەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدىن تاشقىرى، بىر سىنارىيەدىكىدەك يەڭگۈشلىۋېتىشنى مەخسەت قىلىدۇ.

**ئە. كۆزۈتۈشكە تېگىش تەرەپلەرگە يۆنىلەندۈرۈش (Surveillance Information):** بۇ مېتوددا مەخسەت، كىشىنىڭ بەدىنىگە ئۇنىڭ خەۋىرىسىز جايلاشتۇرۇلغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەر تۈرلۈك كۆزۈتۈش جىھازلىرى ۋاستىسى بىلەن، ئىش ـ ھەركىتىنى خاتىرىلەيدىغان خەۋەر قىلغۇچى ئورناتماق ۋە بۇنىڭغا تېلېپون ئاڭلاش، ئېلخەتلەرنى ئوقۇش، تېلېپون ۋە ئېلخەت ئوغۇرلۇقى، پىتنە ـ پاسات پەيدا قىلىش، مەتبۇئاتتا يالغان خەۋەر تارقىتىش تېخنىكىلىرىنى قوشۇمچە قىلىپ، كىشىنىڭ ھەركىتىنى بەلگىلىك بىر نۇقتىغا قارىتا يۆنىلەندۈرمەكتۇر.

**ب. ھىپنوز[1] ۋە دورىلار:** بۇ قەدىمدىن كېلىۋاتقان، رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بىر خىل قىلىق بولۇپ، ئىنساننى «ئۈچەك» ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى ئوي ـ خىياللىرىنى بىلىۋېلىش، ئىختىيارىدىن تاشقىرى (ئاڭسىزلىق ئىچىدە) كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى ئاشكارىلاتقۇزۇش ئۇرۇنۇشىغا قارىتىلغان. يەنە يېڭىدىن بۇ خىل روھىي ھالەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ياكى كۈچەيتىدۇ دەپ قارىلىدىغان دورىلار بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ، ئىنسانلار ئۈستىدە سىنالماقتا.

**پ. ئىدىيە تازىلاش:** بۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شۇنىڭدەك مۇستەبىت تۈزۈملەردە كۆپ ئىشلىتىلگەن، ھەممە كىشىنى ماشىنا ئادەمگە ئايلاندۇرۇش، دۆلەت قانداق خالىغان بولسا شۇنداق ئويلاش، شۇنداق پىكىر قىلىشقا يېتەكلەشكە قارىتىلغان ئاتالغۇ بولۇپ، بۈگۈنكى جاسۇسلۇق بۇنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرماقتا.

[1] ھىپنوز ـــ ئىلگىرى رۇسچىدىكى تەلەپپۇزى «گىپنوز» شەكلىدە قوبۇل قىلىنغان ئىدى. بۇ بىر خىل داخانلارنىڭ كېسەلنى «يىقىتىپ، سۆزلىتىش» ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان پسىخولوگىيىلىك داۋالاش ياكى دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى ئىدى، ـــ ئا.

**ت. مىكرودولقۇن ئارقىلىق غولغۇن توپنى كونترول قىلىش قورالى:** ئاتوم بومبىسىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ كەشپىيات دەپ قارىلىۋاتقان بۇ قورالنىڭ ئاممىۋىي نامايىشلارنى قانسىز شەكىلدە باستۇرۇش مەخسىدى بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. «زېھىن كونترولى» تېپىدا بۇنداق بىر قورالنىڭ ئورۇن ئېلىشىنىڭ سەۋەبى، بۇ قورال تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بۇنى سەزمەسلىكىدۇر.

# ئېچىتىش

ئېچىتىش — Provacation (پىرووكېيشەن) — ئىستىخباراتتىكى يەنە بىر مېتود بولۇپ، مەلۇم جامائەت، مەلۇم پارتىيە- گورۇھ، مەلۇم دۆلەتنى كۆزلىگەن كۆز قاراشقا، مەيدانغا، پوزىتسىيىگە،... كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېچىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئېچىتىش ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى ئوپېراتسىيە شەكلى، بۇ بەلكىم قانلىق ئوپېراتسىيە بولىشىمۇ مۇمكىن؛ يەنە بىرى تەشۋىقات ئارقىلىق ئېچىتىش. ئەمما ھەر ئىككىسىدە تەشۋىقات بار. يەنى ئاۋالقى ئۇسۇل (ئوپېراتسىيە) ئارقىلىق قانلىق ۋاقە تۇغدۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال تەشۋىقات مېخانىزمى ئىشقا چۈشۈپ، ۋاقەنى كۆزلەنگەن يۆنىدە مۇلاھىزە قىلىپ، جامائەتنىڭ (دۆلەتنىڭ، پارتىيە- گورۇھنىڭ) غەزىپى كۆزلەنگەن يۆنىلىشكە توغرىلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە تۈركىيە ئىستىخبارات ئورگىنىدا ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان ماھىر قايناق «ئەرگەنىقون» ناملىق كىتابىدا شۇنداق يازىدۇ:

«بىر گورۇھنىڭ دۇنيانى ياكى بىر دۆلەتنى باشقۇرۇدىغانلىقىنى قوبۇل قىلدىغان بولساق، ئېچىتىش ئۇلارنىڭ مېتودلىرىدىن بىرىدۇر.

«ھەرقانداق بىر جىنايەت ئۆتكۈزۈش ياكى بىر قارشىلىق ھەركىتى قىلىش نىيىتىدە بولمىغانلارنى ئاۋال جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە، قارشىلىق ھەركىتى ئېلىپ بېرىشقا ماقۇل كەلتۈرۈپ، ئاندىن بېرىپ پاش قىلىسىز. بۇ ئۇسۇل مەلۇم توپلارنى (جامائە، گورۇپ) تۇتقۇن قىلماق مەخسىدىدە قىلىنىدۇ. ئاتالغۇ

دەسلەپ مۇشۇ خىل قىلمىشتىن كېلىپ چىققان. بىرمۇنچە ئادەملەرگە بېرىپ دەيسەنكى، ‹قېرىندىشىم، بېرىپ دۆلەتنى ئاغدۇرايلى، ئورنىغا ئىسلامىي تۈزۈم ئورنىتايلى....› ئۇلارنىڭ ھېچ ئۇنداق نىيىتى يوق. باشلامچىلىق قىلىسىز، كېيىن ھەممىسىنى دۆلەتكە مەلۇم قىلىپ، قولغا ئالدۇرىسىز. شۇنداق قىلىپ، بۇ كىشىلەرنى ئوتتۇرىدىن قالدۇرىسىز. ئېچىتىش دېگەن مانا شۇ.

«ئەڭ مۇھىم ‹ئېچىتىش› 11- سىنتەبىر ۋاقەسىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيەدە مېترو بېكىتىدىكى پارتلاشلار ناھايىتى ياخشى مىسال. ئەنگلىيە ئىشغالچى بولىشىغا قارىماي، ھەم مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى، ھەم مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىڭغا ئىراقتا ئۇلار يوقتەك مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. مېترودىكى ئوپېراتسىيە بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتىكى: ئەنگلىيىلىكلەر ئىراقتا ئىدى، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ دۈشمىنى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە خەلقى مۇسۇلمانلارنىڭ ‹تېرورىست› ئىكەنلىكىنى بىلدى. بەك قاملاشقان بىر ئوپېراتسىيە ئىدى ۋە بۇنىڭ ئەل- قائىدە تەرىپىدىن قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قىلالىسا پەقەت ئامېرىكا قىلالايتى. يەنى، ئامېرىكا ئەنگلىيىگە: ‹مېنى يالغۇز قويۇۋاتىسەن، پۇتۇن تالۇنلارنى مەن تۆلەۋاتىمەن، بىر ئازىنى سەن تۆلە› دېمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.»

يەنە بۇنداق «ئېچىتىش»لار باشقىلارنىڭ نامى بىلەن، يەنى «پىچاق ئارىيەت ئېلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش» شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە يوقارقى مەنبەدە شۇنداق دېيىلىدۇ:

«باشتا ئۆز نىشانى، ئەزالىرى (كادىرلىرى) بولغان بەزى تەشكىلاتلار كۆچىنى يوقاتقاندىن كېيىن ياكى قارشى تەرەپنىڭ كونتروللىقىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنمۇ دەرھال يوقۇتۇۋېتىلمەيدۇ. (تەشكىلات) ئىسمى ۋە كادىرلىرىنىڭ بىر قىسمى ‹ياغلىق قاپاق› قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قېلىنىدۇ؛ باشقا كۈچلەرنىڭ قىلغان ئوپېراتسىيەلىرى ئۇلارنىڭ ئېتىغا يېزىلىدۇ.»

مەسىلەن، بۇ نۇقتىدا ئوسامە بىن لادىننىڭ تۇتۇلماسلىقى، ئەل- قائىدەنىڭ مەۋجۇتلۇقۇنى ساقلىشى قاتارلىق مىساللارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىسمى يەنە كېرەك بولۇدىغانلىقى، قىلىنغۇسى بەزى ئوپېراتسىيەنىڭ يامان ئاتىقى ئۈچۈن ئادرېس كۆرسىتىشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن

ساقلىنىۋاتقانلىقى سىر ئەمەس.

«باشتا بۇنداق بىر تەشكىلات بولمىسىمۇ، خىيالىي بىر تەشكىلات يارىتىلىپ، ۋەقەلەرگە ئۇنىڭ ئىسمى قويۇلىدۇ. مەخسەت توپلۇمنى (ئىجتىمائىي كوللىكتىپنى ـ كىشىلەر جەمىيىتىنى) بەلگىلىك بىر يۆنىلىشتە شەرتلەندۈرمەك بولسا، تەشكىلاتنىڭ بار- يوقلۇقى، ياكى باشتىكى نىشانىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ئوپېراتسىيەنى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈچ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋېلىپ، خالىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى مۈمكىن.»

يەنە ئوتتۇرۇلۇقنى قوچۇش، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن بەزىدە ئوخشىمىغان گورۇھلار شەكلىدە ئوپېراتسىيە ئېلىپ بېرىلىشى مۈمكىن. كۆپ هاللاردا جامائەت بۇلارنى بىر نەچچە ئوخشىمىغان تەشكىلات، ئوخشىمىغان پارتىيە- گورۇھ سۈپىتىدە كۆرۈشى مۈمكىن. ئەمما بۇلارنىڭ ئەسلىدە بىر قوماندانلىقتىن باشقۇرۇلۇدىغانلىقى ئەقلىگە كەلمىكى تەس. يۇقارقى كىتاپتا بۇ ھەقتە شۇنداق دېيىلىدۇ:

«بىر بىرىگە قارىمۇ ـ قارشىدەك تۇيۇلۇدۇغان تەشكىلاتلار بىرلا كۈچنىڭ كونتروللىقىدا بولىشى مۈمكىن. بۇنداق قارىمۇ قارشىلىقتىن ئىككى نەتىجە كۈتۈلۈشى مۈمكىن: يا تەرەپلەردىن بىرى ۋەكىللىك قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىنغان تەشكىلات باهانە قىلىنىپ، ئۇنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسى يىمىرىپ تاشلىنىشى مۈمكىن؛ يا ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ماجراسىنى بېسىقتۇرغۇچى سۈپەتتە ئوتتۇرىغا هاكىم بولۇنۇدۇ.»

بۇ بىزنىڭ يېقىن كەچمىشىمىزدە مىسالىغا دۇچ كەلگەن بىر خىل مېتودتۇر.

«ئاۋال سىياسىي نىشانى بولغان ۋە تېرورچىلىق قىلىدىغان بىر تەشكىلات قۇرۇلۇدۇ ياكى بار بولغان بىر تەشكىلات كونتروللۇققا ئېلىنىدۇ. ئاندىن بۇنىڭ بىلەن سۈركۈلۈش قىلىدىغان، قارشى كۆز قاراشتىكى بىر تەشكىلات تەشكىللىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئۆزئارا تىركىشىۋاتقان مەزگىلىدە توپلۇم كەڭ كۆلەملىك ئۇچۇر بېسىمى ئاستىدا قالىدۇ ۋە (باشقۇرغۇچى) خالىغان كۆز

قاراشلار تولۇم ئىچىدە شەكىللىنىدۇ.»

**خۇلاسە**

جاسۇسلۇقنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى پەقەتلا تېخنىكىلىق يېقىندىنلا ئەمەس، ئۇسۇللىرى، تۈرلىرى جەھەتتىنمۇ تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان سەۋىيەدە. سىز ئۆزىڭىزنى ھەرئان بىر يوشۇرۇن كۆزنىڭ كۈزىتىپ تۇرغانلىقىنى پەرەز قىلىسىڭىز خاتالاشمايسىز؛ بىر يوشۇرۇن قۇلاقنىڭ ئاڭلاپ تۇرغىنىنى قىياس قىلىسىڭىز يېڭىلىشمايسىز.

# يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇللىرى ـ 1

## ھېكايە توقۇش:

يەر ئاستى خىزمىتىدە ھەر زامان تۇتۇلۇپ قېلىش خەۋپى بولىدۇ. شۇڭا تۇتۇلۇپ قېلىشقا ھەرزامان روھىي تەييارلىق بولۇشى كېرەك.

تۇتۇلۇپ قالغاندا ھەممە يەر ئاختۇرۇلۇپ، يىپ ئۇچى بولۇش ئېھتىمالى بولغانلىكى نەرسە كۆزدىن قاچۇرۇلمايدۇ. سوراق ھەرگىزمۇ بىكارچى يەردىن سورالمايدۇ. ھەققىمىزدە توپلانغان بارلىق يىپ ئۇچى بىر يەرگە كەلتۈرۈلۈپ تەھلىل قىلىنغاندىن كېيىن، سوراقنىڭ تەرتىپى، سورۇلۇدىغان سوئاللار، ھەتتا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ دەللىك ياكى مۇجمەللىكلىرىگىچە ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلىنىپ سورۇلىدۇ. شۇڭا، يانچۇقىمىزنى ئاختۇرغاندا چىققان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە باغلىنىشلىق دېتاللىرى بولغان بىر ھېكايە ئارقىلىق، بەزى مۇھىم ئۇچۇرلارنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ. ئەگەر سۆزلىگەن «ھېكايە»مىز يېنىمىزدىن چىققان نەرسىلەر تەرىپىدىن يالغانغا چىقىرىلسا، بۇ ھېكايىمىز گۇمان قوزغايدۇكى، قارشى تەرەپنى قانائەتلەندۇرمەيدۇ.

— كۇچاردىكى ئەخمەد بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟

— كىممۇ، ئەخمەد دېگەن؟

ئەمما بۇ گەپ ئاقمايدۇ. چۈنكى سىزدىن تېپىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە سىزنى يالغانچى قىلىدىغان دەلىللەر بار: رەسىم، يېزىشقان خەت،...

— بەشىنچى ئاينىڭ ئىككىسىدە كۇچاغا بېرىپ كىم بىلەن كۆرۈشتۈڭ؟

ــ بارمىدىم.

بۇمۇ ئاقمايدۇ. يېڭىكىزدىن چىققان نەرسىلەر ئىچىدە شۇ ۋاقىتتىكى ئاپتوۋۇز بېلىتىنىڭ بىر پارچىسى بار!

بۇنداق گۇمانلىق نەرسىلەر ئارقىلىق تەرتىپلەنگەن سوئاللار ئەسلىدە گۇمان بىلەن، چېكىپ بېقىش مەخسىتىدە سورىلىشى مۇمكىن. كوچاغا بارغىنىڭىزلا بىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، نېمە ئىش بىلەن، كىمگە يولۇقۇش ئۈچۈن، دېگەندەك تەرەپلىرىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. تەجرىبىسىز بولسىڭىز «ھەممە ئىشىمنى بىلىپ بولۇپتۇ» دەپ چۆچۈپ كېتىپ، روھىي جەھەتتىن بوشىشىپ كېتىسىز-دە، پىسخىك كۆزىتىشتە گۇمانلىق يىپ ئۈچى بېرىپ قويىسىز. ئېسىڭىزدە بېلەتنىڭ ئارقىسىغا يېزىلغان بىر سان بولغان بولسا، شۇنىڭغا ئۈيغۇن بىر شەرھى توقۇشىڭىز مۇمكىن:

ــ ھە، مەن كوچاغا بارمىدىم، بىر كۈنى بىر ھېساپ يېزىشقا توغرا كېلىپ، يېنىمدا قەغەز يوق، يەردە تۇرغان بىر قەغەزنى ئېلىپلا ئارقىسىغا يېزىپ قويغانتىم، قارىسام شۇ بېلەتتەك تۇراتتى، شۇنى دېمەكچى بولساڭلار كېرەك... ــ دېگەندەك بىر شەكىلدە يىپ ئۈچىنى ئېنىقلىيالايدىغان، زىت كەلمەيدىغان، گۇمان قىلغۇچى تامامەن ئىشەنمىسىمۇ بىر ئاز ئىككىلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان بىر «ھېكايە» بىلەن بۇ يىپ ئۈچىنى ئەھمىيەتسىز قىلىشقا بولىدۇ.

يېنىڭىزدىن مەلۇم مېھمانخانىنىڭ تالونى چىقىشى مۇمكىن ياكى باشقا تۈرلۈك قەغەزلەر چىقىشى مۇمكىن. ئادەتتە بۇنداق تالون ياكى باشقا تۈرلۈك قەغەزلەردە جىنايەتنىڭ ئىزى بولۇشى تەسەۋۋۇر قىلىنمىسىمۇ، تۇتۇلغان بىرسىنىڭ يېنىدىن تېپىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قىممەتلىك يىپ ئۈچى، ھەتتا دەلىل بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغاچقا، ھېچقاچان ئېتىۋارسىز قارالمايدۇ.

ھېكايىڭىز بۇ تېپىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاددىي، نورمال، راۋان بولۇشى كېرەككى، كوچاردىكى ئىشىڭىزنى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلاندۇرىدۇ، تالونغىمۇ جاۋاپ بېرىدۇ... ھېكايە يېنىڭىزدىن تېپىلغانلارغا زىت كەلگەن ئەھۋالدا گۇماننى كۈچەيتىۋېتىدۇ.

شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، يېنىڭىزدا، ئۆيىڭىزدە، ئومۇمەن ياشاۋاتقان مۇھىتىڭىزدا رەسىم، خەتچەك، ... دېگەندەك تۇتۇلۇپ قالغان تەقدىردە جاۋاپ بەرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ بولماسلىقىغا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك. ھەر دايىم كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇش، ھەر زامان تازىلاپ تۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ بىللە «ئىش» قىلىدىغان سەبداشلار بىلەن بىرلىكتە رەسىمگە چۈشۈش، خەتچەكلىرىنى ساقلاش ئالاھىدە خەتەرلىك. شۇنداقلا ئەگەر يالغان ئىسىم قوللىنىۋاتقان بولسىڭىز، ئىسمىڭىزغا ئىنتايىن كۆنۈك بولۇشىڭىز كېرەك. تۇيۇقسىز ئەسلى ئىسمىڭىزنىڭ چاقىرىلىشىغا «ھە» دەپ قالماسلىق؛ شۇنداقلا ساختا ئىسمىڭىزنىڭ چاقىرىلىشىغا دىققەتسىز قالماسلىقىڭىز شەرت.

ھېكايە توقۇش يەنە سوراق ئۈچۈنلا ئەمەس، ۋەزىپە ئېھتىياجى، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا، مۇئامىلىدە ۋەزىپىگە ئۇيغۇن ۋەزىيەت يارىتىشقا قىستىغاندا، جەمىيەتتىكى كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈپ، دوستلىشىش ياكى ۋەزىپىڭىزنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن مەلۇم ئۈنۈم قازىنىشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن. بۇ چاغدىمۇ ناھايىتى ئۇستۇلۇق بىلەن تېز ۋە قۇسۇرسىز بىر ھايات ھېكايىڭىز (پۈتۈن ھاياتىڭىزنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ناتايىن، شۇ سائەت، شۇ مىنۇتتىكى ۋەزىيىتىڭىزنىلا ئاڭلىتىدىغان قىسقا ھېكايە بولۇشىمۇ مۇمكىن) تەييار بولۇشى كېرەك.

بىر جاسۇسلۇق مەكتىپى ئۈچۈن ئېلىنغان ئەمەلىي ئىمتاھاندىن كىچىككىنە مىسال:

«... ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى ماڭا بۇرۇلۇپ شۇنداق دېدى: ‹ئۈچىنچى قەۋەتتىكى بالكوننى كۆرۈۋاتامسەن؟ ھازىر بۇ يەردە تۇرۇپ ئۈچ مىنۇت ئويلىنىۋېلىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن. ئاندىن ئالتە مىنۇت ئىچىدە ئۇ بىناغا كىرىپ، ئۆي ئىگىسى ياكى ئىجارە ئولتۇرغۇچى بىلەن بىللە بالكونغا چىقىسەن، قولۇڭدا بىر ئىستاكان سۇ بولۇشى كېرەك.›

«ئەمدى قورقۇشقا باشلىدىم. يېنىمىزدا كىملىك كارتىمىز يوقىدى ۋە ئىسرائىلىيەدە كىملىكسىز يۈرۈش جىنايەت ھېسابلىناتتى. نېمىلىكى بولمىسۇن پەقەت ساختا ئىسمىمىزنى ئىشلىتىشىمىزنى ئېيتىشقانىدى.

ئىسرائىلىيەدە قەغەزلىرىڭىز بولماستىن يۈرەلمەيسىز. ئەگەر بېشىمىزغا ئىش كېلىپ، ساقچىغا تۇتۇلۇپ قالساق، ئۇلارغىمۇ ساختا ھېكايىمىزنى سۆزلىشىمىز كېرەك ئىدى.

«شۇ ھالدا نېمە قىلىشىم كېرەك؟ بىرىنچى مەسىلەم، ماڭا كۆرسىتىلگەن بالكوننىڭ قايسى ئۆيگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋېلىش ئىدى. بىر ئۆمۈرچىلىك ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ئوقۇتقۇچىغا تەييار ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم.

— تۇپكى ئىشىڭنى دىتلىۋالدىڭمۇ؟ نېمىچى سەن؟

— فىلىم ئالغۇچىمەن، — دېدىم.

«گەرچە ئىختىيارسىز تەرزدە (ياسىما ھازىرلانمىغاندەك) ھەركەت قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىشسىمۇ، يەنىلا ھەر بىرىمىزنىڭ بىر ئاساسلىق ھەركەت پىلانى بولۇشى كېرەك ئىدى.....

«مەزمۇت قەدەملەر بىلەن بىناغا قاراپ كەتتىم. قەۋەتلەرنى ساناپ بەلگىلەنگەن ئۆي ئالدىغا چىقتىم. ئىشىكنى 65 ياشلاردىكى بىر ئايال ئاچتى.

—مەرھابا، — دېدىم ئىبرانچە، — ئىسمىم سىمون. قاتناش مىنىستىرلىقىدىن. خەۋىرىڭىز بار، بۇ دوقمۇشتا قاتناش ھادىسىسى كۆپ بولۇدۇ، — تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن جىددەك تۇردۇم.

— ئەلۋەتتە بىلىمەن، — دېدى ئۇ (ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ ماشىنا ھەيدەشلىرى دىققەتكە ئېلىنسا، ھەر دوقمۇشتىلا قازا بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى. شۇڭا مېنىڭ دېگەنلىرىم ئىشەنچلىك ئېھتىماللىق ئىدى) .

— مۇمكىن بولسا، بالكونىڭىزنى ئىجارىگە ئېلىشنى خالايمىز.

— بالكونۇمنى ئىجارىگە ئالامسىلەر؟

— شۇنداق، بۇ دوقمۇشتىكى قاتناشنى فىلىمگە ئالماقچىمىز. ئادەم تۇرمايدۇ. پەقەت بالكونىڭىزغا بىر كامېرا ئورنۇتۇپ قويىمىز. بالكونىڭىزدىن قاراپ باقسام بولامدۇ؟ ئەگەر مۇۋاپىق كەلسە، ئايدا 500 پوند سىزگە بېتەرلىكمۇ قانداق؟

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — دېدى ئۇ مېنى بالكونغا باشلىغاچ.

— ئۇھ ئەپۇ قىلغايسىز، سىزنى بىئارام قىلىشنى خالىمايتىم، ئەمما بىر ئىستاكان سۇ بەرسىڭىزكەن، بۈگۈن ھاۋا نېمانداق ئىسسىق.

«بىر ئازدىن كېيىن ئىككىمىز يانمۇ ـ يان تۇرۇپ، بالكوندىن تۆۋەنگە قارىماقتا ئىدۇق.

«ئۆزەمنى ناھايىتى ياخشى ھېس قىلاتتىم. ئۇلارنىڭ بىزنى تاماشا قىلىۋاتقىنىنى كۆردۈم. ئايال بېشىنى بىرياققا بۇرىغان پۇرسەتتە قولۇمدىكى ئىستاكاننى ئۇلارغا قارىتىپ كۆتۈرۈپ قويدۇم. ئايالنىڭ ئىسمىنى ۋە تېلېپون نومۇرىنى يېزىۋالدىم. بىرقانچە يەرگە قاراپ بېقىشىمىز كېرەكلىكىنى، ئەگەر ئۇنىڭ بالكونغا قارار قىلىپ قالساق ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ خوشلاشتىم.

«تۆۋەنگە چۈشكىنىمدە ئوقۇغۇچىلاردىن يەنە بىرىمۇ ۋەزىپىگە ئەۋەتىلگەن ئىدى. بىر ئاپتوماتىك بانكىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ماشىنىدىن پۇل ئېلىۋاتقان نا تونۇش ئادەمدىن 10 دوللار سوراپ ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ كىشىگە ئايالىنىڭ دوختۇرخانىدا تۇغۇت ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى، يېنىدا پەقەت پۇل قالمىغانلىقىنى، شۇئاندا دەرھال بىر تاكسى بىلەن دوختۇرخانىغا بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپتۇ. يات كىشىنىڭ ئىسمىنى ۋە ئادرېسىنى يېزىۋېلىپ، پۇلنى ئەۋەتىشكە ۋەدە قىپتۇ. پۇلنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ئالالىغان ئىدى.

«گورۇپپىمىزدىكى ئۈچۈنچى ئوقۇغۇچى ئۇ قەدەر تەلەيلىك چىقمىدى. بىر باشقا بىنانىڭ بالكونغا چىقىشى كېرەك ئىدى؛ ئاۋال تېلېۋىزىيە ئانتېنناسىنى تەكشۈرگەن بولۇپ ئۆگزىگە چىقتى. ئەپسۇسكى، بەلگىلەنگەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، ھېكايىسىنى ئاڭلىتىشقا باشلىغان ھامان، ئۆي ئىگىسى ئانتېننا شىركىتىدە ئىشلەيدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۆي ئىگىسى ساقچى چاقىرماقچى بولۇشى بىلەن، بىچارە قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.»

## مەخپىي يەر:

مەخپىي يەر ــ يەر ئاستى خىزمىتى قىلىدىغانلار ھەرقاچان ئېھتىياجلىق بولغان، ئەڭ موھىم ھۆججەتلىرىنى ياكى باشقا تۈرلۈك ئېيتقاندا، تۇتۇلۇپ قالسا ئۆزى ئۈچۈن بالا بولۇدىغان ئەڭ چوڭ «جىنايى پاكىت»نى يوشۇرۇپ قويۇدىغان يەر دېمەكتۇر. مەيلى دائىمىي ئولتۇرۇشلۇق ئادرېستا بولسۇن، ياكى ۋاقىتلىق تۇرالغۇدا بولسۇن، شۇ ئۆيگە جايلاشقان ھامان بىرىنچى بولۇپ ئويلۇنۇلۇدىغان ۋە ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەيئىدۇر.

تۇيۇقسىز ئىشىك ئۇرۇلدى، كەلگۈچىلەر سىزنىڭكىلەر ئەمەسلىكى ئېنىق، دەرھال ئىشىكنى ئاچمىسىڭىز گۇمان كۈچىيىدۇ ۋە كەلگۈسىدىكى سوراقتا جاۋاپ بەرمىكىڭىز تەس بولغان بىر سوئال كۆپىيىدۇ. مانا شۇنداق جىددىي ئەھۋالدا بىرىنچى قىلىدىغان ئىش، ئىشىك چەككۈچىگە جاۋاپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەڭ موھىم ھۆججەتنى ئالدىن ھازىرلاپ قويۇلغان، ئاسان قول يەتكۈزگىلى بولۇدىغان، ئەمما باشقىلارنىڭ ئەقلىگە ئاسانلىقچە كەلمەيدىغان ئاشۇ مەخپىي يەرگە تىقىۋېتىسىز. بۇ ھېچ بولمىسا سىزگە يۈكلىنىدىغان «گۇناھ»نى يېرىم ئازايتىشقا يارايدۇ.

بۇندىن باشقا، دائىم ئىشلىتىلمەيدىغان، ياكى ئۇزۇن مۇددەت بىخەتەر بىر يەردە ساقلاشقا تېگىشلىك بىر نەرسىڭىز بولغاندا بۇنداق نەرسىنى ئەڭ ياخشىسى ئۆيىڭىزدىلا ئەمەس، بېغىڭىزدىمۇ، سىزگە تەۋە ئېتىزلىقتىمۇ ساقلىماڭ. بۇنداق نەرسە كۆپكە تەۋە مەلۇم يەردە، ياكى تېپىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ گۇمانغا قېلىش ئېھتىمالى بولمىغان تۈل خوتۇن، قېرى، ئاجىز، يالغۇز بوۋايلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى بىر يەردە يوشۇرۇلسا ياخشى.

## «خەت ساندۇقى»:

«خەت ساندۇقى» ــ ئەمەلىيەتتە يەنە بىر تۈردىكى مەخپىي جاي بولۇپ، بۇ نورمالدا ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇمۇ ئەڭ ياخشىسى ئاممىۋى سورۇنلاردا، جامائەت مۇئەسسەسەلىرىدە، ئادەم كۆپ بولۇدۇغان يەرلەردە بولسا «ساندۇق»قا خەت تاشلاشمۇ، خەتنى ئېلىشمۇ دىققەت قوزغىمايدۇ. ئەگەر خىلۋەت جايلاردا تىمىسقىلاپ يۈرگەندە ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ دىققەت قىلىپ

قېلىشى مۇمكىن.

مەسىلەن: باغچىلاردا ئۆرۈندۇقلارنىڭ ئارقىسى، سۇنئىي تاغلارنىڭ يېرىقلىرى، ئەخلەت ساندۇقىنىڭ ئاستى ياكى ھەرقانداق بىر نەرسە قىستۇرۇشقا يارايدىغان يوچۇق، قىسىلچاقلىرى؛ كوچا ئاپتوۋۇز بېكەتلىرى،...

يەر ئاستى خىزمىتىدىكى بۇنداق «خەت ساندۇقلىرى» ئۈچۈر يەتكۈزۈش، بۇيرۇق يەتكۈزۈشتە ئالاقىچى بىلەن ئوبيېكتنىڭ بىۋاستە ئۇچراشماسلىقى ئۈچۈندۇر. يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرى بىر بىرىنى قانچە كۆپ بىلسە، خەتەرلىك شۇنچە چوڭ بولىدۇ. چۈنكى، تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىنكى سوراقلاردىن كىنولاردىكىدەك قەھرىمانلىق بىلەن قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. ھازىرقى «زۇۋانغا كەلتۈرۈش» مېتودلىرى ناھايىتى ئىلگىرىلەپ كەتكەننى دېمىگەندىمۇ، خىتاينىڭ ۋەھشىيلىكى نۇقتىسىدىن، بىلگىنىڭنىڭ كۆپ بولۇشى ھامان پايدىسىز. شۇڭا مۇمكىن قەدەر كۆپرەك سىر بىلىۋېلىشقا تىرىشماسلىق؛ كۆپ ئادەم بىلەن تونۇشۇشقا ئۇرۇنماسلىق، مەخپىيەتلىك نۇقتىسىدىن پايدىلىقتۇر. «خەت ساندۇقى» مانا شۇ ئېھتىياج ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، خەتنى قويغۇچى تۇتۇلۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، كىمنىڭ تاپشۇرۇپ ئالىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، يىپ ئۈزۈلىدۇ.

شەرقىي گېرمانىيە جاسۇسلىرىنىڭ غەربىي گېرمانىيەدىكى بىر كۆۋرۈكتە شۇنداق بىر «خەت ساندۇقى» بولغان: كۆۋرۈكنىڭ سانسىز بولتىلىرى ئىچىدىكى بىر بولتا جاسۇسلار تەرىپىدىن يەڭگۈشلىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەسلى بولتىنىڭ تاشقىي ئۆلچىمىگە ئوخشۇتۇپ ياسالغان، ئىچى نوكەش، سىرتىدىكى رەزبە تەتۈر (ئوڭغا تولغىسا بوشايدىغان) بولۇپ، بولتا چىقىرىلىپ، ئىچىدىكى نورىغا مەلۇمات قويۇلغاندىن كېيىن، يەنە ئەسلىدىكى ئورنىغا بۇرمىلاپ قويۇلاتتى. شەرقىي گېرمانىيە جاسۇسى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتەتتى.

# ئاخىرقى سۆز

بۇ ئاخىرقى سۆز — ئەمەلىيەتتە مۇراجەت دېسىمۇ بولۇدىغان بىر داشقايناق ماۋزۇ بولۇپ، بۇ يەردە بىر ئاز دەردىمنى ئېيتىپ، قورسۇقۇمنىمۇ بوشىتىۋېلىشىم مۇمكىن.

بۇ مەجمۇئە ھەققىدە كۆپ قېتىم ئۇقتۇرۇش قىلىش بىلەنلا قالماي، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرگە بىۋاستە ياكى تونۇشلار ئارقىلىق تېلېفۇن قىلىپ، ماقالە تەلەپ قىلىندى. ئاخىرقى نەتىجە كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك بولدى.

ماقالە بەرمەسلىك سەۋەپلىرى شۇلار بولۇشى مۇمكىن:

1. «قالپاققا چۈشلۈق قىرغىز يوق» دېگەندەك، ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىدىكى شەرەپلىك ئۇنۋانلىرى ياكى ئۇتتۇرىدا ئېغىزغا چىقىپ قالغان «چوڭ»لۇقلىرىغا قارىماي، قوساقتا ئۇماچىنىڭ تايىنى يوقلۇقى؛

2. پىت بازارلىرىدا ئىسىمسىز «ئوبزورلار»نى توختىماي يازغان بىلەن، ئۆز ئىسمىدا بىرەر ئىلمىي تەنقىدكە چامىسى يەتمىگەنلىكى؛

3. ھەقىقەتەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان بولسىمۇ، نىيەتنىڭ دۇرۇس بولماسلىقى؛

4. ئىلگىرىدىن دەپ كېلىۋاتقىنىمىدەك، مىللىي ئاجىزلىقلىرىمىزدىن بىرى، شەخسىي زىددىيەتنى مىللىي ئۆچمەنلىكتىن ئۈستۈن قويۇش خاھىشىمىزغا كۆرە، نېمە ئۈچۈندۇر ماڭا بولغان قوساق كۆپۈكى سەۋەبىدىن، بۇ «مېنىڭ خامىنىمغا» قېتىلغىلى ئۇنىماسلىقى؛

5. مىجەزىمىزدىكى غەلىتە «دىپلوماتچىلىق»نىڭ رول ئوينىشى بىلەن، بۇ «خامان»غا قېتىلسام، مەنمۇ پالانى- پالانىلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالماي («ياغلىققاپاق»نىڭ سېپىگە قوشۇلغاندەك تەسىر بېرىپ، مەنمۇ ياغلىققاپاق بولۇپ قالماي)دەپ ئەنسىرىگەنلىكى؛

6. بۇ ئىشنىڭ تەشەببۇسى، تەشكىللىنىشى ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئەمەس،

مېنىڭ تەرىپىمدىن بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، شەرەپىمنىڭ ھەممىسى ياكى تولۇق بېشى ماڭا بولۇپ كەتمەسلىكى، يەنى «كەتمەننى چاپسام مەن چاپسام، مەتقۇناخۇن كادىر بولدى» دېگەندەك بولۇپ قالماسلىقى؛

...

يەنە باشقا سەۋەبلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەلۋەتتە. ئەمما كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، بۇلارنىڭ ھېچبىرى چويلىدا توختىمايلا قالماي، «ۋەتەن، مىللەت» دەپ ھېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ يالغانغا چىقىرىدىغان پرىنسىپسىز سەۋەبلەردۇر. مانا بۇ سورۇنۇمدىن پايدىلىنىپ شۇنداق دېيىشكە ھەق قازاندىمكى، پەت بازارلىرىدا، غەيۋەت سورۇنلىرىدا، خىلۋەت بۇلۇڭلاردا،... ئومۇمەن، ئىسمى- شەرىپىڭىز بىلەن ئوتتۇرىغا چىقالماي، ئارقىدىن قىلىۋاتقان گەپلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئوسۇرۇق!

ماقالە ئەۋەتىشنى خالايدىغان، ئەمما خەۋەر تاپالماي قالغانلارنى نەزەردە تۇتۇپ، يەنە مۇراجەت قىلىمەن. ماقالە ئەۋەتكۈچىلەر قارشى ئېلىنىدۇ. ھەتتا ئىلگىرىكى جىلدلاردىكى ماقالىلارغا تەنقىد بولغان تەقدىردىمۇ.

ماقالىلار www.eynek.biz تور بېتىگە قويۇلسا، شۇ يەردىن تاللىنىدۇ. شۇنداقلا، نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئېلكىتاب (PDF) شەكلىدە ۋە WORD شەكلىدە مۇشۇ توربەتنىڭ «چۈشۈرمىلەر» بۆلۈمىگە قويۇلۇدۇ. كىتاب يېتىپ بارالمىغان جايلاردا كىتابلارنىڭ خالىغان نۇسقىسىغا بۇ يەردىن ئېرىشكىلى بولۇدۇ.

نەشىر قىلىنغان كىتابلار تور بازىرى ئارقىلىق سېتىلىدۇ: www.eynek.biz/Torbaziri/

# قوشۇمچە(2)

# شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك مەسىلىسى توغرىسىدا يۈزەكى مۇھاكىمە

10. نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئازادلىق ئارمىيە باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ سابىق سىياسىي كومىسسارى

ئۆتكەنكى نەچچە ئون يىلدا شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرى شىنجاڭدا يامان ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئەگەر ھازىرمۇ شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى بەك ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىلسە، شۈبھىسىزكى، ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ ئالدىغانلىق بولىدۇ. تازا ئىنچىكىلىك بىلەن كۈزىتىدىغان بولساق، 80 ـ، 90 ـ يىللار ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرى بەك ئەۋج ئالغان 20 يىل بولدى. بۇ ھال ھەم سىرتتىكى خەلقارا مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھەم دۆلەت ئىچىدىكى خاتا سىياسەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆتكەنكى جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا دائىر بىر قاتار فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى، مېنىڭ قارىشىمچە، بەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. بولۇپمۇ 80 ـ يىللاردىن كېيىنكى سىياسەتلىرى. بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىشى بۇنىڭ ياخشى ئىسپاتى بولالايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، مانا مۇشۇ فاڭجېن ـ سىياسەتلەر مىللىي زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى؛ شىنجاڭ مۇستەقىللىقى مەسىلىسىنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى.

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كېچىسى تولا يىغلايدىغان بالا، گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا قورقۇپ، يىغىسىدىن توختاپ قالاركەن. بۇنىڭدىن ۋاڭ جېننىڭ ھەيۋىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. ۋاڭ جېن ــ جوڭخۇا مىللىتىنىڭ يۈرەكلىك قەھرىمانى. ئۇ زوزوڭتاڭنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى

«ئەسكەرلەر بوز يەر ئېچىپ، چېگرا رايوننى ساقلاش» سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش قىسىملىرى (ئىش - قۇر قىسىملىرى) قۇردى. ئادەتتە پۇخرا، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەر بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان بۇ ئورگان شىنجاڭنىڭ بىرلىكى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. «چاقىرغاندا كېلەلەيدىغان، جەڭ قىلغاندا غەلىبە قىلالايدىغان» مىليون كىشىلىك بۇ قوشۇن دۆلەتتىن بىر تال ئاشلىق تەلەپ قىلمىدى. ۋاڭ جېن شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرگە زور كۈچ بىلەن زەربە بېرىپ، شىنجاڭنى نەچچە ئون يىل تېنچ ساقلىدى. لېكىن ۋاڭ جېنمۇ سەل رەھىمسىزلىك قىلدى: يەنى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ۋاڭ جېن ئارمىيىنى يېزىلارنى قورشاشقا بۇيرۇپ، ئازادلىق ئارمىيىنى ئۆلتۈرگەنلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە، تاپشۇرۇپ بەرمىسە شۇ مەھەللىدىكى ئەرلەردىن بىر ئەسكەر ئۈچۈن بەشنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئەگەر راست شۇنداق ئىش بولغان بولسا ھەقىقەتەن سەل قانخورلۇق قىلغان. لېكىن ئىنچىكە ئويلانغاندا بۇنىڭمۇ داۋلىسى بولۇپ، جوڭخۇانىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولغان. چۈنكى ھۆكۈمەتنىڭ رەھىمدىللىك قىلىشى، يۇمشاق قول بولىشى بىلەن بۆلگۈنچىلەر كۆز قارىشىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار ھۆكۈمەتنى ئاجىز دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۇلار زورىيىپ كېتىپ، تاقابىل تۇرغىلى بولماي قالغان چاغدا، مۇنتىزىم ئارمىيە بىلەن مۇنتىزىم ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق جەڭ كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا دۈشمەنگە رەھىمدىللىك قىلىش ئۆزىگە زوراۋانلىق قىلىش بولۇپ قالىدۇ. لېكىن مەسىلە شۇ يەردىكى، شۇ چاغدىكى دۆلەت كۈچى تۈپەيلىدىن مەركەز شىنجاڭ رايونىغا بەك كۆپ يۇمشاقلىق قىلمىدى. زوراۋانلىقتىن قالغان داغنى ئۇز ۋاقىتىدا يوقىتالمىدى. كىشىلەرنىڭ قەلبىگە چېچىلغان بۇ ئۆچمەنلىك ئۇرۇقى 80- يىللاردا بىخلاپ چىقتى. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ماۋزېدوڭ دەۋرى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئەڭ تېنچ، مىللىي زىددىيەت ئەڭ پەسەيگەن دەۋر بولدى، شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىمىز بۇ ھەقتە ئورتاق ھىسسىياتقا ئىگە ئىدى. خۇياۋباڭ دەۋرىگە كەلگەندە سوبىكتىپچىلىق چوڭ خاتالىقى سادىر قىلىندى. يەنى «شىنجاڭ، شىزاڭ توغرىسىدىكى ئالتە ماددا» چىقىرىلدى. بۇنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى مۇنداق بولدى:

1. تولۇق ئاپتونومىيە بولۇش؛

2. تەربىيىلىنىپ، ھاللىنىۋېلىش؛

3. ئاپتونوم رايون ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان جانلىق سىياسەت قوللىنىپ، ئاپتونوم رايون ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛

4. ناھايىتى كۆپ خىراجەت ياردەم قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا سەرپ قىلىش؛

5. ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛

6. شىنجاڭغا، شىزاڭغا بارغان كادىرلارنى تۈركۈمگە، مۇددەتكە بۆلۈپ ئىچكىرىسىگە يۆتكەپ كېتىش.

يۇقىرىقى ئالتە ماددىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەشنى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى نىسبىتىنى كۆپەيتىشنى، خىتاي كادىرلارنى بالدۇر پېنسىيىگە چىقىرىشنى، ياكى ئۇلارنىڭ ئىچكىرىسىگە يۆتكىلىپ كېتىشىگە ياردەم قىلىشنى قارار قىلدى.

خۇياۋباڭنىڭ قارىشىچە، سىياسەتتە شىنجاڭغا ئېتىۋار بېرىلسە، ئىگىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ئازسانلىق مىللەتلەرمۇ خىتايلارغا تەبىئىي مايىللىشىدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى تەبىئىي قوغدىلىدۇ. كىم بىلسۇن، ئۇيغۇرلار جوڭگونى ئۆزىنىڭ دۆلىتى دەپ قارىمىدى. غەرپنىڭ بىر مۇخبىرى مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلغان: دۆلەت بايرىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھەركۈنى چىقىرىپ بولۇپ يىغىۋېلىنىغان دۆلەت بايرىقىنى ئەكىرىپ دەسسىگەن! قانداق ئۆچمەنلىك مۇشۇنداق دەرىجىگە ئېلىپ بارىدۇ؟!

خۇياۋباڭ ئاساسلىقى مۇنداق بىر نەچچە جەھەتتە خاتالاشتى:

1. شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ھەقىقىي تايىنىشقا بولىدىغان كۈچ ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى خىتايلار ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت ئىتتىپاقلىشىش ئوبيېكتى بولىدىغانلىقىنى، كۈچىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولالمايدىغانلىقىنى بىلمىدى. شىنجاڭ توغرىسىدىكى ئالتە ماددىنىڭ بىرنەچچە ماددىسى خىتايلارنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزدى. مەسىلەن، 60 پىرسەنت سىياسىتى — ئىشچى قوبۇل قىلغاندا، ئالىي

مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا شىنجاڭلىقلار 60 پىرسەنتنى ئىگىلەش، رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە 1- قول باشلىق ئۇيغۇر بولۇش كېرەك، دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىكى خىتايلارنى 2-دەرىجىلىك پۇخرا ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا مۇقەررەر ھالدا ئاساسىي قاتلامنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت كىشىلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش پىلتىسىنى كۆمۈپ قويدى، ئۆز ئارا زىددىيەتنى ئىنتايىن كۆپەيتىۋەتتى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇ بولدىكى، بۇنداق سىياسەت ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا بولغان ياخشى تەسىراتىنى كۈچەيتەلمىدى. بولۇپمۇ 90- يىللاردىن كېيىن بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قىسقارتىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار قىيىنچىلىقتا قالدى. يۇقۇرىقى سىياسەت يەنە بىر يۈك بولۇپ قالدى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار بولدى. چۈنكى خىزمەتچىلەر ئىچىدە ئۇلارنىڭ نىسبىتى چوڭ، ساپاسى تۆۋەن ئىدى. ھەتتا ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدىغانلار 60 پىرسەنت بولۇش سىستىمىمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى بازارغا يۈزلىنىش ئارقىسىدا يۈك بولۇپ قالدى. بولغاندىمۇ بەك خەتەرلىك يۈك بولۇپ قالدى. ئۇلار مۇئەييەن بىلىم ئىگىلىدى، لېكىن خىزمەت تاپالماي جەمئىيەتتىن نارازى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ تارىختا ئۆتكەن ھەقانداق بىر مالىمانچىلىق، ھەرقانداق بىر تەشكىلنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۇچۇن بىلىملىك نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قاتنىشىشىغا توغرا كەلگەن. بىر توپ ساۋاتسىزلارغا تايىنىپ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ۋاھالەنكى، شىنجاڭدىكى ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەر ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئادەملەرنى تەربىيىلەۋاتىدۇ.

2. ئەمەلىيەتتە قانۇن، ئۇيغۇرلارغا كۈچىنى يوقاتتى. ئەگەر ھەقىقىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈلىدىغان بولسا، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈرمىگە كىرىدۇ. بۇ سۆز سەل چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىلگەن، مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ ئامانلىق ساقلىشىدىكى ئىلاجسىزلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن يالغان خاراكتېرلىق بەزى دېلولار، مەسىلەن، كاۋاپچىنى ئۆلتۈرىۋەتكەن قاتىلغا ئاران ئىككى يىللىق قاماق جازاسى بېرىش قاتارلىقلار خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئەگەر 60 پىرسەنتلىك سىياسەت ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە زىيان سالدى دېيىلسە،

ئامانلىق ساقلاش ئەھۋالىنىڭ بۇنداق ناچارلىشىشى ياشاش ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزدى. ئەگەر بولۇشىغا قويۇۋېتىلسە، كەڭ كۆلەملىك مىللىي قىرغىنچىلىقنى ۋە نوپۇسىنىڭ بىنورمال ئېشىشىنى ــ شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېقىشىنى پەيدا قىلىدۇ! ئوخشاشلا بۇنداق قانات ئاستىغا ئېلىشتىن ئۇيغۇرلار مىننەتدار بولامدۇ؟ ئۇلارنىڭ قارىشىچە، گۆشنى تۇتقان ئادەم گۆشنى ئالمىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك. ساقچىلاردا ئۇيغۇرلارنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بولۇدۇ، ئۇنداق قىلمىسا ئۆلتۈرۈش كېرەك. ئۇلار ئۆزىنىڭ قانۇن ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ھەرگىز ئويلىمايدۇ. بۇنداق بولىشىنى بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئۇلارغا ئادەتلەندۇرۇپ قويغان. ۋاھالەنكى، بۇنداق سىياسەت خىتىيلار ئارىسىدا قانداق تەسىر پەيدا قىلدى؟ ئەمدى يەنە بىر مىسالنى كۆرۈپ باقايلى:

1993- يىلى شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھرىدە قانلىق دىلو پەيدا بولدى. ئۇ دىلونى بۈگۈن ئويلىسىمۇ ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنىدۇ. شىنجاڭدىكى خىتايلار ھاياتىنىڭ پاخالچىلىكمۇ قەدرى بولمىغان. قەشقەر شەھرىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان خىتاي ئايال باغچىنىڭ ئالدىدا بىليارد تاختىسى قۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلغان. چۈشتە 14 ياشلىق سىڭلىسىنى ئېلىپ ئالىي مەكتەپتىن تەتىل قىلىپ كەلگەن قىز ئاپىسىنىڭ ئورنىدا بىليارد تاختىسىغا قاراپ تۇرغان. ئاپىسى تاماق يېگىلى كەتكەن. مانا شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئانا يېڭىلا ئالىي مەكتەپكە چىققان قىزىدىن ئايرىلىپ قالغان. قىزلارنىڭ ئاپىسى كەتكەندىن كېيىن، بىرنەچچە ئۇيغۇر بالا بىليارد ئوينىغىلى كەلگەن. بىليارد ئويناۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن ھېلىقى قىزنىڭ سىڭلىسىغا بىزەڭلىك قىلىشقا باشلىغان. قىز كۆكرەك كېرىپ چىقىپ سىڭلىسىنى قوغداپ، بىر ئېغىز ئاچچىق گەپ قىلىشىغا، كۆكرىكىگە خەنجەر تىقىلىپ، شۇ ھامان جان ئۈزگەن. قىزنىڭ سىڭلىسى قايغۇ ـ غەزەپ بىلەن قاتتىق يىغلاشقا باشلىغاندا، ھېلىقى ئۇيغۇر بالىسى بازار تەرەپكە كېتىپ قالغان. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بولۇپ، بىرەرسىمۇ ئۇنى توسىمىغان، ساقچىغىمۇ خەۋەر قىلمىغان. ئانا قايتىپ بۇ پاجىئەنى كۆرگەندىن كېيىن ساقچى چاقىرىپ كەلگەن. ساقچى ئەتراپتىكى ئادەملەردىن سورىغاندا بىرمۇ ئادەم جۈملىدىن بىليارد ئويناشقا بىللە كەلگەنلەرمۇ قاتىلنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتمىغان. ساقچىلار ئەتىسى قاتىلنى ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان كارۋىتىدىن

تۇتۇۋېلىپ، سوراق قىلغاندا، تونۈگۈن مەست بولۇپ قېلىپ، نېمە ئىش قىلىپ قويغىنىمنى بىلمەيمەن دېگەن. سوت قاتىلغا سەۋەنلىك بىلەن ئادەمنى زەخىملەندۈرگەن، دەپ ئىككى يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. جەمىيەتتە دەرھال غۇلغۇلا كۆتۈرۈلگەن. ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدىكىلەر جەسەتنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىمىز دېگەن. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەپ، نەپىقە بېرىشكە، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ، يۇمشاق، قاتتىق ۋاسىتىلارنى قوللىنىپ، ۋەقەنى تىنجىتقاندىن كېيىن بېسىپ قويغان.

3. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، بولۇپمۇ تىلنىڭ گۈللىنىشى. تىل — بىر مىللەتنىڭ جېنى. بىر مىللەتنى كۆڭۈلدىكىدەك كونترول قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى — ئۇلارنىڭ تىلىنى ئاستا - ئاستا يوقۇتۇشتىن ئىبارەت. خۇياۋباڭ سادىر قىلغان ئەڭ چوڭ خاتالىق شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىنى ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يول قويدى. 1980 - يىلى 10 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى مەسجىد - مەدرىسلەرنى ئېچىۋېتىش، قۇرئانى كەرىمنى قايتا نەشىر قىلىش قارار قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭ، نىڭشىيا، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى مەسجىد - مەدرىسلەر قايتىدىن ئېچىلدى. بۇزۇلغان مەسجىد - مەدرىسلەر، ئىبادەتخانىلار، دىنىي خارابىلىقلار رېمونت قىلىندى. يېزىلار، شەھەرلەردىكى دىنىي مەكتەپلەر يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك كۆپىيىپ، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن بالىلار دىنىي مەكتەپلەرگە كىرىپ دىن ئوقۇدى ۋە كونا يېزىقنى ئۆگەندى. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى خىتاي مەكتەپلىرىگە بەرمەي، بالىلارغا دىن ۋە كونا يېزىق ئۆگەتتى. دىنىي مەكتەپلەرگە بىر مەھەل بالىلار پاتماي قالدى. لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم خىتاي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچى ئازلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولۇدۇكى، شۇ چاغدىكى مەركىزىي كومىتېت، «ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئالدىدا، دىن بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ» دەپ قارىغان ئىدى. نەتىجە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. 30 يىل ئاتېئىزىم تەشۋىقاتى، ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنى جەلپ قىلىش كۈچى غايەت زور بولدى. تېخىمۇ ئەخمەقلىق شۇ بولدىكى، 1982 - يىلى 9- ئاينىڭ 13- كۈنى ئاپتونوم رايون قانۇن چىقىرىش شەكلى بىلەن ئۇيغۇرچە،

قازاقچە كونا يېزىقنى قوللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى جاكارلىدى. كونا يېزىق بىلەن خىتايچە پىنيىن بىر قاتارغا قويۇلۇپ، شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ماۋزېدوڭ دەۋرىدە باشلانغان يېزىق ئىسلاھاتى — شىنجاڭلىقلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى نابۇت قىلىندى!

ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش 1961- يىلى باشلانغان. بىر مەزگىل سىناپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى بىكار قىلىش، ئاپتونوم رايون ئىچىدە خىتايچە پىنيىن بويىچە ئىشلەنگەن يېڭى يېزىقنى قوللىنىش، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان دەسلىكلەرنى پۈتۈنلەي يېڭى يېزىق بىلەن چىقىرىش مەجبۇرىي بەلگىلەندى. مۇشۇنداق مەجبۇرىي يولغا قويۇلغان يېزىق ئىسلاھاتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئەنئەنىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولمايدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلار ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى تونۇمايدىغان، كونا يېزىقتىكى تارىخىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيالمايدىغان، كونا يېزىق بىلىدىغان چوڭلار يېڭى يېزىقنى بىلمەيدىغان بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈزۈك ھالەت كۆنسېرى ئېغىرلىشىپ، خىتايلىشىش بارغانسېرى ئومۇملاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كونا يېزىقى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئەنئەنىسىنى خاتىرىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ۋاستە، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئاشۇ سىياسەت داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش كۆپ ئاسان بولغان بولاتتى. شۇ چاغدىكى خىتاي بېكىنمىچىلىك ئىچىدە تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. خەلقارادىكى بېسىم نەزەرگە ئېلىنمىسىمۇ بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە خەلقارا بېسىم ئالدىدا ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىمىز. يېزىقنى ئىسلاھ قىلىدىغان بۇنداق ئىشنى ئەمدى قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەينى چاغدىكى مەركىزىي كومىتېت ساددىلىق قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ كونا يېزىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، ئۇيغۇرلارغا ياخشىچاق بولغىلى بولىدۇ، دەپ قاراپ، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپتى، يەنە كېيىنكىلەرگىمۇ زىيان سالدى. ئويلاپ باقايلى، ئۇيغۇرلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئۇيغۇرچە تەربىيە

ئالسا، ئالىي مەكتەپكە چىقىپ بىر يىل خىتايچە ئوقۇسا، ئاندىن كېيىن تۆرت يىل خىتاي تىلىدا كەسپىي دەرس ئوقۇسا، نېمە ئۆگۈنەلەيدۇ؟

4. ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ 1ـ قولى ئۇيغۇردىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىش ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستانچى كۈچلەرنىڭ غالجىرلاشقان ھەيۋىسىگە مەدەت بولدى. تارىختا شىنجاڭدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك نۇرغۇن ئۇيغۇر كادىرلار شەرقىي تۈركىستان پائالىيىتىگە قاتناشقان ياكى شەرقىي تۈركىستانچىلارنى ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن قوللىغان. نۇرغۇن چاغلاردا ئۇيغۇردىن بولغان 1ـ قول باشلىقنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئوق چىقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ، نۇرغۇن جەڭچىلەرنىڭ بىكاردىن ـ بىكار قۇربان بولغان (شىنجاڭدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە قاراڭ). ئاساسىي قاتلاملاردا ئۇيغۇر رەھبىرىي كادىرلار ئۇيغۇرلارغا مەخسەتلىك ياكى مەخسەتسىز يان باسسىلا، خىتايلارنىڭ ياشاش مۇھىتى بەك يامانلاشقان. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، خىتايلار بىر قەدەر سەۋرچان ۋە جاپاغا چىدامىلىق بولۇپ، جان باققۇدەك ئىمكانىيەت بولسىلا قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا كەڭ كۆلەملىك قانلىق توقۇنۇش ئاللىقاچان يۈز بەرگەن بولاتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھازىر چەتئەللەردىكى جامائەت پىكرىدە شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا گەپ بولسىلا، خۇياۋباڭنى ماختاپ، ۋاڭ جېننى كەمسىتىدىغان سۆزلەر بولىۋاتىدۇ. بۇ ئىككەيلەننىڭ سىياسىتى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدا ئوخشىمىغان ئۈنۈم بەردى ئەمەسمۇ؟ بۇ ھال مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟

## ئاھالە كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى دۇچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەر

بىرەر جاينى ئىدارە قىلىشتا بىرىنچىسى ئادەم. جۈملىدىن باشقۇرۇش تەبىقىسى ۋە باشقۇرغۇچىلار تايىنىدىغان ئاۋام تەبىقىسى، يەنى كۈچنىڭ مەنبەئەسى؛ ئىككىنچىسى، ماددىي ئاساس، يەنى كىشىلەرنىڭ ياشاش شارائىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئامىل بولۇدۇ.

بىرىنچى نۇقتىدا ئىككى ئۇسۇل بولۇدۇ: بىرىنچىدىن، يەرلىك ئاز سانلىق

مىللەتلەرگە تايىنىپ، يەرلىك مىللەتلەرنى يۆلەپ ۋە پارچىلاپ، خىتايلاردىن ئايرىلالمايدىغان قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. مىللەت باشقا بولغانىكەن، نىيىتىمۇ باشقا بولىدۇ. دۆلەت بىيىپ كۈچەيگەندە يەرلىك مىللەتلەرنى باقسا، ئۇلار دۆلەت دائىرىسى ئىچىدە تۇرۇشنى خالايدۇ. دۆلەت خاراپلاشقاندا ئۇلار مۇستەقىل بولۇپ، تېخىمۇ چوڭ مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشنى ئويلايدۇ. بۇنداق سېتىۋېلىش مەخسەت قىلىنغان «ئىبادەتخانا سېلىش» ۋە بېقىشلار بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە يەرلىك مىللەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلغىلى بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن كۆپلەپ كۆچمەن يۆتكەپ كېلىپ، خىتاي مىللىتىنىڭ نوپۇسىنى نوپۇسنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە يەرلىك مىللەتلەرنى تەدرىجىي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ بولۇش لازىم. بۇنى ئەمەلىيەتتە جاڭ زولىن شەرقىي شىمالدا قوللانغان — شەندوڭ قاتارلىق جايلاردىن شەرقىي شىمالغا ھەركۈنى نەچچە يۈزلىگەن يۆتكىگەن. بۇ — يېقىنقى زاماندا شەرقىي شىمالنىڭ بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكىدىكى ئەڭ ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىش - قۇر قىسىملىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدىمۇ ئاساسلىقى مۇشۇ تەپەككۇر نەزەرگە ئېلىنغان. شىنجاڭ ئىش - قۇر قىسىملىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا قاراپ باقايلى:

ئىش - قۇر قىسىملىرى تەۋەلىكىدە 13 يېزائىگىلىك دېۋىزىيىسى، بىر قۇرۇلۇش دېۋىزىيىسى، 174 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە نۇرغۇن سانائەت قاتناش، بىناكارلىق، سودا كارخانىلىرى بار. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىش - قۇر قىسىملىرىغا قاراشلىق ئومۇمىي نوپۇس ئىككى مىليون 427 مىڭ 900 كىشى، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 703 مىڭ 700 كىشى بولدى. ئىش - قۇر قىسىملىرىغا قاراشلىق ئورۇنلار شىنجاڭدىكى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە تارقىلىپ، ھەربىر رايونغا قورۇق بولۇپ قېقىلىپ، شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى تۈزۈپ تۇرىدىغان كۈچنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى قىلىندى.

لېكىن كۆچمەن كۆچۈرۈش سىياسىتى شىنجاڭدا رېئال مەسىلىگە دۇچ كەلدى. بىرىنچىدىن، ماددىي ئاساس، ئەڭ موھىمى سۇ مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. سۇ بولمىسا ئادەم ياشىيالمايدۇ.شىنجاڭدىكى ھۆل - يېغىن ئاساسلىقى ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ غەربىي شىمال ئېقىمىدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ سوغۇق ھاۋا ئېقىمىدىن كېلىدۇ. تېنچ ئوكيان ۋە

ھىندى ئوكيانىنىڭ پەسىللىك شامىلى شىنجاڭغا كىرەلمەيدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 145 مىللىمېتىر بولۇپ، جوڭگونىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى (630م م)نىڭ 23%ىگە توغرا كېلىدۇ. يەر شارىنىڭ ئوخشاش كەڭلىكىدىكى رايونلار ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ئەڭ ئاز. ھۆل - يېغىنىنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى مۇنداق: ھۆل - يېغىن شىمالىي شىنجاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكىدىن كۆپ، غەربىي قىسىمدا شەرقىي قىسىمدىكىدىن كۆپ، تاغلىق جايلاردا تۈزلەڭلىكتىكىدىن كۆپ، ئويمانلىقنىڭ چۆرىسىدە ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىدىن كۆپ، شامال تېگىدىغان يانتۇلۇقلاردا شامال تەگمەيدىغان يانتۇلۇقلاردىكىدىن كۆپ. بۇ ھال شىنجاڭنىڭ قۇرغاق كېلىماتىنى بەلگىلىگەن. شىنجاڭنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ بولسىمۇ، كۆپىنچە يەرلەر قۇملۇق — چۆل. شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى 95% نوپۇس شىنجاڭ يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچ پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان بوستانلىقلارغا توپلانغان. بوستانلىق رايونلاردا نوپۇسنىڭ زىچلىقى بىر كۋادرات كىلومېتىرغا 200 ئادەم بولغان، بەزى جايلاردا 500 ئادەمگە يېتىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ نوپۇس زىچلىقىغا يېقىنلاشقان. ئەگەر يېڭى سۇ مەنبەسى بولمىسا، كۆچمەن يۆتكەش بوشلۇقى قالمايدۇ. شۇڭا باشقىچە ئاھالە كۆچۈرۈش شەكلىنى قوللىنىشىمىزغا، يەنى ئىچكىرى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان شىنجاڭلىقلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قالدۇرۇپ، 2-ئەۋلادىنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلغىلى، ھەم ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا يېڭى كۈچ سۈپىتىدە قوشۇلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، نوپۇسنىڭ قايتىپ كېتىش مەسىلىسى. نوپۇسنىڭ قايتىپ كېتىشى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى، ئامانلىق ئەھۋالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۆتكەن 20 يىلدا شىنجاڭدىن 200مىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىسى كېتىپ قالغان. بۇ، دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلغانلىقىنىڭ تەسىرى. لېكىن بۇنىڭدىن پەيدا بولغان مەسىلىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. غەربىي رايوندا ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشمەيدۇ. كېتىپ قالغان بۇ ئادەملەر ھۆكۈمران تەبىقە تايىنىدىغان ئوبيېكتلار ئىدى. ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ بۇنداق كېتىپ قېلىشى ھۆۋمران تەبىقىنىڭ

كـۆچىنى بىۋاسـىتە ئاجىزلاشـتۇردى. ئەمەلىيەتـتە ئىختىسـاس ئىگىلىرىنىـڭ كېتىپ قېلىشى بىلەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئاستىلاپ كېتىدۇ. كېتىپ قالغانلارنىـڭ ئۇلگە كۆرسـىتىش تەسـىرى ئىختىسـاس ئىگىلىرىنىـڭ تېخىمـۇ كۆپلەپ كېتىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يامان سۇپەتلىك دەۋر قىلىـش شـەكىللىنىدۇ. بـۇ ئەھـۋال تاشـقى كـۆچ بىـلەن چەكلىمىگـۈچە ــ مەسىلەن، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئاچمىغۇچە توختاپ قالمايدۇ.

هازىر زىيالىي ۋە تېخنىكلاردىن ئىبارەت ئىختىساس ئىگىلىرى ئىچكىرىگە قايتىـپ كېتىۋاتىـدۇ. بـۇ ئـانچە قورقۇنۇچلـۇق ئەمەس. قورقۇنۇچلـۇقى شـۇكى، كوسـوۋودىكى سـېربلار كەڭ كۆلەمـدە يوگسـلاۋىيىنىڭ ئىچكـىي رايونلىرىغـا كۆچكەندەك، ئـادەتتىكى خىتـاي پۇخرالار كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىسىگە قايتسا، جوڭگـونىڭ يامـان ئىـش بولـىدۇ، شـۇنداقلا سـوۋېت ئىتتىپاقىنىـڭ ئوتتـۇرا ئاسـىيادىن ئايرىلىـپ قېلىشـىدەك بىشـارەت بولىدۇ. ئەمەلىيەتـتە، جوڭگونىـڭ ئالاھىدە دۆلەت ئەھۋالى (مەسـىلەن نوپـۇس تـۈزىمى، ۋاقىتلىـق ئولتۇراقلىشـىش كىنىشكىسـى تـۈزۈمى) بولغاچقـا، بۇنـداق كۆچـۈش ۋاقىتىـنچە يـز بەرمەسـلىكى مۇمكىن. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان تىرورچىلىرىغا ئۇنۇملـۈك زەربە بېرىلمىسە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى يۇقىـرى كۆتۈرۈلمىسـە، نوپۇسـىنىڭ بۇنـداق ئىستىخىيىلىك كۆچۈشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

### 2. مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى

بىرىنچىـدىن، سـۇ مەنبەسـىنى كۆپەيتىـپ، سـۇنى تـېجەش. (بـۇ مەۋزۇ تېكىستى قىسقارتىۋېتىلدى)

... ئۇيغـۇرلار مـۇتلەق كـۆپ سـانلىقنى ئىگىلەيـدىغان ــ نىسـبىتى 50%تىـن ئېشىـپ كېتىدىغان رايون بەش بولۇپ، بۇ يەرلەرگە ئۇيغۇرلارنىـڭ 80% تىن كۆپرەكى مەركەزلەشكەن. بۇ بەش رايون: خوتەن ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، تۇرپان ۋىلايىتـى ۋە قىزىلسۇ قىرغىـز ئاپتونوم ئوبلاسـتىدىن ئىبارەت. جۈملىـدىن خـوتەن ۋە قەشـقەر شـەرقىي تۈركىسـتان تىرورچىلىرىنىـڭ ماكـانى. ئىسـرائىلىيىنىڭ ئۇسـۇلىنى قوللىنـۇپ، خىتـايلارنى كەڭ كۆلەمـدە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا كۆچۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش لازىم (ئادەم يوق يەرلەرگە

كۆچۈرۈش كېرەك. خىتايلار كېلىپ ئۇيغۇرلار ياشايدىغان بوشلۇقنى تارتىۋالدى، دەيدىغان تەسىراتنى بېرىپ قويماسلىق لازىم). شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۇ باشلاپ كېلىنگەنلىكتىن، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ ياخشىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، شەرقىي تۈركىستان تېرورچىلىرىنىڭ مەۋقۇت بولۇش بوشلۇقى چەكلىنىدۇ.

## 3. ھازىرقى باسقۇچتا ھۆكۈمەت قوللۇنىدىغان تاكتىكىلار

ھازىرقى شەرقىي تۈركىستان تېرورچى تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەركىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھۆكۈمەت تۆۋەندىكى تاكتىكىلارنى قوللۇنۇشقا بولۇدۇ:

ئا. تېرورلۇق ھەركەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. تېرورچىلار بايقىلىپ تەكشۈرۈلۈپ چىقىلغان ھامان قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆلتۈرۈش، خىلقارادىكى ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارىلىشىشىنى ھەرگىز نەزەرگە ئالماسلىق لازىم. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، تۇتۇلۇپ، جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن تېرورچىلار كۆپ ھاللاردا تېرورچى تەشكىلاتلارنىڭ تايانچىسى بولۇپ قالغان.

ئە. تېرورچى تەشكىلاتلارنىڭ مەبلەغ مەنبەسىنى، بولۇپمۇ دۆلەت ئىچىدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك.

ب. خەلقارالىق مۇداپىئە كۈرۈش لازىم. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر خەلقارادىكى كۈچلەرنىڭ قوللىشى بولمىسا شەرقىي تۈركىستان تېرورچى تەشكىلاتلىرى مەڭگۇ كېلىمات يارىتالمايدۇ. خەلقارادا جوڭگۇ ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا گېرتسىيە كوزىرى، سىپرۇس كوزىرى بار. تۈركىيىگە نىسبەتەن ساياھەت — ئىقتىساد كوزىرى، كوردلار كوزىرى بار. ئوتتۇرا شەرقتە سەئۇدىي ئەرەبىستانغا باشقۇرۇلۇدىغان بومبا كوزىرى بار؛ ئوتتۇرا ئاسىيادا يېقىندا قۇرۇلغان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى بۆلگۈنچىلەرگە تاقابىل تۇرىدىغان ئۆتكۈر قورال ھېساپلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، نەزەرنى شەرقىي تۈركىستان تېرورچىلىرىغىلا تىككەندە بەك يۈزەكىلىك بولۇپ قالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوراللىق كۈچى ھەقىقىي نىشان ھېساپلىنىدۇ.

پ. ئۇيغۇرلارنى تۇڭگان، موڭغۇل، قازاقلار ئارقىلىق تىزگىنلەش كېرەك.

ئەگەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس نىسبىتىنى تەھلىل قىلغاندا، شۇ نەرسە بولۇدۇكى، يېڭى جوڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى مەمۇرىي رايونلارنىڭ بۆلۈنۈشىدە بۇ پرىنسىپ ئەكس ئەتتۈرۈلدى. مەسىلەن، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى نوپۇس ئىچىدە موغۇللار ئاران 4.5%نى، ئۇيغۇرلار 34.3% نى ئىگىلەيدۇ. موغۇللارنىڭيەنە بىر ئاپتونوم ئوبلاستى بولغان بۆرتالادا موڭغۇللار نوپۇسىنىڭ 6.8%نى، ئۇيغۇرلار 16%نى ئىگىلەيدۇ. شەكسىزكى، بۇ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىلى رايونىدا ئۇيغۇرلارنى قازاقلارغا تايىنىش ئارقىلىق كونترول قىلىش كېرەك. ئەگەر تەبىئىي بايلىقنىڭ تارقىلىشىنى تەكشۈرگەندە بۇ پرىنسىپنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولۇدۇ.

ت. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئاشۇرۇپ شىنجاڭدىكى خەنزۇ كادىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش لازىم. بىرگە مەلۇمكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازى تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇدۇ. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتنى كونترول قىلىشى مەيلى ۋاستە جەھەتتىن ياكى ئۇنۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىنتايىن ناچار بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، كىچىك ئىشلار تۈپەيلىدىن زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

ج. شىنجاڭدىكى قانۇن - تۈزۈمنى ھەقىقىي يولغا قويۇپ، خىتايلار ئامىسىنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، كۆچمەنلەرگە ئىلھام بېرىش كېرەك. خىتايلار كۆچۈشنى خالىمايدۇ، دەپ قارىماسلىق لازىم. ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىكى پاختىنىڭ كۆپ قىسمىنى سىچۈەن دىھقانلىرى يىغىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئىنتايىن ئاز ھەق ئېلىپ، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ بولۇدۇ. ئەگەر مۇئەييەن ئېتىبار بېرىش سىياستى بېرىلسە، ئەينى يىللاردا شەندوڭلۇقلار شەنخەيگۈەننىڭ شەرقىدىكى جايلارغا بېسىپ كىرگەندەك دولقۇن چوقۇم شىنجاڭدا پەيدا بولۇدۇ.

## شىنجاڭ مەسىلىسى جوڭگو ھۆكۈمىتى دۇچكەلگەن ئەڭ چوڭ

## مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ

ئافغانىستان ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى ــ ئامېرىكىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ۋاستىسى (كوسوۋو ئەندىزىسى)نى ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، شىنجاڭ قولدىن كېتىپ قالسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەننى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىغا كىرگۈزۈپ، جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىمەن. شىنجاڭنى مەھكەم ئىگىلەپ ئېچىش بىزنىڭ نىشانىمىز، شۇنداقلا جوڭخۇانىڭ كەلگۈسى ھۆساپلىنىدۇ. شۇڭا مەركىزىي ھۆكۈمەتتە ئۇزۇن، ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك بىر يۈرۈش پىلان بولۇشى كېرەك. يىراقتىن قارىغاندا، ئاخىرقى نىشان ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش بولۇشى كېرەك. ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى يوقۇتۇش لازىم. تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى نەزەرگە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ:

1. خىتاي تىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قوغداپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلىتىش لازىم. بۇ، ئەمەلىيەتتە قىيىن ئىش ئەمەس. شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ئىچكىرىسى بىلەن ئالماشتۇرۇش كۆپەيسە، خىتاي تىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى مۇقەررەر كۈچىيىدۇ. خىتايلار يېتەكچى ئىقتىسادىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە كىچىكىدىن خىتايچە ـ ئۇيغۇرچە قوش تىللىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى خىتاي تىلى ئىشلىتىش (ياكى خىتايچىنى ياخشى ئۆگىنىشنى مۇكاپاتلاش شەرتى قىلىش) لازىم. ئىچكىرىسىدىكى كارخانىلار ۋە ھەر خىل فوندلارمۇ ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشۇش. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خىتايچە ئۆگىنىش مۇكاپات پۇلى قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك. بۇنى ھەش ـ پەش دېگۈچە قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇلسا ئەھمىيىتى چوڭ بولىدۇ.

2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، لېكىن خىتايلارنىڭ مەنپەئەتىنى

قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلماسلىق لازىم. يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك، خىتايلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىدىغان سىياسەت بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى قوغدىغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول باشلىق ئۇيغۇر بولۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بيۇكراتلىق ئەنئەنىسىدىكى جوڭگۇدا ئىنتايىن چوڭ نارازىلىق قوزغىدى. قانۇننى ھەقىقىي يولغا قويۇپ، دىكلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، خىتايلارنىڭ ئەمەلىيەتتىكى 2-دەرىجىلىك پۇخرالىق مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ كۆڭلىنى تېچلاندۇرۇش لازىم. ھازىر خىتايلارنىڭ ئىچكىرىسىگە كەتمەسلىكىدە نوپۇس تۈزۈمى موھىم سەۋەپ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. لېكىن دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نوپۇس تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەقىقەتەن خىتايلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىسىگە كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم. سۇ بايلىقى مول، ئېچىلمىغان يەرلەرگە كۆچمەن كۆچۈرۈش، خىتاي كۆچمەنلەرنى ئادەم يوق يەرلەرگە ئەۋەتىش ماكرو قاتلامدىن ئېيتقاندا يەرلىك مىللىي ئەزىمەتلەرنىڭ تەنقىد قىلىشىغا، قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. لېكىن يەرلىك مىللەت خەلقى بىلەن بىۋاستە ئۇچراشمىغاندا ۋە ئۆز ئارا چېقىلمىغاندا، ئۇلار بىلەن بايلىق تالاشمىغاندا، ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمىگەندە، بۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان توقۇنۇش ئاساسىي قاتلامغا يامراپ كەتمەيدۇ.

(ئاخىرى قىسقارتىۋېتىلدى)

# پايدىلانغان كىتاپلار


Texe Marrs: **“Illuminate _ Circle of Intrigue”**
**“Dark Majesty”**
Tomas Powers: **“İstihbarat Savaşları”**
Aydoğan Vatandaş: **“Armagedon Türkiye -İsrail Gizli Savaşı”**
Gültekin Avcı: **“İstihbarat Teknikleri”**
Nedret Ersanel: **“Siber İstihbarat”**
Adolf Hitler: “Kavgam”(«كۈرەشلىرىم»)
Mahir Kaynak: **“Maskeli Balo”**
İsa Tatlıcan: ***“Türkiye’de Masonların Gizli Tarihi”***
سەيمىل خانتىڭتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا يېڭى تەرتىبىنىڭ ئورنۇتۇلۇشى»
İhsan Dinç: **“Winston Churchill”**
ئەسئەت سۇلايمان: «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى.
Grıgory Petrov: “**Beyaz Zambaklar Ülkesinde _ Bir Ulusun Dirilişi**”
Efraim Halevy: “**Karanlıktaki Adam**”
“**Siyon Liderlerin Protokolleri”**
Mahir Kaynak, Ömer Lütfi Mete: “**Ergenekon**”
Mahir Kaynak: “**Istratejik Analizler**”
Mahir Kaynak, Ömer Lütfi Mete: “**Dünyayı kimler yönetiyor**”
Ali Çimen: **“Echelon**”
Ali Kuzu: “**MIT, Mossad, CIA, Gladio**”
Ahmet Davutoğlu: **“Stratejık Derinlik”**
نىككولو ماكياۋىللى: «ھۆكۈمرانلار دەستۇرى»

خۇاڭ جيېنخۇا : «گومينداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ سىياستى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى.

جاڭ جىجوڭ: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازات بولغانغا قەدەر»